21



AltunOq

# بۇلاق









# بولاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

8-يىل نەشرى

(ئومۇمىي 21-سان)

1987

AltunOq

# بۇلاق

بۇ سانىدا

## 1987 - يىل ئومۇمىي 21 - سان

---

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


دىۋانى ئەرشى ...................................... خوجا جاھان 1
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
سالىھى شېئىرلىرىدىن .................................. دوللا سالىھ 79
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر بۇلاق
تۆت نامە ........................................ قۇلئەلىم 108
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ ھاجى
شېئىرلار ........................................ موللا داۋۇت 116
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار رەھمى


شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


«نادىر ھېكايەتلەر» دىن ................................ نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى 130
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەخمۇت زەيىدى


مەشھۇر كلاسسىكلار


شائىر موللا سالىھ توغرىسىدا .............................. مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت 148


مەشھۇر ئەسەرلەر


شاھ كىتاب ............................... مۇھەممەتنۇرى ئوسمانوۋ، شائىسلام شامۇھەممەدوۋ 150


ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ئەبەيدۇللاخان (داستان) ........................................ 167

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللا مەجنۇن
ئىككى چۆچەك .......................... 175
توپلاپ رەتلىگۈچى: نۇر مۇھەممەت ئەزىزى
رىۋايەتلەر .......................... 179
نەشرگە تەييارلىغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى
بېيىت ـ قوشاقلار .......................... 186
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەرشىدىن تاتلىق
لاپلار .......................... 194
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت سادىق
چاغاتايچە لۇغەت .......................... 200
تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز.
خەتتات: تۇردى قادىر نازىرى.
كونچىكلار: سېمىيان ئادولفۇۋىچ مالت ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇپېيچىك.

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «مەشرەب شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىغا بېرىلگەن قىستۇرما سۈرەت.

1979 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان يۇقىرىقى كىتابچىدىن ئېلىندى.

2 ـ بېتىدە: «دىۋانى ئەرشى»، «دىۋانى قەلەندەر» قولىيازمىلىرىنىڭ ۋە سالىھى ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم بەتلەرنىڭ فوتو سۈرىتى.

3 ـ بېتىدە: «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىغا بېرىلگەن قىستۇرما سۈرەت.

1979 ـ يىلى ئىستانبولدا نەشر قىلىنغان «ئىسلام رەسسىملىرىدىن پارچىلار» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

4 ـ بېتىدە: XVIII ئەسىردىكى كىمخاب.

1959 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ھىندىستان بەدىئىي سەنئەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: نىجات مۇخلىس، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن




نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كلاسسىك مىراسلار ئۈستىدىكى ئىزدىنىش چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ خىل يۈزلىنىش نەتىجىسىدە دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلار ئارقا-ئارقىدىن نامايان بولۇپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنى، يۈكسەك بەدىئىي قىممىتى بىلەن مەدەنىيەت خەزىنىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىشقا باشلىدى. يېڭىدىن تېپىلغان «دىۋانى ئەرشى» ئەنە شۇ قىممەتلىك مىراسلارنىڭ بىرى.

«دىۋان» نىڭ ئاپتورى خوجا ياقۇپ بولۇپ، ئۇ تارىختا «خوجا جاھان» نامى بىلەن مەشھۇر. «ئەرشى» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر.

خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ھايات-پائالىيىتى توغرىلىق «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تارىخىي ھەممىدى»، «تارىخىي نادىرىيە»، «شەھنامەئى تۈركى» قاتارلىق مەنبەلەردە بەزى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. بۇ مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، خوجا جاھان «قارا تاغلىقلار» گۇرۇھىغا مەنسۇپ خوجا شۇئەيبنىڭ نەۋرىسى، دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىيىنىڭ 1685-يىلى خوجەندتە تۇغۇلدى. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپاق خوجا ھاكىمىيەتنى چاڭگىلغا كىرگۈزۈۋالغىنىدىن كېيىن، «قارا تاغلىقلار» غا قارىتا دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇش ئېلىپ باردى. شۇ مەزگىلدە خوجا جاھاننىڭ بوۋىسى خوجا شۇئەيب ئاپاق خوجىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قىرغىنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر قىسىم «قارا تاغلىقلار» بىلەن كەشمىر ئارقىلىق 1677-يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ كەتتى. ئوغلى دانىيال خوجەندتكە ئورۇنلاشتى. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندە خوجا جاھان دۇنياغا كەلدى.

خوجا جاھان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىي مەركەزلىرىدىن بولغان خوجەندت، يەركەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىدا كامالەتكە يېتىشىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدىن بولۇپ يېتىلدى. بۇخارا، سەمەرقەندت ئالىملىرى ۋە شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي، ئىلمىي مۇھاكىمىلىرىگە ئىشتىراك قىلىپ بەلگىلىك شۆھرەت قازاندى.

1690-يىلى يەركەن خانى ئارسلانخان (ئاقباشخان) نىڭ تەكلىپى بويىچە ئا-

تىسى دانىيال خوجا بىلەن بىللە يەركەنگە قايتىپ كەلدى.

1716 - يىلى سىۋانارابدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغارلار تەرىپىدىن يەركەن خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، خوجا جاھان ئاتىسى بىلەن بىللە ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ نازارىتى ئاستىدا 14 يىل تۇتقۇنلۇقتا ياشىدى.

1735 - يىلى دانىيال خوجا ۋاپات بولغىنىدىن كېيىن، خوجا جاھان تۇتقۇنلۇقتىن بوشىتىلدى ۋە پايتەخت يەركەندە 20 يىل دۆلەت ئەربابى سۈپىتى بىلەن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇردى. مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرىدە خوجا جاھان ھۆكۈم سۈرگەن چاغلارنى سۇلتان ھۈسەين بايقارا دەۋرىگە ئوخشىتىدۇ.

دەرھەقىقەت، شۇ دەۋردە سۇ ئىنشائاتى، قاتناش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتلەردىن ئۆز دەۋرىگە خاس بەلگىلىك تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. يەركەندە يېڭىدىن ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئېلىندى. قەشقەر - خوتەن تاشيولىنى بويلاپ كۆپلىگەن قۇدۇقلار قېزىلدى ۋە لەڭگەرلەر ياسالدى، بۇ ئارقىلىق قاتناش ئىشلىرى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇلدى. شۇنداقلا خوجا جاھانىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن يەركەندە «‹ئاق مەدرىسە› ناملىق بىر ئالىي ئوقۇش يۇرتى بىنا قىلىندى، بۇ ئوقۇش يۇرتى كېيىنچە ‹مەدرىسەئى خامۇش› دەپ ئاتالدى.» ①

خوجا جاھان ئەرشى ئۆز ئەتراپىغا خامۇش ئاخۇن ياركەندى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، خوجا سىدىق فۇتۇھى، مىرئابىددىن ئاخۇندى ... قاتارلىق ئالىم، شائىر، تەرجىمانلارنى توپلاپ ئەدەبىي مەجلىسلەرنى تەشكىل قىلدى. نەتىجىدە كۆپلىگەن دىۋان، غەزەلىيات ۋە داستانلار مەيدانغا چىقتى. خوجا جاھانىنىڭ بىۋاسىتە تەۋسىيەسى بىلەن خامۇش ئاخۇن ياركەندى تەرىپىدىن فىردەۋسىنىڭ مەشھۇر داستانى «شەھنامە» ئۇيغۇر تىلىغا نەسرىي يوسۇندا تەرجىمە قىلىندى. «سىيەرى شەرىف» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەرمۇ دەل شۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىيولوگىيە جەھەتتە سوپىزمنىڭ مۇتەئەسسىپ كۈچلىرىگە قارشى جىددىي كۈرەش ئېلىپ باردى.

خوجا جاھان ئەرشى 1756 - يىلى «ئاق تاغلىقلار» گۇرۇھىغا مەنسۇپ مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان بۇرھانىددىن خوجا تەرىپىدىن پۈتۈن ئەۋلادى بىلەن قوشۇپ قەتلى قىلىندى.

ئەرشىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قاچاندىن باشلانغانلىقى ۋە قانچىلىك ئەسەر قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس، ئۇنىڭ پەقەت «ئەرشى» تەخەللۇسىدىكى بىر قوليازما دىۋانى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. دىۋان خوتەننىڭ يىپەك قەغىزىگە خەتتى پارسى بىلەن ھەر بېتىگە 11 قۇردىن ئىككى قاتار قىلىپ ئىنتايىن چىرايلىق كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 132 بەت، فورماتى 12.5 × 21 س. م قوليازمىنىڭ ئاخىرىغا خوجا جاھانىنىڭ ئوغلى خوجا سىدىق فۇتۇھىنىڭ غەزەللىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ قوليازمىنىڭ قاچان، كىم

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرى — «تەزكىرەئى ئەزىزان»

تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئەينى ھالىتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ خېلى قەدىمىيلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

«دىۋان» نىڭ بۇ قولىيازما نۇسخىسىغا دىۋان تەرتىپى بويىچە ئەرشىنىڭ 90 غەزىلى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىدىن باشقا، دىۋان سەككىز رۇبائىي، بىر ساقىنامە، ئالتە مۇخەممەس، ئىككى مۇسەممەن ئۈچ مۇھەببەتنامە، بىر مۇستەھزادنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر خوجا جاھان ئەرشى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنى كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرىدا، ئەرۇز ۋەزنىنىڭ خىلمۇ-خىل بەھرلىرىدە ياراتقان ئىستېدادلىق شائىردۇر.

ئەرشىنىڭ ياراتقان شېئىرلىرى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەپەككۇرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى، ھېسسىياتىنىڭ بايلىقى، تىلىنىڭ راۋانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

خوجا جاھان ئەرشى جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى، «ئاق تاغلىق» لار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدىن ئىبارەت زىددىيەتلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ بىر تارىخىي شارائىتتا ياشىدى. ئەينى دەۋر جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل رېئاللىقلار ئەرشى دىۋانىدا ئەكس ئەتمەي قالمىدى.

ئەرشى ئىجادىيىتىدە مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە رېئالىست سۈپىتى بىلەنمۇ مەيدانغا چىقىپ، خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنگە مۇھەببەت، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، «ھىممەت ئەھلىنى تۇتقۇن قىلىپ، رەزىللەرنى ئازاد قىلغان زالىم، ۋاپاسىز تەتۈر زامان» دىن قاتتىق شىكايەت قىلىپ، ئەينى دەۋردىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شائىر يەنە «دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ئىچىدە خەلقىتىنىمۇ شەرەپلىك يەنە بىر مەۋجۇدىيەتنىڭ يوقلۇقى» دىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. شۇنداقلا دەۋر تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقان تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىمىنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ ۋە تەقۋادارلىق قىلىپ چىقىش يولى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەمدى باشقىچە يول تۇتۇش لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ. ئەپسۇسكى بۇرھانىددىن باشچىلىقىدىكى قارا كۈچلەر شائىرنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ تولۇق ئىشقا ئېشىشىغا يول بەرمىدى.

خوجا جاھان ئەرشى ئۇلۇغ سەنئەتكار ئەلىشىر ناۋائىينىڭ تراditsiيىسىنى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىزچىل جارى قىلىپ، ناۋائىيى مۇقامى بىلەن ناۋا چەككەن لىرىك شائىردۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ 30 - غەزىلىدە: «گويىيا يەر ئۆزرە گۈللار كۆرسەتۇر فەسلى رەبىئ، سەفھەدە ئەرشى ئاچىلدۇرمىش گۈلى ئەشئارلەر» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، باھار زېمىنىنى گۈل بىلەن بېزىسە، ئەرشى ئۆز دىۋانىنىڭ ھەر بىر سەھىپىسىدە شېئىرىيەتتىن ئاجايىپ چىرايلىق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ كەتكەن تالانتلىق شائىردۇر.

تۆۋەندە بىز شائىر قالدۇرۇپ كەتكەن شېئىرىي گۈلدەستىنى كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا ھاۋالە قىلىمىز.

1

ئەتلەئەت مىن جەبھەتۇسساقى تەجەللىيۇلھۇدا،
مۇرشىدى ئەھلى ھەقىقەت ۋەجھى ئەيلەر ئىقتىدا.
ئوخشاماس كەئىسخە شەمسى كەيفىكى فەيزى مەسبھ،
لامەكان سەير ئولغۇسى بۇ نەشئەدىن تاتغان گەدا.
غەم غۇبارى مەي خۇمارىدىن كۆڭۈل كۆزگۈسىدە،
ساقىيا، بىر جۇرئە تۇت ئانداغكى يوقتۇر غەمزەدا.
بادە زورىدىندۇر ئەل ئىچرە بەسى ئوتلۇغ فىغان،
يوقسە مەي گەر ئەرغەنۇن قاندىن چىكەر تۇرلۇك سەدا.
قەترە ـ قەترە يەرگە تۆككەچ جۇرئەسىن مەيخارەلەر،
بولسە يۈز جان ھەر بىرىنى بىرگە ئەيلەر يۈز فىدا.
ساقىيا، مەي تەشنەسى مەندىن بۆلەك كىمدۇر بۇدەم،
مەي تەمامىن مەندە سىپقار، مەندىن ئەتكىل ئىپتىدا.
زەر قىزى كەيفىيەتى سەندەكلەدىن مەستۇر دۇر،
بىلمەي ئەسرارىن نىچۈك نەفي قىلغۇڭ زاھىدا.
جامۇ مەي ئىسمىن جۇدا زىكر ئەيلەمەك مەرغۇب ئەمەس،
زىكرىنى ئەيلەر كىشى بىر ھەرف ئىلە قىلغاي ئەدا.
مەھۋ مۇتلەق بولسە ئانداغ بادە زورىدىن ئىرىپ،
قايدا قالسۇن بۇ كۆڭۈل جامىدا نەقشى مائەدا.
ئەرشىيا، مەي ئىچ دەما ـ دەم، قىلماغىل تەئخىركىم،
«ئەشرەبۇ يائەييۇھەلئەتشان» ① كىلۇر ھەردەم نىدا.

2

زىھى تاپىپ نىشان ئاندا، ئەمەس مەھرەم نىشان ئاندا،
سىغىپ ئانداكى سىغماس نۇكتەئى ھەرفى بەيان ئاندا.
ئاتاپ ئاتىنى ئىسيان ئەھلى كۆڭلى ئەرسەسىدەكىم،
يازۇقلار سەفلەرىن سىندۇرغالى ساھىبقىران ئاندا.
بۇ رەڭ خىلۋەتكى نې تاڭ بەلكى ئادەت بۇ دۇرۇر بولغاچ،
كى تالىب مىيزبان مەتلۇب بولغاي مىھمان ئاندا.
ھۇزۇرى غەيرىدىن گەرچە ھەرىمى قۇدس ئىرۇر فارىغ،
كى تۇفراق ئۆزگەدىن تاپماقغە بولدى پاسبان ئاندا.

① «ئەي تەشنالار، ئىچىڭلار!» دىگەن مەنىدە.

بۇ رەڭ بارماغلىقۇ كەلىەگلىك ئاڭلاپ تىشلەبان بارماغ،
تەجەللى جىلۋە قىلدى باربان خۇرشىدى سان ئاندا.
ۋۇجۇدى مەجمەئۇلبەھرەين رەھمەتىدىن تاپىپ تەركىب،
بىجىز لۇتفۇ شەفائەت ئىستەسەڭ يوق ھەر قايان ئاندا.
بەنى ياخۇد مەلەك فەرز ئەيلەدىم گەرچە مەكان تاپمىش،
زەمانى ئول مەكان تاپتى بىجىز ئول ھەر زەمان ئاندا.
ھەرىمكىم نە مىھر ئولغاي ئانىڭ يا ھەمدەمى ئەيسا،
يوق ئىرمىش جىلۋەئى جانانىدىن ئۆزگە ھىچ جان ئاندا.
ئەجايىب تۇھفە بۇ مىھمانغە چۇنكىم شەھ چىكىپ خۇشراق،
يوق ئىرمىش جۇز مەتائ فەقرىئى بەھرى ئەرمۇغان ئاندا.
مەكان گەر لامەكان ئىردى بەسى فەزلى شەرافەتىدىن،
يەقىن ئول نەۋئىكىم قەۋسەيندىن تاپتى مەكان ئاندا.
خىيالى ئانداۇر گەرچە ئۆزى دەئۋات ئولمىشكىم،
نې تاڭ ئىردى ئەگەر بولسە ئۆزى ھەم ھەر قاچان ئاندا.
يازۇقلارغە كى ئەفۋ ئىشكىن ئاچۇرماق ئىددىئاسىدىن،
لەۋايى مەرھەمەت باشقە چىكىپ شاھى جەھان ئاندا.
بۇ خىلۋەت بەزمىدە مەھجۇر بولماغلىق تەرىقىدە،
بەنى بولغاي ھەمان ئاندا، ۋەلى بولغاي ھەمان ئاندا.
تۇفۇسى قۇدسىلەر ئەۋجىگە يوق بىر زەررە كۇنجايىش،
ئەجەب ئولدۇركى، بۇ سۇرەت بىلە بولدى ئەيان ئاندا.
ئىلاھا، بارچە جۇرمىن ئەفۋ ئىتەردە ئول شەفىئ ئولغاچ،
فەرامۇش ئولماسۇن ئەرشى قۇلۇڭ ھەم ناگەھان ئاندا.

3

جۇنۇن تاراجىدىن مەندە نې جان، نې خانمان پەيدا،
نىشانى سورماغىل چۇنكىم ئەمەس نامۇ نىشان پەيدا.
كۆڭۈل يادىدا خۇرسەنددۇر، خىيالى بىرلە جان خۇشتۇر،
نە ھاجەت بولماسا ئول مەھ قاشىمدا ھەر زەمان پەيدا.
ھۇما گەر ئۇستىخانىم كۆرسە كىرپىك تارى دەپ باقماس،
قاچان ئالەمدە مۇنداغ ئىردى جىسمى ناتەۋان پەيدا.
رەۋاجى ھۇسن ئۆچۈن چىھرەمنى كاھى ئەيلەمىش ئەز بەس،
بولۇر گۇل ھۇسنى زاھىر بولسە گەر رەڭگى خەزان پەيدا.

مېنى كۆرگەنچە نەفرىن قىلماڭىز ئەي ئەھلى ئالەمكىم،
جەھان ياخشىلىغى مەئلۇم ئەمەس گەر يوق يامان پەيدا.
جەھان مىكرىغە خۇرسەند ئولمايىن ئاھىستە باسغىلكىم،
بۇ دەھر ئىچرە بولۇپدۇر فىتنەئى ئاخىر زەمان پەيدا.
فەلەك ئۈستىدە مىھرۇ يەر ئۆزە مەھۋەشلە مەھۋ ئولمىش،
سەمەندىن سەكرەتىپ ئول شوخ بولسە ناگەھان پەيدا.
سۇجۇدى دەرگەھىدىن باش كۆتەرمە، ئەرشىيا، ۋەھكىم،
جەھاندا بولمادى مۇنداغكى شاھى خۇردەدان پەيدا.

4

كۈندۈزۈمدۇر كېچە، ئول خۇرشىدى تابان بولماسا،
قامەتىم خەمدۇر، ئەگەر سەرۋى خىرامان بولماسا.
زاھىدا فىردەۋس ئارا جەۋرۇك تەماشاسىن نېتەي،
كۆلبەم ئىچرە گەر خىيالى ھۇسنى جانان بولماسا.
بەس، نەدىن دەرسەن بۇ يەڭلىغ سوز ئەفغانىم كۆرۈپ،
بۇ كۆڭۈل گەر ئاتەشى ئىشقىدا گىريان بولماسا.
بۇلبۇلى شورىدە قايدىن كەسب ئېتەر ئېردى نەۋا،
گەر بۇ شورىش ئىلە كۆڭلۈم ئۆيى ۋەيران بولماسا.
دۇررى يەكتا تاپماس ئېردىكىم سەدەف ئىچرە ۋۇجۇد،
كۆزلەرىم ئەبرى ئەگەر مىھرىڭدە گىريان بولماسا.
بارچە تەشۋىشى زەمانە چۇغز بىلكىم ئاشيان،
قىلماس ئېردى گەر بۇ كۆڭلۈم ئۆيى ۋەيران بولماسا.
گەر يىراق تاشلارسە ئول ھەم، خوب ئېرۇر، دەر ھېچكىم،
بىلمەس ئېردى لەززەتى ۋەسلىڭنى ھىجران بولماسا.
ئەرشى، يارىڭ نەقدى ئىمانىنى تاراج ئەيلەدى،
نېگە بەس ئول شوخ زالىم نامۇسۇلمان بولماسا.

5

خۇشا، ھۇسنۇڭ زۇھۇرى مەسجىدۇ مەيخانەدە پەيدا،
بولۇپدۇر ئىشقىدا ھەيرانۇ بىخۇد مۇئمىنۇ تەرسا.
بولۇپ ھۇسنۇڭگە زارۇ ئىشقىڭە ئارامسىز ھەردەم،
يۈرۈرلەر شەمئىۋەش ھەربىر ساچىڭ باشىدا يۈز غەۋغا.
ئەگەر ئول گۇل گۇزەر قىلسە چەمەن سارى، بولۇر گۇللار،

AltunOq

بىرى مەستۇ بىرى بىخۇد، بىرى ۋالە، بىرى شەيدا.
قونۇپ سۆز شاخىغە بۇلبۇلدەك ئەتسەم نالە شەۋقۇڭدا،
بولۇر فەيزى فىغانىمدىن سەرا - سەر بەرگلەر گويا.
تۇشۇپ مەزمۇن رەڭگىنكىم، بۇ گۇل كۆڭلىگە سالغاچ بەرق،
گۇلىستانى سۇخەن ئىچرە بولۇر بىر نەۋئى گۇل يەكتا.
نېچۈك ئەي ئاشىقى شەيدا، دېمەسسەن ۋەسفىدە گۇلرۇخ،
كىم ئول ئەكسى تۇشەر گۇللار گۇلىستان ئىچرەدۇر رەئنا.
دېمە ئەي بىخەبەر، ئەرشنى كەمگوي كەم ئىستىبىداد،
سەدەف بىر قەترەگە قانىئ بولۇپ تاپتى دۇرى يەكتا.

6

چىقىپ كەتتى تۇنى قاشىدىن قۇياشىم ئىزتىراب ئەيلەب،
ئانىڭدەك دەيكى، جان چىقمىش بۇ جىسمىمدىن شىتاب ئەيلەب.
ۋىسالى جامىدىن بىر نەچچە كۇن سەرشار ئىدىم، يارەب،
بۇ كۇن كەتتى مېنى فۇرقەت خۇمارىدا خەراب ئەيلەب.
لەبىڭ يادىدا تۆككەن قان ياشىمدۇركىم شەھىدى ئىشق،
تەمەننا ئەيلەگۇم «يا لەيتەنى كۇنتۇ تۇراب» ① ئەيلەب.
ئاياغىڭ رەخشىنى فەرخۇندە ئۆزرە كۆزلەرىم سۈرتۇپ،
ھەياتى تازە تاپمىش نۇشىدىن سامى گۇلاب ئەيلەب.
فەلەكدە مىھر گۇلشەن ئىچرە گۇللار يافراغىن ناگەھ،
تەزەلزۇل ئىچرە سالدى ئارەزىنى پىچتاب ئەيلەب.
فىراقى رەڭگى رۇخسارى لەبىڭدە تۇنلەپۇ كۇنلەپ،
سىرىشكىم يىغلارەم ھەر قەترەسىن دۇررى خۇشاب ئەيلەب.
دىيارى ھۇسنىدىن ئەزم ئەيلەسە كۇلبەم سارى ناگەھ،
يولىنە كۆزلەرىم سەردابەلەر قىلغۇم پۇرئاب ئەيلەب.
يۈزۈڭ مىھرىدە كۆڭلۇم زەررە يەڭلىغ ئىزتىراب ئەيلەب،
ساچىڭ يادىدا تۇنلەر تولغانۇرمەن پىچۇتاب ئەيلەب.
كىشىكىم تەشنە كۆرسە ئول پەرىنى، جىلۋەگەر يۈرمەس،
نېگە ئەرشى كەبى تا روزى مەھشەر تەركى خاب ئەيلەب.

7

مۇھەببەتنامە يازدىم قانلىغ ئەشكىمدىن مىداد ئەيلەب،

① «كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!»، «قۇرئان كەرىم» 30 - پارە، سۇرە نەبە، 40 - ئايەتنىڭ تەرجىمىسى.

ئاگا كۆز مەردۇمىن بەل مۇزمەر ئەتتىم ئىئتىقاد ئەيلەب.
سەلامەت يەتكەچ ئوق لۇتف ئەيلەبان شىردىن پەيامىڭىنى،
نە بولدى گەر ئىبەرسەڭ بۇ ھەزىن كۆڭلۈمنى شاد ئەيلەب.
سەبا يەتكۈرسە بۇ ئوتلۇغ پەيا - پەي دەرد ئىلە كۆڭلۈم،
نې تاڭ فەرياد قىلسە ئەرغەنۇن بىرلە باياد ① ئەيلەب.
فىراقىڭ تۈنلەرى ۋەسلىڭ خىيالى گەر مۇيەسسەردۇر،
پەرى گەر مۇمكىن ئىرمىشدۇر نە ئەيلەي ئىتتىھاد ئەيلەب.
بۇ بارىم بىرلە پاك ئىشكىڭدە گەر مۇمكىن ئەمەس سىغماق،
بارى تابغاي ئىردىم ھەرنە بارىمنى بىباد ئەيلەب.
كويۇڭدا مەن كەبى ئەۋۋارە بولغان زەئىفلىغ ئىتلەر،
سورارسەنمۇ گەھى ھالىن بۇ ئايتغان ئىتنى ياد ئەيلەب.
قاشىڭدىن كەمتەرىن قۇل كەلسە ئەرشى مۇھتەرەم تۇتمىش،
گەھى جەمشىد، گەھى خۇسرەۋ، گەھى شاھى قۇباد ئەيلەب.

8

ئۆزى ئۆز ھۇسنىگە ئول مەھ مەيل ئىتەر كۆزگۈ كۆرۈب،
سۇدا گويا تەلپىنۇر قۇش ئەكسىنى ئۇترۇ كۆرۈب.
ھىيلەگەر زاھىدنى كۆرگەچ ئىشق ئىلى بولمىش بۇ رەڭ،
قەسدى جان ئانداغكى بۆركۈت ئەيلەگەي تۈلكۈ كۆرۈب.
ھەر نەچە زدخىم ئارا بولغانسارى ئۇريان سۆڭەك،
تاڭ قىلۇر ئالەم ئىلى جىسمىمدە بۇ كۈلكۈ كۆرۈب.
دۇد سالدىم كىرفىڭ ئىلە كەلمەكىن ئىستەر رەسەن،
جەمئ ئولۇپ كەلمىش پەرى ھەر سارىدىن خۇشبۇ كۆرۈب.
نەچچە شامى غەمدە ئولسام، بولمايىن فەرياد رەس،
شاد ئولۇپ ئىلكىن قاقار بىللاھ ئول مەھرو ② كۆرۈب.
دەھر بەريان، شوخ بەريان زۇلم ئىتەر گەردۇن داغى،
كۆرمەدىم مۇنداغ جەفا ئەھلىنى مەن ئەسرۇ كۆرۈب.
ۋەھمدىن ئۆرتەندى جانىم جانلار ئۆزرە داغكىم،
قويغانىدىن نەچچە يۈزدە خال ئەمەس بەلگۈ كۆرۈب.
كۆز قاراغى تۈشسە گەر ئول كۆزگە ئارتار شوخلۇق،
غەيرىنىڭ چۇنكىم سەۋادى پۇتراشور ئاھۇ كۆرۈب.

① باياد - بايات مۇقامىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ يەردە قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن «باياد» ئېلىنغان.

② ئەسلى نۇسخىدا «چىھرەم» دەپ يېزىلىپ قالغان.

شەۋقى ئارەز تۇشكەن ئول گۇلگۇن مەڭىز ياد ئەيلەمىش،
ئەرشى ئاي رۇخسارىدىن گۇلبەرگ ئۆزە ياغدۇ كۆرۈب.

9

تۇغمىش ئېردى ئىلگەرى مەشرىق سارىدىن ئافتاب،
بول ئەجەب پاتتىڭ سەن ئول سارى، مېنى ئەيلەپ كەباب
تولغانىپ تۇشكەن ساچىڭ ياددا فۇرقەت تۇنلەرى،
ياد قىلسام تولغانىپ بىلگىل بەسى مەن پىچۇتاب.
جانفەزا لەئلىڭ بىلە شىرىن سۆزۈڭ، سىۋۇق كۆزۈڭ،
قىلغۇسىدىن نەچچە كۇندۇر كۆزلەرىم بولدى پۇرئاب.
دەۋلەتى ۋەسلىڭ بىلە بىر نەچچە كۆڭلۇم ئېردى خۇش،
فۇرقەت ئىچرە خەستە ئەيلەپ نېگە قىلدىڭ ئىجتىناب؟
دېمە لېك ئەبرۇلەرىڭ تاقىنى ياد ئەتكەن زەمان،
ئاقار ئانداغكىم ياشىم ئۇستىدە گەردۇندەك هۇباب.
ئەي، نە بولغاي كېلىبان كۆزۈمگە قويساڭ قارەدەك،
سىزدى كۆزۈم قارەسى كەتكەن يولۇڭ سارى قاراب.
لەبلەرىڭ كەيفىيەتىن هەردەم تەسەۋۋۇر ئەيلەسەم،
ئىچەرەم خۇنابە هەسرەت گاهى هەم گۇلگۇن شەراب.
ناتەۋان جانىمغە جانا ئۇلفەتىڭ دەرمان ئىدى،
ماڭا ئەمدى فۇرقەتىڭدىن نې تەۋان قالدى نې تاب.
يەتكەچ ئوق بۇ نامە بەرگىل سۇنبۇلۇڭدىن نەچچە تار،
قىلسە خۇش كۆڭلىنى ئەرشى يىغلابان گاهى بوزاب.

10

سېلى ئەشكىم لالەگۇندۇر لەئلى رەخشانىن **كۆرۈب**،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر زۇلفى پەرىشانىن كۆرۈب.
يەر ئۆزە پەيدا ئەمەس خىزر، فەلەك ئۆزرە مەسيه،
بولدىلار پىنهان ئىكەۋ لەئلى دۇرەخشانىن كۆرۈب.
خۇسرەۋۇ فەرهادۇ مەجنۇن باش كۆتەرمەس روزى هەشر،
بۇ جەهاندا چۇنكى ئىشقىم شەئنە ئەلۋانىن كۆرۈب.
تەۋئەمان مىهرىدە فىهم ئەت هەر سەهەركى سۇبهىنىڭ
كۆڭلەكىم چاكى ئىلە چاكى كەرىبانىن كۆرۈب.
باغى كىسرەتدە نىهانى ۋەهدەتى كۆردى كۆڭۈل،

جىلۋە نەخلىستانىدا نەخلى خىرامانىنى① كۆرۈپ.
سوز دىلدىن پەيكەرى قەقنۇسنىڭ كۆيگەنلەرنى
فەھم ئېتەرمەن بۇ كۆڭۈلدە سوز ھىجرانىنى كۆرۈپ.
قاشلارى ياسى ئوقىنىڭ تەككەننى بىلدى ئەل،
خەستە ئولغان جاندا ھەريان زەخمى پەيكانىنى كۆرۈپ.
سەبز تەھ گۇلگۇن كۆرۈنۇر ھەر نەزارەم تۇتىسى،
خىزر خەتتى بىرلە لەئلى شەككەر ئەفشانىنى كۆرۈپ.
بىنەۋا ئەرشى تىلەر رۇھى نەۋائىيدىن فۇتۇھ،
مۇرغىزارى نەزم ئارا مۇرغى خۇش ئەلھانىنى كۆرۈپ.

**11**

ئانىڭ گۇلزارى ھۇسنىنى خەزاندىن ئاسراغىل، يارەب،
نىھالى قەددىن ئاسىبى زەماندىن ئاسراغىل، يا رەب.
مېنى ئۇچراتماغىل ئول زاھىدى تەررار زەھرىگە،
كۆڭۈل ئەھلىن بەلايى ناگەھاندىن ئاسراغىل، يا رەب.
قاچار بۇلبۇل گۇلىستان ئىچرە گەر چەكسەم فىغانلار ھەم،
چەمەن ھۇسنىنى ئول سوزى فىغاندىن ئاسراغىل، يا رەب.
قۇتۇرغان ئىت كەبى بەدمەست ئولۇپ ھەريان چىقار ئېرسەم،
جەھان ياخشىلارىنى مەن ياماندىن ئاسراغىل، يا رەب.
تەنىم چۇن ناتەۋان نالى، يۈزۈم ھەمرەڭگىنى ئولمىش،
بۇرەڭ ئەمدى ئېتابى مىھرىباندىن ئاسراغىل، يا رەب.
ئېتابى شوخدا كۆردۈم بەسى لۇتفۇ مۇھەببەتلەر،
نە دەي ئەمدىكى لۇتف مىھرىباندىن ئاسراغىل، يا رەب.
بۇ ئىشقىم غەيرەتىدىن ئىككى ئالەمنىكى ئەيتماسمەن،
نەزەرنى ئەمدى ئول ئىككى جەھاندىن ئاسراغىل، يا رەب.
قايانكىم مەيل ئېتەر جانان مۇھەببەت ئەھلى رىز ئەيلەپ،
كۆڭۈل ئىچرە نىھانراق ئانى جاندىن ئاسراغىل، يا رەب.
ئۇلۇسنىڭ غارەتى ئىمانىغە گەر چىقسە ئول كافىر،
فەراموش ئولماسۇن ئەرشىكىم، ئاندىن ئاسراغىل، يا رەب.

**12**

كېلۇرمۇ جان ئېلىگە گەھ دەبان جانانە ئاندىن كۆپ،
ياساپ مەن ھۇجرەلەر كۆپ-كۆپ، ئۇلۇغ كاشانە ئاندىن كۆپ.

① ئەسلى نۇسخىدا «خىرمان» دەپ يېزىلىپ قالغان.

مۇيەسسەر بولسە گەر ۋەسلى غەنىمەت بىلمەكۇ قۇتماق،
كەتۇرمەكدۇر سۇراھى نەچچەۋۇ پەيمانە ئاندىن كۆب.
بۇ دەم گەر قۇيسە جامى مەي ئالىپ ئىلكىگە ئۇل ساقى،
جەۋاھىرلار باشىدىن ساچماقۇ دۇردانە ئاندىن كۆب.
قىلۇر ھەركىم چۇ ئۇسرۇك نەرگىسىن يادى چۇ ھاجەت مەي،
ئېرۇر خۇمخانەلەر ھەريان بۇدەم مەيخانە ئاندىن كۆب.
گەر ئۇل مىھر نۇزۇل ئەتمەكنى ھەر يەرگە خىيال ئەتسە،
مۇھەييا ساغەرى گۇلفام مىيناخانە ئاندىن كۆب.
ئۇزارى شەۋقى ئولغاچ جىلۋەگەر بۇ خىلۋەت ئىچرە، ۋەھ!
كۆيەر شەمئى جەھان ھەر تۇن داغى پەرۋانە ئاندىن كۆب.
مەگەر تەشرىف ئەتسە، ئەرشىيا، سال پەردەسىدىنكىم،
كۆزۈڭ مەئۋالار ئەيلەپ مەسنەدى شاھانە ئاندىن كۆب.

13

ئەزدى كۆڭلۈم جىلۋەگەر كۆرگەچ بۇ رەڭ ئاقىل يىگىت،
بەرقدەك جەۋلان قىلۇردا ھەر تەرەف مايىل يىگىت.
سۇرگەلى قەتلىم فۇسۇنى كۆز بىلەن مەسرۇر مەن،
كىم فۇشەيمان ئولماغاي، يا رەبكىم، ئۇل قاتىل يىگىت.
پەرتەۋى ھۇسنۇڭ قەمەرمۇ، لەززەتى لەئلى شەكەر،
بولۇبان شىرىن سەمەر ھەر سۆزىدىن ھاسىل يىگىت.
نې ئۇچۇن ئەھلى جەھان ئىشقىدا كامىل ئولماسۇن،
كىم ئېردىلمەي دەرسى ئىشق ئەيلەرگەدۇر قابىل يىگىت.
كۆرگۈزۈپ ئارەزدە خالى كۇن چاغى يەلدا كەبى،
روزىگار ئېلتۇرنى بىزگە ئەيلەدى مۇشكىل يىگىت.
ئەيلەمىشمەن ئاڭلاماي قادىرلىغىم ۋەسفىن ھەۋەس،
كىم قاچان ئەيلەر قارىنى بەزمىگە داخىل يىگىت.
مۇمكىن ئېرمەس، ئەرشىيا، ھۇشىغە كەلمەك تا ئەبەد،
مەستىدۇر كۆرگەچ بۇ يەڭلىغ مەستى لايەئقىل يىگىت.

14

كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداغ شوخ بىپەرۋا يىگىت،
خۇلقى خۇش ئايىنە دىلكەش ھەيئەتى زىبا يىگىت.
قاش ھىلالى، ئېيدى كىرپىك، ناۋەكى دىلدوز ئېرۇر،

قەددى ئەرئەر، لەئلى شەككەر، كۆزلەرى شەھلا يىگىت.
ئىستەسەم گەرچە پەرى رولار تەمامىن دەھر ئارا،
بارچەسى خۇر - مىھر، بۇ بىر گەۋھەرى ۋالا يىگىت.
نېگە ۋەسلىڭ فۇرقەتىدىن مېنى قىلغۇڭ تىيرە روز،
كىم شېئار ئەيلەپ ئۆزۈڭگە مۇنچە ئىستىغنا يىگىت.
مەستمەن بىر باقماغىدىنكىم، جەھانغە كەلمەگەي
كۆزلەرى جامى بىلە مۇنداغ قەدەھ پەيما يىگىت.
مۇمكىن ئېرمەس مەھجەبىنلەرغە بۇ رەڭ ھۇسن جەمال.
بۇ جەھەتدىن ئۆزى ئۆز ھۇسنىگەدۇر شەيدا يىگىت.
مۇمكىن ئېرمەس دەھر ئارا بۇ شەكل ئىلە بىر كافىرى،
بۇ كەبى ھەيئەت ئارا ھەم يوقتۇرۇر ھاشا يىگىت.
يارۇدى شەمئى تەجەللى يا مەگەركىم ياغدى نۇر،
تىيرە كۆلبەمنى تۇنەكۈن ئەيلەدى مەئۋا يىگىت.
نەچچە بىپەرۋا ئېسەڭ گەر ھۇسن ئىستىغناسىدىن،
قىلغاي ئېردىڭ گاھى - گاھى ئەرشىغە① پەرۋا يىگىت.

15

ئاھكىم، كەتتى بۇ ئاقشام مېنى زار ئەتكەن يىگىت،
شش پەر مىژگان بىلە جانىم فىگار ئەتكەن يىگىت.
ئاچىبان گۈلدەك يۈزىن ئەيلەپ كۆڭۈل سەھنىن چەمەن،
بىر نىگاھى تىغىن ئاندا خار - خار ئەتكەن يىگىت.
دېمەدىم شەيدا بولاي ئۆزلۈكدىن ئول جادۇسىنە،
ئاسراسام ھەر چەند كۆڭۈلنى ئىختىيار ئەتكەن يىگىت.
ئەيلەر ئېردىم بىر ئۆزۈم دەئۋايى ئاشىقلىق ساڭا،
ئاقىبەت يۈز مۇنچە مەندىن شەرمىسار ئەتكەن يىگىت.
بىر كېچە كۆلبەم يارۇپ، بۇ شەمئى ۋەسل ماھۋەش
بەلكى يۈزىن يۈز تەجەللى ئاشكار ئەتكەن يىگىت.
مەن ۋەفاۋۇ مىھر ئايىنىنى خۇ قىلغان سارى،
سەن جەفاۋۇ جەۋر رەسمىينى شېئار ئەتكەن يىگىت.
ئاتەشى لەئلىڭ ئىلە ئۈستىدە خالىڭ داغىدىن
ئاھكىم، بۇ خەستە كۆڭلۈم لالەزار ئەتكەن يىگىت.
ئالىبان مەندىن قەرارىم، سەبر ھۇشۇم بىدەرىغ،
بەلكى يۈز مەندەكنى ھەردەم بىقەرار ئەتكەن يىگىت.

① ئەسلى نۇسخىدا «ئەرشىيا» دەپ يېزىلىپ قالغان.

ئەرشىيا، گەرچە نەۋائى ھەم ئەسىر بولمىش ئىكەن،
بولماغاي مۇنداغ ئانى دىۋانەۋار ئەتكەن يىگىت.

## 16

ئەي كۆڭۈل، دەۋران غەمىدىن سۆز دىمە خۇنابە يۇت،
ئاندىن ئەيلە غۇنچەدەك كۆڭلۈڭگە قۇۋۋەت لايەمۇت.
يادى ۋەسلىڭدىن ئىتىپ مەھزۇن كۆڭۈل سەرمايەسىن،
لەئلىڭ ئارمانىن قىلاي مەرجان كەبى جانىمغە قۇت.
نەچچە ئۆزلۈك رىشتەسىگە قىلغانىن ۋابەستەلىك،
ئال ئاچىغ مەيلىك قەدەھ سىپقار دەمى ئۆزنى ئۇنۇت.
كۆز يۇمۇلماستىن بۇرۇن كۆرسەت جەمالىڭ، ئەي ھەبىب،
ئاق ساقالىم قار كۆرۈنۈپ قۇرۇتۇر قىلماقغە ھۇت.
چار فەسل دەير ئىچىدە فارىغ ئىرمەس غۇسسەدىن،
چەك مۇغەننى چارگاھىڭ، كەل، بۇ كۆڭلۈمنى ئاۋۇت.
دەھر ئەسبابىن نىتەرسەن كۆر ھەۋادىس ئوقلارىن،
كەيگەنىڭدۇر گەر ساۋۇت، پەرران ئۆتەر، كۆڭلۈڭ ساۋۇت.
كارۇ بارى دەھر ئارا يوقدۇر تەفاۋۇت ئەي خىرەد،
غەم يىمە كۆپ، غەم غۇبارىدىن ئۆزۈڭ مەسرۇر تۇت.
دىلرەبالار قەسدىن ئەيلەپ بولماغىل مەغرۇركىم،
شاھىدى دەۋران ساڭا گەر كۆرسەتۇر بادى بۇرۇت.
چۇن نەزەرگە تىيرەلىك يوق چەرخ مىھرىن كۆردىكىم،
كويى گەردىن سۈرمە ئەيلەپ، ئەرشى، كۆزۈڭنى يارۇت.

## 17

كۆز فىداسى قىلغالى كۆڭلۈم قىلۇر جان بىرلە بەھس،
دىن قىلۇر تاراج ئالۇرغە بەلكى ئىمان بىرلە بەھس.
زۇلفى ئۆلتۈرمەككە يۈز تىرگۈزگەلى قىلمىش جەدەل،
چۇن قىلۇر يەلدا تۈنى خۇرشىدى تابان بىرلە بەھس.
ئابىھەيۋان نىگە بولسە جىلۋەئى خىزرى مەسىھ،
قىلماغاي ھەددىن ئاشىپ ئول لەئلى خەندان بىرلە بەھس.
سۆز دىمە رەسۋالىغىم مەنئ ئەيلەبان، ئەي شەھر كىم،
ئەقل ئىلىگە خوب ئەمەسدۇر قىلسە ھەيران بىرلە بەھس.
بۇيى لەب ئول دەھر ئارا ھەر يان ساچىلۇر گەر نەسىم،

قايدىن ئەتكەي تۈندە ئول زۇلفى پەرىشان بىرلە بەھس.
لەئلى يوقكىم يادى مەردۇم تىرگۈزۈر ئۆلگەن كۆڭۈل،
ئار ئېتەر ئاندىنكى قىلماق ئابىھەيۋان بىرلە بەھس.
زۇلم چاغى گەر بىر ئاي گەر دېسە، ئەرشى، چەك نەۋا،
كىم ئەجەل مۇجىبىدۇر ھەركىمكى سۇلتان بىرلە بەھس.

18

ئېرۇر دەردىم نىھايەتسىزكى مەن جانىمدىن ئايرىلغاچ،
نە تەنھا جانىم ئېردى، بەلكى ئىمانىمدىن ئايرىلغاچ.
كۆرۈك ھەجر قارارتتى روزگارىم يوق قارالىقدىن،
قالىپ زۇلمەتدە سەندەك ماھى تابانىمدىن ئايرىلغاچ.
يۈزۈك ئۆزرە ئەرەقلەر يادى كۆزۈمنى پۇرئاب ئەيلەپ،
دەۋا تاپماي قالىپ دەرد ئىچرە دەرمانىمدىن ئايرىلغاچ.
بېلىك ئارمانىدا مەندە نېچۈككىم قالمادى دەرمان،
كى سەندەك شوخ تەبئى شوخ جەۋلانىمدىن ئايرىلغاچ.
ماڭا مۇمكىن ئەمەس بۇ كۈن بۇلاردىن بىرى ھەم ئەسرۇ،
سېنىڭدەك نۇش جان خۇرشىد رەخشانىمدىن ئايرىلغاچ.
فىراقىم زورىدىن گاھى بارىم بەرباد ئەيلەرمەن،
كى سەندەك بىر سۇخەن فەھم سۇخەندانىمدىن ئايرىلغاچ.
كى ئاندىن سەۋتى دىلكەش بۇ مېنىڭ يارىمغە يەتكۈرگىل،
نەۋا تۈرلۈك چىكەي شەمئى شەبىستانىمدىن ئايرىلغاچ.
..........................................................
①..........................................................

19

كۆڭۈل مىژگان خەدەڭگىڭ كۆزلەرىڭدە ناگەھان كۆرگەچ،
ھەراسان يەلدەك ئۆلمىش كافىر ئىلكىدە سىنان كۆرگەچ.
سۇ ئىچكەن كۆز ياشىمدىن فەھم ئېتىپ سورماڭ كۆڭۈل چاكىن،
جەفا شەمشىرىنى رەڭگىن ستەم تىغىدا قان كۆرگەچ.
تىكىلمىش كۆزلەرى كۆڭلۈمدە تائەت نەقدىن ئەتسەم جەمئ،
سىتېز ئانداغكى غارەتگەرلەر ئەيلەر خانىمان كۆرگەچ.
كۆزى مىژگان چىمىن جان قەسدىغە تىير ئەيلەر ئانداغكىم،

① بۇ يەردە ئىككى مىسرا چۈشۈپ قالغان.

سىنان نەۋكىن قاراقچىلار ئىتكىلەر كارۋان كۆرگەچ.
دىگەيلەركىم مەساس ئۇلماق ئۈچۈن ئاي كۆكدىن ئەتمىشدۇر،
ئاياغىڭ نەقشىدىن فەرخۇندە يەر ئۆزرە نىشان كۆرگەچ.
يۈزۈڭ شەۋقىنى زۇلف ئىچرە سەئادەت ئەھلى جۇرم ئەيلەر،
تەجەللى يەر يۈزىنى قىر كۈنۈ تۈندە ئەيان كۆرگەچ.
مۇنەۋۋەر يەر ئۆزە تەم-تەم ئەرەقلەرگە مىسال ئەتمەك،
نەچە رەخشەندە ئەختەرلەرگە ئاي بىرلە قىران كۆرگەچ.
كۆزۈم ئاقۇ قاراسى ئالىشىپ تۆككەن ياشىم فەھم ئەت،
بولۇتلار يامغۇرىدىن دىمەكىم مۇھلىك قىيان كۆرگەچ.
ۋەفاسىزدۇر جەھان بىھبۇدى، ئەرشى، بولماغىل خۇرسەند،
نەچە كام ئەھلىدىن ئارتۇق ئۆزۈڭنى كامران كۆرگەچ.

**20**

ئەي، كۆزلەرى نەرگىس، خەتى رەيھان، قەدى شەمشاد،
بۇلبۇل كەبى ئىشقىڭدا ئىشىم نالەۋۇ پەرياد.
جان مۈلكىنى سەئيى ئىلە نەھاجەت ئاڭا بۇزماق،
بىر نىمى نىگاھى بىلەكىم ئەيلەدى بەرباد.
شىرىن لەبىنىڭ يادىدا بىر لەيلىۋەشىنىڭ،
قان يۇتغان ئەمەس مەن كەبى مەجنۇن ئىلە فەرھاد.
كۆڭلۈم قۇشى كۆپ خەستە دو مىژگان ئوقىدىنكىم،
سەيدىگە ئانىڭ ئېردى مەگەر كۆزلەرى جەللاد.
ئۇقۇپ تۈنۈكۈن زەمزەمە قىلغۇم سەبەقى ئىشق،
چۈنكىم يەنە ھەرفى ماڭا ئۆرگەتمەدى ئۇستاد.
گەر تۈشسە سىنىڭ بەندەلىكىڭ تەۋقى بويۇنغە،
بولغۇمدۇ بۇ ھالەتدە ئىكى كەۋندىن ئازاد.
كىم ئول پەرىسىز قىلغۇسىدۇر دىۋە تەسەۋۋۇر،
ئەرشىكى ئانىڭ بولسە چۇ ھەمخابە پەرىزاد.

**21**

خىيالى شۇئلەئى رەڭگىن قوياشىم قىبلەگاھىمدۇر،
دەمى فىكرى ھىلالى نازەنىنىم سەجدەگاھىمدۇر.
مەيۇ مەيخانەنىڭ دائىم رەۋاجى مەندىن ئولغاندىن،
رىياۋۇ زۇھد ئېلى فەرياد ئەيلەپ دادخاھىمدۇر.

يۈزى مەيگۈن ئەمەس قانلىغ ياشىم تەئسىردۇر، بىلكىم،
قارا كاكۇل ئەمەس باشىمدا پۈتكەن دۇدى ئاھىمدۇر.
دېسەڭكىم: «يوق ھەدىڭ ۋەسفىمدە سۆز سورماق، ئەلىم تۇتماق»
جەۋابىم ئولدۇرۇركىم: «ئەزكۇرۇنى ھەق گۇۋاھىمدۇر».
قاچان ۋابەستە ئولغۇم رىشتەئى ئىشقىڭغە ئۆزلۈكدىن،
ماڭا لېكىن ئەسىر ئولماق چۇ تەقدىرى ئىلاھىمدۇر.
نە ھەد مەھجۇر ئەرشگە ۋىسالىڭ ئىددىئا قىلماق،
سۇلۇك ئىچرە ۋەلي ئەھبەبتە ئەن ئەئرەف پەناھىمدۇر.

22

يا رەب ماڭا يۈز ۋەفا نېدىندۇر،
كۆڭلۈمگە بەسى بەلا نېدىندۇر.
ئىشقىڭ ھەۋەسىدە گەر يۈرۈرمەن،
دىيدەم ئۆزەسىدە جا نېدىندۇر.
بىر مەھۋەشى پۇر جەفا قۇلىدىن،
ھەردەم ماڭا يۈز بەلا نېدىندۇر.
سەن رەھىم نىگاھى بىرلە باقماي،
مەندىن ساڭا بۇ ۋەفا نېدىندۇر.
ئەي ئىشق كويىغە تۈشمە ھەرگىز،
جانۇ جىگەرىڭ يارا نېدىندۇر.
گەر ئاشق ئولۇپسە نەڭدىن كەچ،
بۇ كوي ئىچىدە ھەيا نېدىندۇر.
گۇلچېھرەئى چېھرەسىنى كۆرمەي،
بۇلبۇل كەبى بۇ نەۋا نېدىندۇر،
ئىشۋە ئوقىنى جانىمغە ئاتماي،
بولماق ئاڭا مۇبتەلا نېدىندۇر.
ئۇششاق ئاراسىدا شاھ ئەرشى
سۇلتانۇ گەدا نەما نېدىندۇر.

23

سېنى جانا ھەمە كۆڭلۈم ئالۇرغە دىلرەبا دەرلەر،
مېنى دائىمكى زۇلفۇڭ رىشتەسىغە مۇبتەلا دەرلەر.
سېنى تەختى مەلاھەت ئۈستىدە بىر شاھى مەھرويان،

مېنى كويوڭدا خارۇ زار بولغان بىر گەدا دەرلەر.
ئەگەر ئۇل شوخلارىكىم كەلسە ھەرياندىن خىرام ئەيلەر،
ئېرۇر بۇ لەشكەرى كافىر ۋەيا جەمئى بەلا دەرلەر.
ئىتىڭ دەۋرىدە بولماقنى ھەممىشە فەخر ئېتەر ئۇششاق،
ئىشىكىڭ تىيرە گەردىن كۆزىمىزگە تۇتىيا دەرلەر.
بۇ ئۆمر ئىچرە نەچە مەھرۇيلار ئىشقىدە جان چەكسەم،
نە ئاشىق مېھرىبان قىلدۇرسە بىزگە ئاشنا دەرلەر.
يۈزۈ زۇلفۇڭنى كۆرگەچ مۇشكدۇر يا سۇنبۇلى سارا،
يۈزۈڭ تابىن كۆرۈپ «ۋەششەمسى» ①بىرلە «ۋەززۇھا» ②دەرلەر.
مېنى ئەل دائىما فەرھاد بىرلە تەۋئەمان كۆرگەچ،
فەلەك بىدادىدىن ناكام كەتكەن بىنەۋا دەرلەر.
جۇنۇن سەھراسىدا ئەرشنى ئەل خۇنىن كەفەن كۆرگەچ،
شەھىدى ئىشق سەنمۇ يا بۇ دەشتى كەربەلا دەرلەر.

24

جەھاندا بىر مېنىڭدەك يانە زارۇ بىنەۋا يوقتۇر،
مۇھەببەت تارىغە دائىم ئەسىرۇ مۇبتەلا يوقتۇر.
نېتاڭ گەر ئىشۋە بىرلە ئەيلەسەڭ كۆڭلۈم بارىن غارەت،
نېچۈككىم سەن كەبى بۇ ئالەم ئىچرە دىلرەبا يوقتۇر.
ئەبەس گەرچە يۈرۈرمەن ئاھ ئۇرۇپ ئىشقىڭدا قان يىغلاپ،
زىبەس مەھبۇبلار ئىچرە سېنىڭدەك بىۋەفا يوقتۇر.
بىلە ئالمان بۇ تۇلۇئ تالىئىمدۇر قايسى كەۋكەبدىن،
جەھان ئىچرە ماڭا ھەرگىز رەفىقۇ ئاشنا يوقتۇر.
مەتائى ھۇسنۇڭا ھەر سارى سائىل كۆپدۇرۇر، لېكىن،
كويۇڭدا مەن كەبى ئەۋۋارە بولغان بىر گەدا يوقتۇر.
مېنى بەسكىم شەھىد ئەتكەچ ئېرۇر قانىم بىلە گۇلگۇن،
ۋە گەر نە ئۇل سەنەم تىرناغىدا رەڭگى ھىنا يوقتۇر.
مىژەڭ ناۋەكلەرى ھەر قايسىدۇر كۆڭلۈمگە بىر ئافەت،
جانىم كۆيدۈرگەلى بەرقى نىگاھىڭدەك بەلا يوقتۇر.

---

① «قۇياش»، «قۇرئان كەرىم» 30 - پارە، سۈرە شەمسنىڭ 1 - ئايەت 1 - سۆزىنىڭ تەرجىمىسى.

② «چاشگاھ ۋاقتى - سەھەر قۇياشى نۇر چاچقان مەزگىل». «قۇرئان كەرىم» 30 - پارە، سۈرە زۇھانىڭ 1 - ئايىتىنىڭ تەرجىمىسى.

كۆڭۈل ئەھلىنى ھەرگىز سالماغىل فۇرقەت ئارا، يا رەب،
شەھىدى ئىشقىغە ئول نەۋئى دەشتى كەربەلا يوقتۇر.
نىگە يادىدا، ئەرشى، روزگارىڭ بولماسۇن تىيرە،
زىبەسىكىم دەھر ئارا ئانداق كۆزۈ قاشى قارا يوقتۇر.

25

ئەي سەنەملەر سەرۋەرى، جانىم ساڭا دىۋانەدۇر،
كىم چىراغى ھۇسنۇڭا كۆڭلۈم قۇشى پەرۋانەدۇر.
بۇ كۆڭۈل ئۆيىگە زىيب ئولدى سەفاۋۇ سىدقىدىن،
كىم نۇزۇل ئەتسەڭ نە بولغاي دىلكۇشا كاشانەدۇر.
دەيىچۇ كويۇڭدا تاپىپ ئىشقىم كەمال ئول نەۋئىكىم،
ئالغامەن ۋەقتى سۇجۇد ئەر كەئبەۋۇ بۇتخانەدۇر.
خەستە كۆڭلۈمگە نۇزۇل ئەتسەڭ خىرام ئەيلەپ نىتاڭ،
نەڭ ئەمەس خۇرشىدغە تۇشمەك ئەگەر ۋەيرانەدۇر.
بۇ تەلەب ۋادىسىدە ھەر كىمگە بىر مەقسۇد بىل،
زاھىدا، سالۇسغە جەننەت، ماڭا جانانەدۇر.
تاڭ ئەمەس گەر مەست يۈرسەڭ دەھر ئارا، چۇنكىم نەسىب
بار رىيا ئەھلىگە مەسجىدۇ ماڭا مەيخانەدۇر.
شەۋكەتى ھۇسنۇڭ بىلە شەئنى جۇنۇنۇمغە باقىپ،
دەفتەرى پەرھاد-شىرىن پارەئى ئەفسانەدۇر.
تەشنەلەب جامى مۇھەببەتدىن نوغا سەرشار ئەمەس،
چۇن ئەزەل ساقىسىدىن ھەردەم ماڭا پەيمانەدۇر.
خەستە ئەرشى نامەسىن ئول گۇلغە بەرگىل، ئەي سەبا،
بۇيى مىھرى كەلگەي ئول ھەرچەندكىم پەيكانەدۇر.

26

نىگارا، خاكى پايىڭغە نىسار ئەز خانۇمانىمدۇر،
دەمى تىيغى ھىلالىڭغە فىدا يۈز قاتلە جانىمدۇر.
نىچۈك نۇشى مەيى لەئلىڭنى ئەيلەي ئارزۇ ئەزبەس،
ھەياتى تازە جانىمغە ئىزىڭ ئۆپكەن زەمانىمدۇر.
كۆزۈم گەۋھەرلەرى خالىڭغە بىر-بىردىن نىسار ئولمىش،
نىھالى قەددىڭە ھەردەم فىدا رۇھى رەۋانىمدۇر.
سىپاھى ئىشق زۇلم ئەتسە، ئەجەب ھالىمنى بىر سورماس،

مۇھەببەت كىشۋەرىغە گەرچە ئۇل نۇشىرۋانىمدۇر.
ھەزەر ئەيلەر توقۇز ئەفلاك ئاھىم بەرقىدىن ئەزبەس،
جەھاننى كۆيدۇرۇپ كۆل ئەيلەگەن ئوتلۇغ فىغانىمدۇر.
ۋىسالىڭدىن نەچۇك مەھجۇر ئولاي بىرلەھزەئى لېكىن،
مېنى سەندىن جۇدا قىلغان قەزايى ئاسمانىمدۇر.
فىراقىڭ ئەيلەدى ئانداغ زەلىلۇ ناتەۋان گويا،
يۈزۈم ھەمرەڭگى نەيى، نال جىسمى ناتەۋانىمدۇر.
ھەزىن كۆڭلۈمنى ئەزبەس ناۋەكى ئىشقىڭ نىشان ئەتكەچ،
كۆزۈم ياشىنى گۇلگۇن ئەيلەگەن زەخمى نىھانىمدۇر.
لەبى لەئلى تۈنى لەئلى سەراپا لەئل گەر كەلسە،
دېمەڭ بىر گۇل قەبا، بىلكىم قەزايى ئاسمانىمدۇر.
كۆزۈ قاشىڭغە جانۇ دىل بارىن ئىسار قىلمىشلار،
لەبىڭ يادىدا گەۋھەربار چەشم خۇن فىشانىمدۇر.
خەدەڭگىڭ تەئنەسىگە، ئەرشىيا، كۆكسۈڭ نىشان ئەتكىل،
دەمى پەيكانى ئەزبەسكىم ھەياتى جاۋىدانىمدۇر،

**27**

ئوينىشىپ تۇرغان كۆز ئۈزرە ئىككى قاشىڭ ياراشۇر،
ياراشىپ بەلكىم ئىكەۋ ئۆلتۈرگەلى جان تالاشۇر.
غەمزە كافىر كۆزلەرىڭنى نەقد تاراجى ئۈچۈن
سەبقەت ئەيلەرگە ئىكەۋلەن بىر-بىرىنى ماراشۇر.
غەمدە سارۇلغان تەنىم گەردىن كۆرۈپ شاشماس كۆزىن،
تۇغ كۆرۈپ ئانداغ كىيىكلەركىم تىڭىرقاپ قاراشۇر.
مىكر ئايىن دام پىشە ئەنبەرىن كاكۇللارىڭ،
خاتىرىم تارقاتماق ئۈچۈن ھەر تەرەفكە تاراشۇر.
ئەنبەرىن خالىڭ فىداسى قىلغالى ئۇششاقلار،
جان فۇلۇرىن ئىلكىگە ئالىپ دەما-دەم ساناشۇر.
ئوينىشىپ تۇرغان ئىكى كۆز......① جادۇيى مەست،
يا ئىكى ئاھۇ بەچە ئىككى قازاندا قايناشۇر.
ئايۇ كۈن دەرمەن قىران قىلمىش مەگەركىم بۇ مەھەل،
ئويناغان چاغ قوۋلاشىبان بىر-بىرىنى ماراشۇر.
بۇلئەجەب يار ئالىدا مەھرەم بولۇپ نەچچە رەقىب،

---

① بۇ بەردىكى سۆز ئېنىق ئەمەس.

ئاھ، نەيلەي، كەلمەگىل دەپ مېنى دائىم قاۋلاشۇر،
ئەرشى مەھزۇن [نىڭ] جانى كۆرگەن زەمان سەكرەپ چىقار،
سەكرەتىپ گاھى سەمەندىن شوخلارىم ئويناشۇر.

**28**

ئول بۇتى چابۇكسەۋار ئولغاچ سەمەندىن سەكرەتۇر،
تىترەگۈچ باشىغە سانجىپ ئالەم ئەھلىن تىترەتۇر.
ئىشق ئېلى كۆڭلىن بارىن غارەت قىلۇرغە، قالپاقىن
گاھى تۈزۈ گاھى ئەگرى قويۇبان، گەھ ئېرغەتۇر.
قامەتىم خەم ئەيلەبان جانىمنى سەكرەتمەك ئۈچۈن،
گاھى قاشىن تەبرەتىپ، گەھ كۆزلەرىنى ئوينەتۇر.
كەئبەۋۇ خۇلدى بەرىننى كۇلبەئى ئەھزان دېمىش،
كىمسە گەر شەمئى جەمالىڭنى قۇياشقە ئوخشەتۇر.
ئاھلارىم ئارەزىڭ مېھرىدە چەكسەم زەررەدەك،
ئايۇ كۈن بەلكىم توقۇز چەرخى بەرىننى تىترەتۈر.
ئول شەھى چابۇكسەۋار ئالسە ئۇقابىن ئىلكىگە،
ئىشق ئېلىن① سۆدرەتمە ئەيلەپ خەستە جىسمىن سۆدرەتۈر.
نەيلەسۇن ئەرشىكى قىلماي دەمبە-دەم تەكرار ئىشق،
ئىشق پىرى مەنئ ئېتىپ، ئۆزگەنى مۇنى ئۆرگەتۈر.

**29**

مەھۋەشىم رۇخسارىدىن خۇرشىدى پەرتەۋراسى بار،
خىزر خەتتى ئاستىدا لەئلى مەسىھ ئەنفاسى بار.
ئارەز ئۆزرە خالى خەتتى سۇنبۇلى تۈشكەن ئۈچۈن،
لەشكەرى كۇففارنىڭ ئىسلام ئىلە غەۋغاسى بار.
پەرتەۋى ھۇسنى تەجەللى يا يەدى بەيزا ئېرۇر،
كەئبەئى كويىنى كۆركىم لامەكان ئىماسى بار.
نەچچە غەم خەيلى ئاراغە سالسە، مەھزۇن ئولماغىل،
كىم غەمى مەھبۇبىنىڭ يۈز جەننەتۇلمەئۋاسى بار.
قاشلارى فەررۇخ ھىلالى تىشلارى دۇررى گۆھەر،
**لالە** يەڭلىغ لەبلەرىنىڭ لەئلى ناپەيداسى بار.

---

① ئەسلى نۇسخىدا «ئېلى» دەپ يېزىلىپ قالغان.

نەچچە ئۆلسەمكىم مەقامىدىن سەنەم لۇتف ئەيلەمەس،
بارگاھى ناز شاھى ئىچرە ئىستىغناسى بار.
نازىش ئەتمە ئەي كۆكۆل ئىشقىدا ئول گۇلروينىڭ،
ھەر تەرەفدە يۈز سىنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
فەخر ئېتەرمەن ۋەسف ئول ئايىنە رۇخدىن ھەر سارى،
ۋەسف ئېتەرگە گەرچە يۈزمىڭ تۇتىئى گوياسى بار.
دىمە ئىشقىم مەنئىدىن، گەرچە ئەبەسدۇر گەر دىسەڭ
ئەرشنىڭ ئەغيار سۆزىدىن نىچۈك پەرۋاسى بار.

30

ۋەھ، نە خۇشتۇر فەسلى گۇل ھەر سارى كۆپ گۇلزارەلەر،
گۇل ئاراسىدا يەنە ئولتۇرسە گۇلرۇخسارەلەر.
گۇل ئارا ئەيلەپ نەسىمىن قىلسە ھەريان زەۋقى گۇل،
بولسە ئول چاغ ۋەسلى يارۇ، بولماسە ئەغيارەلەر.
يوق ئىدى مەئلۇم گۇل رەڭگى قىزاردى ئول زەمان،
ئوتلى كۆڭلۈم ئۇردى تاكىم ئاھى ئاتەشپارەلەر.
گۇل چاغى گۇلگۇن قەدەھلىك گۇل ئەراقىن سەۋت ئىلە
بىخۇد ئولماي نەيلەيىن تۇتسا شەكەر گۇفتارەلەر.
ساۋرۇغان گۇل بەرگىنى بىلمان خەزان يېلىدۇرۇر،
يا مەگەر يەتمىش نەسىمى ئاھى دىلئەفكارەلەر.
گۇلشەن ئىچرە رەشكى گۇل ساقى قولىدىن گۇل مەيىن
سىپقارىپ جان نەقدىنى قىلسە كىشى ئاسارەلەر.
بەسكى نەرگىس بۇ چەمەندە جىلۋە خۇنكار ئەيلەدى،
يوق چەمەن نەرگىسلەرى، بەل نەرگىسى بىمارەلەر.
گۇلشەنۇ گۇلبەرگۇ ساقى، سايەئى بەرگى كەدۇ،
بىل غەنىمەت گەر ئېرۇر ئەترافىدا كەنارەلەر.
گويىيا يەر ئۆزرە گۇللار كۆرسەتۈر فەسلى رەبىئ،
سەفھەدە ئەرشى ئاچىلدۇرمىش گۇلى ئەشئارەلەر

31

كۆرمەگۈر سىنى دىمىشلەر، كەل، گۇلى رەئنانى كۆر،
نازغىبان جەۋلانغە كىرگەن بۇ ئىكى رەئنانى كۆر.
جان مۇسەۋۋەر بولغانىن كۆرمەك تىلەرسەن ئەي رەفىق،

جىلۋەئى قاش - كۆزئىلە ئۇل قامەتى زىبانى كۆر.
داغلىغ كۆڭلۈم تالاشقان قاش ئىلە كۆزلەرگە باق،
پۇللۇق ئۆي ئۆزرە بۇ كۇلگەن لەشكەرى يەغمانى كۆر.
كۆزى نەچچە قەتلىك ئىستەر، بولماغىل نەۋمىدكىم،
دۇرجى لەبدىن تىرگۇزۇرگە خەستە سۇپ ئىمانى كۆر.
قۇش بالاسى ئاشىيان ئۆزرە يىلان كۆرگەچ كەبى،
خاتىرى شەيداۋۇ زۇلفى تابىدىن غەۋغانى كۆر.
نەرگىس ئالتۇن جامىدىن مەي ئىچمەك ① ئەتسەك ئارزۇ،
گۇل نەزەر ۋەقتىدە كۆزدىن بۇ قەدەھ پەيمانى كۆر.
مىھر ئۇتى بىتاب قىلغان كىمسەنى قەتلىك تەلەب،
مۇزتەرىب كۆپ زەررە يەڭلىغ ئەرشئى شەيدانى كۆر.

**32**

يۈزمۇ بۇ يا مىھرى تابان يا يەدى بەيزامۇدۇر،
يا كۆڭۈللەر كۆزگۈسى يا بىر گۇلى ھەمرامۇدۇر.
شەھپەرى جىبىرىل يا نەۋرەس نىھالى باغى ئىشىق،
جىلۋەگەر يا رۇھ شەكلى يا قەدى رەفتامۇدۇر.
رىشتەئى ھىجرانىمۇ بۇ يا سۇنبۇلى باغى بىھىشت،
ئاھ دۇدىدىن نىشان يا زۇلفى ئەنبەرسامۇدۇر.
كۆز ئىكى خۇنرىز كافىر يا ئىكى ئاھۇ بەرە
يا ئىكى جان نۇقتەسى يا نەرگىسى شەھلامۇدۇر.
سەھنى گۇلشەن يا تەجەللى يا مەگەر ئەينى جەمال،
مەشئەلى خۇلدى بەرىن يا مىھر رۇھ ئەفزامۇدۇر.
مەددى بىسمىللاھمۇ بۇ يا سەر خەتى ئاياتى ھۇسن،
يا جەفا جىمى يازىلمىش يا خەتى زىبامۇدۇر.
نۇقتەئى مەۋھۇم ئىبرۇر يامىمى فەم يا ئەينى ئىشىق،
يا ئاغىز يا غۇنچە يا يوقلۇق سارى ئىمامۇدۇر.
كويىدۇرمۇ رەشكى جەننەت يا مەلائىككە مۇتەۋف،
يا كۆڭۈللەر خىلۋەتى يا مەسجىدى ئەقسامۇدۇر.
بۇلبۇلى باغى سىيادەت مەنبەئى فەيزى غەفۇر،
جامىدىن جام ئىزدەگەن يا ئەرشئى گويامۇدۇر.

---

① ئەسلى نۇسخىدا «ئىچمەك» دەپ يېزىلىپ قالغان.

**33**

يۇزدە بۇرنۇك ھۆكمىدە ئاياتى «ۋەنشەققەلقەمەر»، ①
لەبدە خەتتىك سەفھەسى گۇلگۇن ئاياتى زەمەر،
غەبغەب ئول سىيمىن زەقەن دەۋرىدە ئانداغكىم ئېرۇر،
ھالە ئۆز جىرمىدىن ئول دەۋرىگە قىلغاندەك كەمەر.
سەر - بەسەر سۇرئەتدىن ئول ئارەز ئۆزە تەم - تەم ئەرەق،
نەۋنىھال ئۇستىدە قۇدرەت يېلىدىن شىرىن سەمەر.
گوي ئولۇپ كويۇڭدا باشىم ياتتى چەۋگانىڭدا كۆپ،
ئەيدى ئىنسان ئەيلەسەڭ كەل ئايلانىپ ئانى كەمەر.
خۇنى دىلدىن تۇشە ئەيلەپ، ئەرشى، قىل قەتئىي تەرىق،
ئىشق ئەتۋارىندا يوقتۇر مۇندىن ئارتۇغراق مەمەر.

**34**

ئول پەرى ھۇسنى جەھان ھۇسن ئارا شەھدۇر مەگەر،
كۆزلەرىم ئاقۇ قارالىق ئىككى خىرگەھدۇر مەگەر.
چەشم گىريانىم جىلا تاپتى ئىزى پەرتەۋ ساچىپ،
ئىتىنىڭ ھەر نەچچەسى يۈز نەچچەئى مەھدۇر مەگەر.
جان سۇجۇد ئەيلەر كۆرۇبان ئافتابى ئارەزىن،
جىلۋەگەر رۇخسارەسىدە نۇرى لىللاھدۇر مەگەر.
يوقتۇرۇر فەرزەندى ئادەمدە بۇ رەڭ ھۇسنۇ جەمال،
دەرمە بۇ شەكلى شەمايىلدىن فەرىشتەھ دۇر مەگەر.
چەشم گىريانىم ۋۇجۇدۇمنى قىلۇر ئانداغ خىيال،
ھەلقەئى گىردابىغە تۇشكەن پەرى كەھدۇر مەگەر.
گۇشەئى بۇرقەئ كۆتەرسە يۈزىدىن، دەر بۇ كۆڭۈل:
جىلۋەگەر شەمئى تەجەللى پەيكەرى كەھدۇر ② مەگەر.
ئەرشىنىڭ باشى فەرەھدە ئەرشىدىن ئۆتكۇسىدۇر،
گەر دېسەڭ، بۇ زارۇ مىسكىن خاكى دەرگەھدۇر مەگەر.

**35**

ئول سەنەم ئاشۇفتە بولغاچ بۇ كۆڭۈل خۇررەم ئەمەس،

① «ئاي يېرىلدى». «قۇرئان كەرىم»، 27 - پارە، 54 - سۇرە، بىرىنچى ئايەتنىڭ ئاخىرقى سۆزىنىڭ تەرجىمىسى.

② ئەسلى نۇسخىدا «كاھ پەيكەر» دەپ يېزىلىپ قالغان.

بىۋەفالىق قىلغاچ ئۇل جانىم مېنىڭ بىغەم ئەمەس.
سەر بەسەھرا ئۇرغۇمۇ جاندىن داغى كەچكۇمدۇرۇر،
بۇ جەھان ئىچرە ماڭا جانان ئەگەر ھەمدەم ئەمەس.
ئىككى گىرىيان كۆزلەرىم كويۇڭدا يىغلاپ ئولتۇرۇر،
كەئبەدە ئەھلى جەھان كۆرگەن چەھۇ زەمزەم ئەمەس.
خۇشەزارى دەھر ئارا بىر ھۇسن كۇندەم كۆن كۆرۈپ.
پۇشتى پايى ئۇرماسە فىردەۋسنى، ئادەم ئەمەس.
قان يۇتۇپ شامۇ سەھەر لەئلى لەبىڭ ئارمانىدا،
بىر زەمان كىرپىكلەرىم شاخىدا مەرجان كەم ئەمەس.
ئالەم ① ئارا قامەتىڭ چۇن سەرۋى بولماي جىلۋەگەر،
بوستانلار بوستان، ئالەم ماڭا ئالەم ئەمەس.
ئەرشىئى مەھجۇردىن ئۆتتى نىچۇك تەقسىرلەر،
ۋەسلىگە ئەي شاھى خۇبان بىر زەمان مەھرەم ② ئەمەس.

36

دەرىغ، ئول كۆڭلۇم ئىچرە پارە قىلغان يارەلىغ بىلمەس،
ئۆكۈپ جانىم ئارا بارچە غەمىن ئەفكارەلىغ بىلمەس.
كۆرۈڭ بىر دىلبەرىدە تۇرفە ھالەت تۇرفە كەم بولماس،
بولۇر ھۇش ئەھلىدىن گەرچە، ۋەلې ھۇشيارەلىغ بىلمەس.
نەچە كۇندۇركى بىر شوخى ستەمگەر ئىشقى زورىدىن
كېچىپمەن ھۇرمەتىمدىن گەرچە ھۇرمەتدارەلىغ بىلمەس.
بېرىپ كۆڭلوم، ئانى دىلبەر دەبان سەھۋ ئەتكەن ئېرمىشمەن،
غەلەت دىلبەر دېمەكلىك، غەيرى ③ دىل ئازارەلىغ بىلمەس.
تەغافۇلدىنمۇ يا دانالىغىدىنمۇ بىلالمانكىم،
ئالىپ ئۇيقۇنى مەندىن لەھزەئى بىدارەلىغ بىلمەس.
بولۇپ ھەر كىمسەگە يار مۇنچە دىل ئازار بولغايمۇ،
مېنى بىزار ئۇمرۇمدىن قىلىبان، زارەلىغ بىلمەس.
كۆزۈم ئەيلەر تەماشاسىدە نەچچە راستلىق پىشە،
كۆزىن فەھم ئەيلەسەم جۇز شىۋەئى مەككارەلىغ بىلمەس.

① ئەسلى نۇسخىدا «ئام» دەپ يېزىلىپ قالغان.
② ئەسلى نۇسخىدا «مەھرۇم» دەپ يېزىلىپ قالغان.
③ ئەسلى نۇسخىدا «ئەر» دەپ يېزىلىپ قالغان.

ئەگەرچە ئول ئېرۇر خۇرشىدى خۇش دىل، بىخەبەرۋەش ھەم،
ئېرۇر بۇ تۇرفە ئەرشى غەيرى دىل ئەفكارەلىغ بىلمەس.

37

جان ماڭا ئېرمەس كېرەك، دەھر ئىچرە جانىم بولسە بەس،
مېھرى كۆڭلۈم مەھۋ ئەتكەن مېھرىبانىم بولسە بەس.
گەرچە كۆپدۇر دىلرەبالار ۋەسلىن ئەتمەن ئارزۇ،
دەھرە ئارا دىلجويلۇق ئەتكەن دىلستانىم بولسە بەس.
مېھر ئەگەر پۇر نۇردۇر چەرخ ئەۋجىدە، سالمان نەزەر،
كۆلبەم ئىچرە جىلۋەئى ماھى جەھانىم بولسە بەس.
ھۇر ۋەسلى بىرلە ئۇچماق قۇشلارىن لەفزىن دېمەي،
گاھى - گاھى شىۋەئى شىرىن زەبانىم بولسە بەس.
يەتتە ئىقلىم ئۆزرە كۆپ شەھلەر ماڭا مەنزۇر ئەمەس،
كىشۋەرى ھۇسنى مەلاھەت ئۆزرە جانىم بولسە بەس.
نېتكۆك ئەي جان گەرچە ئىستەر بۇتى ئارامىڭ سېنىڭ،
رام ئولغان كۆپدىن ئوق ئارامى جانىم بولسە بەس.
بىلمەگەن قەدرىم يىگىتلىك چاغى، ئەمدى كىم بىلۇر،
ئەرشى تاشلاپ ئۆزگەنى بۇ قەدردانىم بولسە بەس.

38

گۇلنى نەيلەي گۇلشەن ئىچرە بولسە گۇلرۇخسار بەس،
شىۋەئى ھۇسنى مەلاھەت جىلۋەئى دىيدار بەس
زۇلفىغە نى ھەد ماڭا كۇفر ئىستەبان سالماق نەزەر،
تارى زۇلفى يادى بىرلە ئەيلەسەم دىيدار بەس.
دەۋلەت ئىستەپ ئىستەمەن دەۋلەت قۇشىنىڭ سايەسىن،
تەگسە بىر كۈن كويى سارى سايەئى دىۋار بەس.
ئول جەفاۋۇ جەۋرى ئايىنىنى گەر ئەيلەر فۇزۇن،
سەن ۋەفاۋۇ مېھر رەسمىن قىلماغىل زىنھار بەس.
گەرچە كۆپدۇر بۇ چەمەندە جىلۋەئى ھۇرى - پەرى،
بولسە دائىم كۆلبەم ئىچرە بىر پەرى رۇخسار بەس.
كۆزۈ كۆڭلۈم خۇشلۇغىن خالۇ لەبىدىن ئىستەمەن،
ھەجرىدە كۆڭلۈمگە داغۇ دىيدەئى خۇنبار بەس.
كۆيدۈرۈپ جانۇ كۆڭۈل ھەم قانىن ئىچمەكلىك ئۇچۇن،

لەئلی ئاتەشبار ئىلە ئول نەرگىسى خۇنخار بەس.
كۇفر زۇلفىدىن يانارغە تەۋبە قەسدىن ئەيلەسەڭ،
كىم بۇ يەڭلىغ تەۋبەلەردىن قىلمە ئىستىغفار بەس.
سايراساڭ كويىدا بىھەد قىلماغىل ئاندىن سەربھ،
ئەرشى، ئەرزىڭ قۇش تىل ئىلە ئەيلەسەڭ ئىزھار بەس.

39

ئەي، بۇ چاغلىغ قامەتىڭ نەخلىغە رەفتار ئولسە بەس،
پۇر شەكەر لەئلى لەبىڭگە مۇنچە گۇفتار ئولسە بەس.
گەر دېسەڭكىم، باق مېنىڭدەككە، كۆزۈڭ يىغ ئۆزگەدىن،
قىيمەتى ھۇسنۇڭگە مەندەك ھەم خەرىدار ئولسە بەس.
يۈز بۇزۇغلۇق تۇشسە كۆڭلۈمگە يۈزۈڭ ئاشۇبىدىن،
ئىستەبان ھەرگىز پۈتۈنلۈك قانچە ئەفكار ئولسە بەس.
مۇنچە ھەم بولمىش غۇرۇرى ھۇسن شەيدا تۇرفەكىم،
دېمەگەيسەن ھەر ساردىن يۈز گىرىفتار ئولسە بەس.
گۇلشەنى ۋەسلىڭ تەمەننا سىدا سايرار جان قۇشى،
ئۆمر باقى كۆرگەنىدىن مەھۋ دىيدار ئۆلسە بەس.
نېگە بەس قىلدىڭ جەفا رەسمىن ۋەفا ئايىن ئولۇپ،
مەن قاچان دېدىم: قوي ئەمدى مۇنچە ئازار ئولسە بەس.
كىملىك ئىستەپ ئەرشى قىلغاي يارلىق سەندىن تەمەئ،
زار كۆڭلۈمگە خىيالى ئۇلفەتىڭ يار ئولسە بەس.

40

كۆزۈ لەئلی بەرق سىرردىن بىلمەك ئەتسەڭ ئىلتىماس،
ئۆرتەمەكلىكدۇر جەھان ئەھلىن ئەلا ھازەلقىياس
خىلئەتى زەربەفت كۆرگەچ ئەگنىدە، كۆڭلۈمگە ھۇسن
بولدى ئانداغكىم زەرۇ ياقۇتغە خارا لىباس.
زۇلفى سەۋداسى ئاشىپ ھەددىن، كۆكۆلگە كىچەكىم
كۆزگە تاڭ ئولدى سەھەر ئۆتكەنچە تۈندىن نەچچە پاس.
ئاشىقى شورىدەدىن قورقۇپ قاچار ئەھلى ۋەرەئ،
شىير كۆرگەچ يوق ئەجەب گەر تۈلكەگە بولسە ھەراس.
قىلمامىش كۆڭلۈمدە قىرقىلماي مەئاشى سەبردىن،
ھەجرىدە بولغان نىگۈن قەددىم ئاڭادۇر ھۇكم داس.

خانىقەھ شەيخى ئۇماچىن ئىچمەكىم يوق ئەمدى سۇد،
ساقى ئەمدى جامى مەي ئىچ، بول ھەم ئولدەم ھەقشۇناس.
كۆزۈ قاشى، يۈزۈ زۇلفى، لەئلىدىن ئول بەس بولۇپ،
ئالدى مەندىن جىلۋەلەر ئەيلەپ بۇ بەس ھۇسن ھەۋاس.
خانىقەھ تەۋفىنى قىلسام ئەرز، شەيخ ئەتمەس قەبۇل،
مەرھەبا، دەر دەير پىرىدىن گەر ئەتسەم ئىلتىماس.
ئەرشى، گەر رىندە فەناسەن كەي لىباسى فەقرىكىم،
زەر قۇماشىدىن مۇرەججەھ كەلدى فەقر ئىچرە لىباس.

**41**

ئارەزىن جانان ئاچىپدۇر مىھرى نۇر ئەفزا ئەمەس،
خۇش نىگاھى گەرم قىلدى نەشئەئى سەھبا ئەمەس.
ئاغنامىش گۇلزار ئارا مەئشۇقۇ ئاشىق بىر بولۇپ،
ئىككى رەڭلىك جىلۋە قىلغان بىر گۇلى رەئنا ئەمەس.
قاشىن ئەگمىش ھۇسن ئەۋجى ئۆزرە يوق قەۋسى قۇزەھ،
كاكۇلىن قىلدى فەرىشان خاتىرى شەيدا ئەمەس.
زەربى ئىشقىمكىم قاتىغ كۆڭلىگە ئانداغ بولدى نەقش
زەئف فەرھاد [ئىلە] مەجنۇن قاش ئۆزە پەيدا ئەمەس.
ئايدا كۆرگەچ داغ تىمسالىن دىمەك ئىشق ئەھلىدىن،
دۇدى ئاھىمدىن قارارىپدۇر يۈزى سەۋدا ئەمەس.
كىمسەنىڭكىم مىھر، ماھى كۆڭلىدە قىلماس سۇكۇن،
سىدق ئەتۋارىندا ئول چۇن چەرخى پا بەرجا ئەمەس.
باغ ئارا سەرۋى سەنەۋبەر قەددى گەر مەۋزۇن ئىرۇر،
نەۋ نىھالى قامەتىڭ يەڭلىغ ۋەلې زىبىا ئەمەس.
قامەتى مەۋزۇنۇڭ ئۆزرە ئارەزىڭ گۇلگۇنەسى،
سەرۋى باشىدا ئاچىلغان بىر گۇلى ھەمرا ئەمەس.
ئىشق جامىدىن ئاچىنغان مەست ـ بىخۇد بولغان ئەل،
ئەرشى، گەر ھەددىن فۇزۇن سەندەك ۋەلې رەسۋا ئەمەس.

**42**

ماڭا بىر گۇشەئى فەقر فەنا بەس،
فەراش ئورنىدا يەرتۇق بورىيا بەس.
ئۇلۇس ۋەسلى مەيى نۇشىن تىلەردە،

ماڭا فۇرقەت چاغى خارى بەلا بەس.
بۇزۇغلۇقدۇر ئەزەلدە ئۇق سىرىشتىم،
تۈزۈكلۈك نىدىن ئەت، ئەي، پارسا بەس.
چەمەندە نەيلەيىن ئاچىلسا يۈز گۈل،
گەر ئۇلسە جىلۋەئى گۈلگۈن قەبا بەس.
مېنى كۆيدۈرسە گەر ئۇتتەك تۇتاشىپ،
نىگاھىڭ قىلماغىل، ئەي، دىلرەبا بەس.
كىشى ۋەسلىدە قىلماس شۇكر ئۆزە شۇكر،
ئاڭا يۈز ھەسرەت ئىچرە ئىبتىلا بەس.
سىرىشت ئۇلسە چۇ بىزگە شۇرىشى ئىشىق،
نىچۇك قىلغايمىز ئاندىن ماجەرا بەس.
نىتەي جەننەتدە بولسە يۈز تۈمەن ھۇر،
جەھان باغىدە بىر ھۇرلىقا بەس.
چەك ئەمدى، ئەرشىيا، تۈرلۈك نەۋانى،
نەۋائى سەۋتىدە چەكسەڭ نەۋا بەس.

43

ئەي ھەردىمىكىم، ساڭا جۇز سەن ئاڭا مەھرەم ئەمەس،
لى مەئەللاھ، كەلدى شاھىد بەسكى بۇ مۇبھەم ئەمەس.
دەرگەھىڭ فەيزىدىن ئۇلمىش بارچەغە قۇربى كەمال،
قۇررەتۇلئەينىڭنى زىكرىن قىلماغان ئادەم ئەمەس.
چەشمە سارى مەشرەبىڭ ھەر يان قىلۇر تۈرلۈك زۇھۇر،
ئۆزلۈكىدىن كۆكدە كەۋسەر، يەر ئۆزە زەمزەم ئەمەس.
مىھر ئايىن شەرئىڭ ئەنۋاردىنى قىلماي ئارزۇ،
مىھر ئەۋجىن مەسكەن ئەتكەن ئەيساۋۇ مەريەم ئەمەس.
فەتھەلئەبۋابى فۇيۇزاتىڭدىن ئىبردى ئىززۇ جاھ،
مايەئى مۇئجىز سۇلەيمان ئىلكىدە خاتەم ئەمەس.
ئالمايىن بۇيى نەسىمى خىلئەتىڭ ئەنۋارىدىن،
ھاشە لىللاھ بىر گۈلى بۇ باغ ئارا خۇررەم ئەمەس.
نەردبان ئۇلغاندا سىررىڭ چاغى توققۇز چەرخكىم،
پايەلەردىن پايە ئىبردى نەيىمرى ئەئزەم ئەمەس.
ئاي كەبى ئەلبەسكىڭ ئۆپەي قەسدىدە چەرخ ئۇلدى دۇتەھ،
شەيخلىق دەئۋاسىن ئەيلەپ قەددى ئانىڭ خەم ئەمەس.
كويۇڭ ئىچرە ھەر گەدا ئىلكىدە بىر كاچكۇلكىم،

سىلكىدە بولماقغە ئانىڭ ھەددى جامى جەم ئەمەس.
رەھمەتەن لىلئالەمىن سىررى ساڭا مۇختەس ئۇچۇن،
گەرچە سەرۋەر كۆپ سىنىڭدەك سەرۋەرى ئالەم ئەمەس.
كۆرمەك ئىستەپ تاپتى كۆرمەسلىك نىداسىنى كەلىم،
ما ئەرەفناك ئىردى چۇنكىم سىررىغە مۇلھەم ئەمەس.
مەقدەمى سۇرەت بىلە بەزمىگەكىم قويدۇڭ قەدەم،
شەھپەرى رۇھۇلئەمىن ھەم لال ئولۇپ ھەمدەم ئەمەس.
ئەرشى ھەم نەۋمىد ئەمەس، چۇنكىم ئىرۇر لۇتفۇڭ ئەمىم،
بارچە جۇرم ئەھلىدىن ئانىڭ جۇرمى گەرچە كەم ئەمەس.

44

چەرخ زالىن كۆركى، يۈزرەڭ مىكر بۇنياد ئەيلەمىش،
يۈز جەھان شاد ئەھلىنى بىر دەمدە ناشاد ئەيلەمىش.
كۆرە ئالماي ئافىيەتدىن دەھر ئىلى خۇررەملىغىن،
شادلىغ مەئمۇرەسىنى فىتنە ئاباد ئەيلەمىش.
مىكرى تارىدىن يۈزىگە سالىبان تۈرلۈك تۈگۈن،
ئۆزىگە ئازادەلەر قەيدىنى مۇئتاد ئەيلەمىش.
فىتنە ئەھكامىن سورۇرگە دانەئى ئەنجۇم ساچىپ،
ئىگنەسىن غەم خىرقەسىن تىكمەككە فۇلاد ئەيلەمىش.
ۋۇسئەتى كۆڭلۈمدە سالسام شادلىغدىن يۈز بەنا،
فىتنەلەر ئەيلەپ دەما ـ دەم، جۇملە بەرباد ئەيلەمىش.
بۇ نە تالىئدۇر، مۇسۇلمانلار، نە بەختۇ ۋاژگۇن،
ھىممەت ئەھلىن بەند ئىتىپ، دونلارنى ئازاد ئەيلەمىش.
يۈز جەفاۋۇ جەۋر ئەسبابىن تۈزەر، كۆركىم، بۇ دەھر،
خاتىرىم خۇررەملىغىن ھەر لەھزەكىم ياد ئەيلەمىش.
ئىستەمە قەددىڭ جەھاندىن بەسكى ئەفرىدۇن ئەسىر،
مىدھەتى دىۋ ئەيلەبان سۇلبى پەرىزاد ئەيلەمىش.
بارچەغە ئەيلەپ سىتەمھەم ئەيلەپ ئارتۇغراق ماڭا،
زۇلمكەشلىك بابىدا ئەرشىنى ئۇستاد ئەيلەمىش.

45

نە ئەنبەر بۇي خەتدۇر ئول گۇلى رۇخسارە ياستانمىش،
كى دۇدى ئاھى ئاشىقلار مەھى ئەنۋارە ياستانمىش.

دېمه كويىدا هەر سارى ئاچىلغان نەرگىسى شەهلا،
سەرا- سەر رەهگۇزاردىن لەشكەرى نەززارە ياستانىمىش.
كۆز ئۇچىدا قىيا باقمايمۇ دەپ ئەي شوخ بىپەرۋا،
سەرى كويۇڭنى يىللار ئاشىقى بىچارە ياستانىمىش.
مەنى هەيران باشىغە سايەسى تۇشسە ئەجەب ئېرمەس،
نېتاڭ، خۇرشىدى شەۋكەر كىم سەرى دىۋارە ياستانىمىش.
قاچان پەيكانلارىڭ يادى كېتەر مەجرۇه كۆڭلۈمدىن،
كى گويا مەرهەمى كافۇرىدۇركىم يارە ياستانىمىش.
بىلۇر مەنسۇر ئەسرارىڭ مەيى تەۋهىد ئىچكەنلەر،
چىقىپ دارى فەناغە دەرگەهى جەببارە ياستانىمىش.
كۆتەرمە باش سۇجۇدى ئاستانە يار دىن، ئەرشى،
چۇ هەركىم بولسە ئاشىق دەرگەهى دىۋارە ياستانىمىش.

46

مەي تۇتۇپ ساقى بۇ كۈن كۆڭلۈم تەرەبناك ئەيلەمىش،
بادە ئىچكەن شوخلاردەك داغى چالاك ئەيلەمىش.
گاهى چىهرە كۆرسەتىپ گەه مەي بىلە دەفئىن قىلۇر،
غەم سىفاهى زور ئېتىپ هەر نەچچە غەمناك ئەيلەمىش.
بۇ كۆڭۈل ئايىنەسىنى گەرچە تۇتسە زەڭگۇ غەم،
بادە سافىن رىز ئېتىپ ئول نەۋئىكىم باك ئەيلەمىش.
ئۇرغان ئاهىم سۇبهى چاغى بادەئى گۇلگۇن ئىچىپ،
كۆك ياقاسىن سۇبهدۋەش بىر دەمدە ئول چاك ئەيلەمىش.
كۆيدۇرەي دەپ ئاتەشىن مەي بىرلە ئول بۇت مەستكىم،
هەجر ئوتى يانىمدا جىسمىم خارۇ خاشاك ئەيلەمىش.
ئەيلەمىش دەم سەرد ئېتىپ گەر چەرخى مۇستەغنا مېنى،
ساقى ئوتلۇغ مەي ئانىڭ دەفئىگە تەرياك ئەيلەمىش.
قانىئ ئولغىل دەردىغە كىم، ئەرشىيا، گەر پىرى دەير
جۇرئەئى غەم سافىدىن بەرمەككە ئىمساك ئەيلەمىش.

47

تۈنۈ كۈن ئەزم ئەيلەپ ئول ئالەمگە بولغاچ نۇر تاش،
خىجلەت ئەيلەپ ئاي قارالىق بولدى، سارغاردى قۇياش.
هۇسن ئارا كۆركىم قىلىپ دىن قەسدىغە كۆزلەر سىتېز،

غارەتى ئىمان ئىشىن بىلماقغە قۇشلار قويدى باش.
تۇرفەكىم سەرگەشتەلىك ھەم قىلغاي ئۇل ئەفكەندەلىك،
لىك ئېيتەر بۇ شىۋەلەرنى ناز پەرۋەر ئەگمە قاش.
ئىلكىدە كۆزگۇ بۇلۇپ ھايىل كۆرەلمەن يۈزىنى،
كىم قۇياش نەززارەسىن مەنئ ئەيلەگەندەك كۆزدە ياش.
داغدىن جىسمىم ئارا ھەر سارى ئاچىلغان سۆگەك
كۆرسە، رەھىم ئەتكەي كۆلۈمسۈپ، شاد ئۇلۇر ئۇل باغرى تاش.
خەت ھۇجۇمى بۇ كۆكۆل قەسدىغە ئانداغكىم ئېرۇر،
نەچچە كافىر جەمئ ئۇلۇپ بىر سەيد ئۈزە قىلغاي تالاش.
بىر دەمى ۋەسلى خىيالىدىن كۆكۆل فارىغ ئەمەس،
سۇھبەتىم ئەھلى جەھان بىرلە ئېرۇر مەھز مەئاش.
ئەقل دەر: رەسۋا بولۇرسەن بۇت بىلە باقىشمە كۆپ،
ئىشق ئەيتۇر: بىر - بىرىڭگە كۆز ئۇچى بىرلە قاراش.
مەن قاچان دېدىم: كۆكۆل دەردىنى، ئەرشى، فاش ئېيتەي،
قىلدى ئىشقى بىتەھاشى ياشۇرۇن دەردىنى فاش.

**48**

فەھم ئېتەرمەن بولماغۇم ئۆلگۈنچە ھىجراندىن خەلاس.
ھەجرىدە شامۇ سەھەر يۈز ئاھۇ ئەفغاندىن خەلاس.
بىر ساچىپ زۇلفىنى، يۈز ئالەم فەرىشان ئەيلەسە،
مەن نېچۈك بولغايمەن ئۇل زۇلفى فەرىشاندىن خەلاس.
ئىشق ۋەھمىدىن ئەبەسدۇر بۇ كۆكۆلدە ياشۇرۇن،
كىم كىرىپ ۋەيرانە ئىچرە بولدى تۇفاندىن خەلاس.
ئىلتىماس ئەت جۇرئەئى دەير ئىچرە پىرى جامىدىن،
ئىستەسەڭ دەردى جەھان ئەندۇھىدۇر ئاندىن خەلاس.
ئىشق تىغى بىرلە جانىم، دەرمە، قۇربان ئەيلەسە،
بولسە يۈز جان، بولماسۇن ھەر كۈندە قۇرباندىن خەلاس
كىمسە گەر ئىشكىڭنى ياستاناماقدىن ئۇلمىشتۇر مەلۇل،
ھەجرىلە تا رۇزى مەھشەر قىلمە ھىرماندىن خەلاس.
ئەرشىنى قەيدى نىگاھىڭدىن خەلاس ئەتكىل دېسەم،
دىدى: قىلمام بولماسا گەر ھۇكمى سۇلتاندىن خەلاس.①

1) ئەسلى نۇسخىدا مۇشۇ غەزەلدىن كېيىن ئىككى بەت ئاق تاشلانغان بولۇپ، «زات» (ض) ھەرپى بىلەن قاپىيەلىنىدىغان غەزەللەر كۆچۈرۈلمەي قالغان.

49

باش ـ ئاياغىمدىن نىشان بەرمەككە گەر تارتىلسە خەت،
ئول خەتى مەۋھۇمدەك باشىدىن ـ ئاياغ بولغاي غەلەت.
سەجدە ئەيلەپ قاشلارىڭ ئۇترۇسىدىن ئالىمان باشىم،
نى ئۇچۇن مەتلۇب ئىبرەمىشدۇر ماڭا ھەددى ۋەسەت.
نەچچە غەم چەكسەم خەتىڭدىن بولدى چەھرەم زىينەتى،
لەۋھى زەررىن ئۈزرە ئانداغكىم ياراشقاندەك شەمەت.
بىر دەرەم چاغلىق زەكاتى ھۇسنىدىن قىلمىش دەرىغ،
دۇررى ئەشكىمدىن تەلەب كويىدا ساچسام يۈز تەمەت.
كۆزلەرىڭ مەردۇملارىنى كۆزگە ئافەتمۇ دەيىن،
يا مەگەر كەلدى جەفا جىمىدا يازىلغان نۇقەت.
يار مەلەك خەيلىغە گەردۇن زەۋرەقى نىلىن ئىبرۇر،
ھەجرىدىن تا كۆككە تەگرۇ سىبلى ئەشكىم بولدى سەت.
زەر قىزى ھەنگامەسىدىن ئەرشى ئانداغ بولدىكىم،
كۆزلەرىم شەكلى مۇھىتى مەردۇمى ئۈينارغە بەت.

50

كىمسە ھەرگىز كۆرمەگەي بۇ تەرز ئىلە بىر نازلىق،
ناز شىرىن پەردەسىدە قىلغاي ئول تەننازلىق.
قوزغالىپ ئەھلى جەھان تۇرلۇك تەماشا ئەيلەگىز،
ئوت ساچىپ ئاھىمدىن ئەيلەي تۇرفە ئاتەشبازلىق.
چەكسەم ئول رەشكى پەرى ھەجرىدە تۇرلۇك نالەلەر،
قاندىن ئەتكەي بۇلبۇلى بىخانىمان دەمسازلىق.
مۇنچەمۇ بولغاي سىتەم چۇن زۇلىم پىشە سەڭگىدىل،
ھەر دەمى يۈز جەۋرى قىلسە ئول قىلۇر ھەم ئازلىق.
سارغارىپ خۇرشىد كۆكتە، يەردە گۇل يەپ ھەسرەتىڭ
مۇنچە ھەم بولمىش ساڭا ھۇسن ئىچرە ئەي شەھبازلىق.
ئات ئاياغىدا قالۇر فەرھاد ـ مەجنۇن خۇبلاشىپ،
ئىشق مەيدانىدا قىلساڭ نەچچە تۇركتازلىق.
مىھر كىم سەركەشلىغىدىن شۇئلەسى تۇشمىش قەۋى،
دانە ئەيلەر يەرگە ياتغاچ، كۆركى، سەر ئەفرازلىق.
چەرخ ئۈزە خۇرشىددەك بار مەن جەھان ئىچرە غەرىب،
دەردمەندى تاپمادىم قىلغاي ماڭا ھەمرازلىق.

شاھىدى مەئنىغە ئەرشى كەيدۇرۇپ تۇرلۇك لىباس،
كۆرگۈزەي ئەمدى خىرەد ئەھلىغە سىيئەتسازلىق.

51

پەردىلەرگە شىيئار ئولمىش ئەگەرچە بىۋەفا بولماق،
ماڭا مۇئتاددۇر كويىدا ئانىڭ بىنەۋا بولماق.
مەسەل ئېردىكى ئادەمگە پەرى ۋەسلى ئەمەس مۇمكىن،
ۋەلې بولدى ماڭا يۈز ئانچە مۇشكىل ئاشنا بولماق.
فەلاسى فەقرنى ھەر كىم كۆرەر زەربەفتدىن ئەلا،
مۇيەسسەر بولسە گەر ئول شوخ كويىدا گەدا بولماق.
ھەۋايى سۇنبۇلى ئەزبەس كۆڭۈل كويىغە بەند ئولمىش،
نە ھاجەت ئول سەنەمنىڭ تارى زۇلفىدىن رىدا بولماق.
ئەزەلدىن ئوق كۆڭۈل نەقدى نىسارى ئىشق ئولغاندۇر،
ئەمەس ھاجەت پەردىلەرگە كىم ئولدى دىلرەبا بولماق.
خىرامىڭ چاغى لۇتف ئەيلەپ نە بولغاي پايمال ئەتسەڭ،
ماڭا بەسكىم تەمەننادۇر كويۇڭدا خاكى پا بولماق.
نە مۇمكىن جان قۇشى تاپماق رىيالىق ئۇمر ئىچى بەسكىم،
كى باشدىن ئوق ئاڭا قىسمەت ئىمىشدۇر مۇبتەلا بولماق.
بۇ جان باشىغە ئەي زالىم دەمى تىغىڭ تەمەننادۇر،
زىبەس جان باشىغە مىيئراج تىغىڭغە فىدا بولماق.
چۇ ھەر ئوت ئىچرە سالغىل، سالما ھىجران ئوتىغە، يارەب،
بەسى مۇشكىلدۇرۇر مەئشۇق ئاشىقدىن جۇدا بولماق.
ئەگەرچە بىنىشان بولماق ماڭا مەتلۇبدۇر، ئەرشى،
ۋەلې مەرغۇبدۇر مەھرويلەرغە ئاشنا بولماق.

52

كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداق قاتىلى يەكتا ساۋۇق،
زىشت رويۇ تۇندخۇي سەخت بىھەمتا ساۋۇق.
قىشلار ئەتفالىغە توڭدۇرماق بەسى تەئلىم ئېتىپ،
دەرسى سەرد ئەيلەرگە يوقتۇر بۇ كەبى موللا ساۋۇق.
بىر نەفەسدە ئىچۇ تاشنى ئەيلەر ئول ئۆز ھالىدەك،
بولسا يۈزمىڭ ئالەم ئىچرە سەرۋ گەر بەرنا، ساۋۇق.
كۆر بۇ دەم ئەشجار ھالىنى، ساۋۇق زاھىد كەبى،

ئىچىدە مۇزلار توڭىبان تاشى سەر تاپسا ساۋۇق.
دەلۋ چاغى، جىددى چاغى جىلۋەگەردۇر بۇلئەجەب،
يوقدۇرۇر دەۋزەخدە مۇنداغ ھەم يانا ھاشا ساۋۇق.
نەچچە يىل كوھسار ئارا كۆردۈم ساۋۇقلار كىم بەسى،
كۆرمەدىم مۇنداغ ساۋۇق دەملىق يانا ئەسلا ساۋۇق.
كېلىبان كەلمەكلىكىدىن كىمگە غەم بىل، كاشكى،
سۇد يوق پەيدالىغىدىن بولسا ناپەيدا ساۋۇق.
يوق ساۋۇقراق بۇ جەھان ئىچرە ساۋۇق ئەلدىن بۆلەك،
ئەرشى نادان بولسە بولغىل، بولماغىل [ئەسلا] ساۋۇق.

53

يۇز گىرىھ دەۋراندىن ئولغاچ ئەيلەمىش كۆڭلۇم قەلەق،
شايەد ئەتكەي دەفئ بۇ مۇشكىللەرىم رەببىلفەلەق.
مەن قاچان ئۆزلۈكدىن ئەتتىم جۇستىجۇ ئەۋۋەلدىن ئوق،
قىسمەتىم كەلمىش زىبەس مەي بىرلە كەيفۇلمۇتتەفەق.
ئەشك دۇررىن تىزغالى جىسىم ئۆزرە كۆزلەر ھېكمەتى،
گويىيا كەۋكەب ساچىلغان يەر ئۆزە يەتتى تەبەق.
بىلمەي ئۆز ھەددىن قەلەم قىلغاچ ھەۋەس تەسۋىرى ئىشق،
سەرنىگۇنۇ يۇزى قارا ھەم بولۇپدۇر باشى شەق.
كىرگەچ ئول كافۇر پەردە جىلۋە گۇلگۇن ئەيلەمىش،
كۇن ياشۇنغاچ جەمئ ئولغان [دەك] ئۇفۇق بىرلە شەفەق.
كۆر نەزاكەت گۇل كەبى تاڭ يېلىدىن گۇلبەرگىكىم،
مەيلى رەفتار ئەيلەسە زاھىر قىلۇر يۇزدە ئەرەق.
زىكرىم ئولدى ئىشق ئۇمر ئىچرە، نېچۇككىم بەرمەدى
ئىشق پىرى «ئەين»، «شىن»، «قاف»دىن ئۆزگە سەبەق.
ئوتغە تۇشسە مەھۋ ئولماي نېتكۇسى ناگاھ قىل،
قايدا قالسۇن سوزىشى ئىشق ئىچرە بۇ جاندىن رەمەق.
گەر فەرىشانمەن، فەرىشانراق بولايكىم، ئەرشىنىڭ
قىسمەتى قىلمىش زىبەس مەي بىرلە كەيفۇلمۇتتەفەق.

54

سەرىغ كۇلاھ ئىلە ئول شوخ گۇل قەباغە باقىڭ،
كۇلاھى ئۆزرە ساچىلغان داغى جىلاغە باقىڭ.

سىنانى ئىلكىدە بىر كافىر ئەر سوراغىنە سىز،
قارا - قارا مىژە بىرلە كۆزى قاراغە باقىڭ.
زۇهۇرى زاتىدىن ئەيلەپ نەچچەئى كاكۇل،
بۇ رەڭ رەمۇزى بىلە سەنئەتى خۇداغە باقىڭ.
يانىدا بىر نەچە قاتىل، ئۆزىدۇرۇر خۇنخار،
هۇجۇمى مار بىلە كاكۇل ئەژدەهاغە باقىڭ.
نەمۇد زۇلف يۇزىگە تىلەر ئەسىز تەشبىه،
قارا تۈن ئۇيقۇ قوپۇبان سەهەر سەباغە باقىڭ.
بۇ شىۋە بىرلە مەگەر غارەتى جەهان قىلماس،
خەلايىق ئىچرە بەسى شور ئىبتىلاغە باقىڭ.
سەداغى ئۇچىدا ئاسرابدۇ بىر بۆلەك قاتىل،
جەهان خەرابىغە ئول كافىرى بەلاغە باقىڭ.
ۋەفا ئىلىگە ئۇرار دەم - بەدەم جەفا تىغىن،
فەلەك ئىشنى كۆرۈڭ شوخ بىۋەفاغە باقىڭ.
نەۋائى گەرچە نەۋا تاپمايىن ئۆلۈپ سىزدىن،
كىلىڭكى، ئەمدى سىز، ئەرشى، هەۋاغە باقىڭ.

55

نە مۇمكىن سەئيى ئىلە كويى سارىغە نەچچە ئۇرسام تەك،
تەمەننا هەلقەسىدۇر ئول قۇياش ئىشكىدە سالىنچەك.
كۆيۈپ ۋەسلىدە هەم هەجرىدە سارغارماقلىغىم گويا
ئىرۇر كەيگەنگە ئوخشا نەستەرىن يافراغىدىن كۆڭلەك.
ئۇلۇۋۋى دەرگەهىڭغە تىكلەنىپ بىر دەم باقا ئالماي،
ئىتىڭ سىنغان سەفالىدىن ياساپمەن كۆزۈمە ئەينەك.
ئەلىف تىمسالىكىم جانلار ئارا قاش ياسىدىن ئالغان،
خەدەڭگى تارى مىژگان پارەسىدۇر دىمەڭىز ناۋەك.
مۇهەببەت غەيرەتى گۇلگۇن هەرىردىن قىلمىش ئانداغ رەفئ،
تۈن ئاقشام تۆكمەئى جەيبىغە گەر مەهكەم ئىرۇر ئىلمەك.
نە هەد زۇلفۇڭ هەۋاسىن قىلغامەن كۇفر ئىستەبان كۆنلەر،
ئىتىڭ بوينى تەنابىدىن ئالاي زۇننار ئۇچۇن ئۆلچەك.
لەبىڭدە ئاستىن - ئۇستۈن ئىككى خالىڭ جانغە ئىككى داغ،
نە ئىمكان بولغاي ئول سەئيى ئىلە ئىككى نۇقتەسىدەك هەك.
بۇلۇپ هەم سەئب هالەت بولماغاي هىجران بەلاسىدىن،
خۇشا ئىككى كۆڭۈللۈك بولسە ۋەسل ئاقشامىدا بىردەك.

لەبى لۇتفى بىلە ئوتلۇغ ئۇزارى شىۋەسىن بىلدىم،
بىردىگە قەسد تىرگۆزمەك ئىكەندەك بىرگە كۆيدۈرمەك.
فىراق ئەندۇھىدىن ئۇمر ئىچرە بىر دەم بولمايىن فارىغ،
كىچىكدىن ئوق ماڭا ۋەرزىش ئىكەن ماڭماي يۈرۈپ [كۆيمەك].
فىراق ئەندۇھىدىن ئۇمر ئىچرە بىردەم بولمادىم فارىغ،
بەھەم بولماس كىشىگە يار كويىدا بۇ رەڭ ئۆلمەك.

56

ساچسە گەر ئەندەك زەكاتى ھۇسنىــدىن ئول قان نەمەك،
تۇزغە قانمىشدۇر جەھان ئەھلىــن ..................
فارىغ ئولسە ئالتەدىن مەردانە يۈركىم باك ئەمەس،
خاھى ئوڭۇ خاھى سول چەۋرۈلسە گەر يەتتى فەلەك.
خاھى كۆيدۈرسۈن ئۇزارى، خاھى تىرگۆزسۈن لەبــى،
خال يەڭلىغ نەيلەيىن، چۈنكىم تۈشۈپمەن مۇشتەرەك.
پەردەدە بولغاچ نەزەر كۆز ئەيلەمىش مەيلى نەزەر،
كۆن ياشۇنغاندىن كېيىن چۈنكىم ئۇچارلار شەبپەرەك.
دېدى، گەرچە ئاشىقى سەن [كىم] ۋەلې شەرتى بۇدۇر:
نالە بىھەد چەكسە چەككىل، بولسە ھەم ئاھىستەرەك.
ئاھ، كۆپ پىچىش ئىلە چەكتىم ئاڭا نىسار ئۈچۈن،
خاھ ئانى فاش ئەيلەسۈن، خاھ ئەمدى بۆركىگە كىچەك.
خالىن ئىزدەپ داغ تاپتىم، زاتىن ئەيلەپ كۆپ شەفىئ،
چۈنكى، شەيئىلىللاھ چىكىپ سائىل دەرەم ئۆززە تىلەك.
گەر ماڭا ئىشق ئەھلى شىركەت دەئۋىسىن قىلسە نې غەم،
غەيرەتى ئىشق ئىلغامىش چۈنكىم ئېرۇر ئەسلى مەھەك.
.................................................................
①...............................................................

57

بەسى كۆڭلۈمنى ئالدىڭ بىر نىگاھى بىرلە، ئەي جانىم،
ساڭا ئەمدى فىدا ئەيلەي بۇ جانىم، بەلكى ئىمانىم.
ئىشتىسەم ھەر كۈنى سەن ئاندا شادۇ خۇررەم ئېرمىشسەن،

① بۇ يەردە ئىككى مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

بەسى سەنسىز زەبۇن بولدى مىنىڭ ھالى فەرىشانىم.
مۇھەببەت ۋادىسىدا ھەر كىشى بىر سارى مەيلاندۇر،
بۇ ئالەمدە مىنىڭكى سەندىن ئۆزگە يوقتۇر ئارمانىم.
كۆزۈڭ سەر فىتنەئى ئىمان نىگاھىڭ ئافەتى جاندۇر،
قاشىڭ ئىتتىك قىلىچمۇكىم، قىلۇر ئول قەسدى قۇربانىم.
تىشىڭ گويا دۇرى گەۋھەر، لەبىڭ ياقۇتى ئەھمەردۇر،
ساچىڭ چۇن سۇنبۇلى سارا، يۈزۈڭدۇر ماھى تابانىم.
كۆزۈڭ شەۋقى سالىپ ئالەمگە ئوتلار ئانچەكىم كۆيگەچ،
جەھاننى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلغۇسىدۇر سوزى ئەفغانىم.
ماڭا بەس گۇشەئى خاتىر ئىرۇر ئول شاھى خۇباندىن،
ئەجەب ئىرمەس ئەگەر ئىشق ئەھلى بولسە بەندە فەرمانىم.
مىژەڭ چۇن ناۋەكى جاندۇر، داغى تەڭ غۇنچەدىن ئاغزىڭ،
بىلىڭ چۇن خىفچەئى گۇلدۇر، قەدىڭ سەرۋى خىرامانىم.
تەلەب ئولدۇركى ئەرشنى ئۇنۇتمە، گاھى ياد ئەتكىل،
بەسى كۆڭلۈمنى ئالدىڭ بىر نىگاھى بىرلە، ئەي جانىم.

58

ۋادەرىغا، ئالەم ئىچرە ئاشنايى تاپمادىم،
بىر باقىپ كۆڭلۈم ئالۇرغە دىلرەبايى تاپمادىم.
مەن ۋەفا قىلغانسارى ئارتار جەفـاسى يارنىڭ،
دەردىمە نۇشى لەبىدىن بىر دەۋايى تاپمادىم.
ئاستانى يار مەندەككە نىچۇك بولسۇن بەھەم،
ئىتلارىنىڭ كويىدا بولماقغە جايى تاپمادىم،
سەرنەۋشتىم ئىردىمۇ يا تالىئىمنىڭ دونلۇغى،
بۇ ھەمە مەھرويلاردىن بىر دەۋايى تاپمادىم.
ئالەم ئىچرە تۆرت بازارى ئەناسىرنى كېزىپ،
بار خەلايىق گەۋھەرىدە بىر جىلايى تاپمادىم.
بۇلبۇل ئاسايى چەھار باغ ئالەم ئىچرە، ۋادەرىغ،
يۈز نەۋا قىلدىم ۋەلې بەرگى نەۋائى تاپمادىم.
دانەئى ھۇسنىن كۆرۈپ، ئەي ئەرشئى ئاشۇفتە دىل.
ئىشق دامىغە سىنىڭدەك مۇبتەلايى تاپمادىم.

59

قىلدى ماڭا ئول جىلۋەئى ناگەھ باقا قالدىـم،
دۇنيا بىلە ئۇقبانى جويغە ساتا قالدىم.

شىرىن لەبىدىن بەردى مەگەر ۋەئىدەئى ئۇل شوخ،
جان نەقدىنى ئىلكىمگە ئالىبان بارا قالدىم.

مەئشۇق دېدى: باۋەر ئەمەسدۇر ماڭا ئىشقىڭ،
غەيرەت تىغى بىرلە يۇرەكىمنى يارا قالدىم.

غەمزە ئوقى بىرلە ئېتىپ ئېردى يۇرەكىمگە،
بەرداشت قىلالماي ئىشكىدە ياتا قالدىم.

مەجلىس ئارا ئۇل شەمئىنى كۆردۇم، بارا ئالماي
پەرۋانە كەبى ئۆيرۈلۈپ ئەلدىن ياقا قالدىم.

قىلدى مەگەر ئۇل نۇھ سۇفەت دەئۋەئى پۇر شور،
تۇفانى بەلا ئىچرە بىناگەھ ئاقا قالدىم.

ۋەسلىن تەمەئ ئەيلەپ بارىپ ئېردىم ئىشكىگە،
نەۋمىد بولۇبان كىرە ئالماي يانا قالدىم.

مەي سۇندىكى ئەغيارغە ئۇل، رەشك يۇزىدىن
دەرهال قوپۇبان مەينى قولىدىن ئالا قالدىم.

ساقىكى بەسى مەينى بۇ كۇن ئەرشىگە تۇتتى،
سافىنى ئىچىپ دەردىغە باغرىم ياقا قالدىم.

**60**

ئىشق ئوتى باشىمدا يانغاچ ھەمزەبانىمدۇر چىلىم،
نالەلەر تۇرلۇك چېكەر دائىم فىغانىمدۇر چىلىم.

ئوت بىلە سۇنى بەھەم ئەيلەپ، چىقارىپ دۇدلار،
شىر - شىر شۇرىش بىلە مۇئجىز بەيانىمدۇر چىلىم.

سوز دىل تەقرىر ئېتەر چاغ ئاغزىدىن ئوتلار ساچىپ،
تۇمتەراقى سىينە بىرلە نۇكتەدانىمدۇر چىلىم

بۇ جەھاندا يوقتۇرۇر بىر ئاندىن ئۆزگە مۇنىسىم،
رازدارىم، غەمگۇسارىم، مىھرىبانىمدۇر چىلىم.

دۇدنى تارتىپ ئانى رەد قىلماسام يوقتۇر ئەجەب،
قۇتى دىل ھەم قۇۋۋەتى رۇھى رەۋانىمدۇر چىلىم.

رويى زەردۇ ئاھى سەردىم كىمگە تەقرىر ئەيلەيىن،
ئۆزىدە بۇ سۇرەت ئولغاچ رازدارىمدۇر چىلىم.

تا قىيامەت ئۇزمە كۆڭلۇك، ئەرشيا، بۇ نەشئەدىن،
بەسكى، ئالەم ئىچرە ئۇمرى جاۋىدانىمدۇر چىلىم.

**61**

سىتەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەجرەفتار بۇ ئالەم،
ئانىڭدا زەررەئى مىھرۇ ۋەفا يوق، ئەي بەنى ئادەم.
قانى ئىسكەندەرۇ دارا، قانى جەمشىد، ئەفرىدۇن،
نەسىب ئەتمەي ئۇلارغە تەختىدە ئىچمەككە جامى جەم.
ئەگەر يۈز يىل ئەمرى سەلتەنەت ئەۋجىگە يەتكەندە،
ۋۇجۇدۇم فانى ئەيلەپ، يەر يۇتۇپ قىلغاي ئانى مەھكەم.
جەھانىنىڭ تەختۇ بەختىنى مۇھەببەت فەقرىگە ساتقاچ،
جەمىئى ئەھلى ھىممەت باشىغە تاج ئولدىلار ئادەم.
كى ھەر كۈن ناز بىرلە جىلۋە قىلسە زال مەككارە،
يۈزىنى كۆرسەتىپ كۆڭلىن ئالىپ، ئۇمرىنى قىلغاي كەم.
ئەگەر شاھۇ گەدالار فانى بىلسە ئۇشبۇ ئالەمنى
يۈزىگە لۇتف ئىسانىنى قىلغاي قەترەئى شەبنەم.
ئىلاھا، رەھم ئېتىپ ئەرشى دۇئاسىن مۇستەجاب ئەيلە،
رەھىمى رەھنەماسەن، سەن ماڭا قىل مەغفىرەت ئەرھەم.

**62**

كىردىگارا، لۇتف ئېتىپ قىلغىل گۇناھىمنى كەرەم،
كۆپ يازۇقلار ئەيلەگەن فېئلى تەباھىمنى كەرەم.
غەفلەت ئىلە ھەر زەمان يادىڭنى قىلماي، قىل بۇدەم
تارتغان ئىشقى مەجازى ئىچرە ئاھىمنى كەرەم.
رەھمەتىڭ ئىشكىن ئاچىپ قەھر ئەتمەي ئەمدى، ئەيلەكىم
قىلغان ئۇشبۇ جۇرمىدىن رويى سىياھىمنى كەرەم.
ئەيلە، يا رەب، فەقر كويى لەززەتىن بىلدۇرمەيىن،
ئىلتكەن كۆڭلۈمنى ئانداغ ئىززۇ جاھىمنى كەرەم.
كۆزلىمەي ھۇسنۇڭ زۇھۇرىن بارچە ئەشيا ئىچرە كىم،
غەيرىگە سالغان نەزەر قىلغىل نىگاھىمنى كەرەم.
يا رەب، ئەتكىل خەستە ئەرشى بىر دەم ئاگەھ ئولمايىن
غەفلەت ئىچرە ئۆتكەن ئۇشبۇ سالۇ ماھىمنى كەرەم.

**63**

دەھر دەيرى ئىچرە مۇنداغ قايدا بىر زىبا سەنەم،
گويىيا بۇ ھۇسنۇ خەللاقىغە مەزھەردۇر ئەتەم.

كاشفىلئەسرارلىق زاھىر قىلۇر نەرگىسلەر،
ئەھسەنۇتتەقۋىم ئانىڭ شەئنىگە بىر مۇختەس رەقەم.
قامەتىڭ كۆرگۈزمەدى تا قىلمادى مەۋزۇن خىرام،
جۇز تەكەللۇم فەھم ئولماس ئاڭا رۇخسار ئىچرە فەم.
باۋەر ئەتمەن تىلدىن گەر دېسەلەر ئەخبار قىل،
مۇمكىن ئېرمەس كەلمەكى تەئرىفىغە نەۋئى ئەدەم.
نۇش لەب بىرلە ئاغىز شەھدىنمۇ دەي شىردىن شەكەر،
يا مەگەر ھەيۋان سۈيىدۇر ئابى زەمزەم بىرلە زەم.
نۇر ئەر مىشكىن ھىلال ئۈستىدە مىژگان يوق ئەجەب،
مەسھەڧ ئىچرە كەلسە «نۇن» يانىدا ھەم باردۇر «قەلەم».
بىتەھاشى چەكمە ئۈن زىكرىدە ئەرشى تۇت مۇرۇر،
ھەق كەلامىغە زىبەس مەرغۇب ئىمىش سەۋتى غەنەم.

64

ئەگەر رىفئەتلىكىم ۋەسلىن تىلەپ ھەر چەند ھەۋا قىلدىم،
كۆرۈپ بىر تازە گۈل زەۋقىدە بۇلبۇلدەك نەۋا قىلدىم.
جەھان ئاشۇبى بىر شوخى جەفاجو جىلۋەگەر ئولغاچ،
نەزەر مەنئىدىن قىلا ئالماي خەستە بۇ جانغە جەفا قىلدىم.
قۇچالماسدىن مېنى قۇچقان لەبى بولغايمۇ دەپ گۈلبەرگ
قىزىلگۈل يافراغىن پەيۋەندلەر ئەيلەپ قەبا قىلدىم.
ھەياتى تازە ئىستەپ لەئلىڭ ئارمانىن نەچە چەكتىم،
نە ئۇمرى قۇتى جان تاپتىم، نە دەردىمگە داۋا قىلدىم.
ئۇزارىڭ شەۋقىدە تۈنلەر ماڭا ھەيرەت بولۇپ ئەفزۇن،
نەۋالار ئەيلەگەنچە ئەيلەي ـ ئەيلەي تا سەبا قىلدىم.
بەلەند پەرياد ئۇرماي ئول پەرىغە يوق ئۈچۈن مەرغۇب،
ھەزىن نالىش ئىلەن جان ئۈدىدىن ئەندەك سەدا قىلدىم.
كەل ئەمدى، ئەرشى، ئۈز كۆڭلۈڭ سەلاھى پارسالىقدىن،
نېچۈككىم پارە ئەيلەپ خىرقە تاردىن رىدا قىلدىم.

65

كەمالى ھۇسنۇڭە «ئەلھەمد» ئىلە دۇئا قىلايىن،
يۈزۈڭ سىفاتىنى «ۋەششەمس» ئىلە ئەدا قىلايىن.
سەۋادى سايەئى سەرۋى قەدىڭ ئەگەر تۈشسە،

ئىكى جەھاندا ئىكى يۈزۈمە قارا قىلايىن.
ھەۋايى كاكۇلى كۇفرۇڭنى ئەيلەبان زۇننار،
ساچىلىك سەۋادى خىيالىنى مەن رىندا قىلايىن.
بۇ دەير ئىچرە نېچە يۈرگەمەن خۇمار ئالۇد،
شەرابى شەۋق ئىچىپ زەۋقنى راسا قىلايىن.
مەيى لەبىدىن ئەگەر ئەيلەسەم رەۋا كامىم،
كى نەقد، جانۇ جەھاننى ئاڭا فىدا قىلايىن.
بۇشۇرىش ئىلە سالاي ئالەم ئىچرە يۈز غەۋغا،
كى تىيرە ئاھ ئىلە كۆك كۆكسىنى يارا قىلايىن.
نېتەي بۇ زۇھدى رىيانى مەسجىد ئىچرە مۇدام،
بارىپ سەنەمكەدەگە زىكرى رەببەنا قىلايىن.
مۇيەسسەر ئولماسە گەر ئىتلارىڭ ئىزىن ئۆپمەك،
ئۆپۈپ كۆزۈمگە غۇبارىنى تۇتىيا قىلايىن.
بۇ نەزم تارىغە مەئنى دۇرىن تىزىپ ئەرشى،
سۇخەنسەرا لە يۈزىن مىسلى كەھرەبا قىلايىن.

66

ئاتىپ ئېردى غەمزە ئوقىن جانىمە قاش ياسىدىن،
يارەلىغ قۇشدەك ئۇچۇپ كەتتى كۆڭۈل مەئۋاسىدىن.
مەن نېچۈك شاد ئەيلەي ئەمدى، بەسكىم ئول گۇلرۇيىنىڭ
خاتىرى ئازۇردە ئولمىش بۇلبۇلى شەيداسىدىن.
گوشەئى ۋەيرانەدە يۈرسەم نىشىمەن نې ئەجەب،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر چۇنكىم ئولۇس غەۋغاسىدىن.
پەرتەۋى ھۇسنىن كۆرۈپ مەجلىس ئارا خۇرشىد چىھر،
چەۋرۈلۈر پەرۋانە يەڭلىغ شەمئ بەزم ئاراسىدىن.
تۇتى گەرچە نۇقل شەككەردىن ئېرۇر شىرىن دەھەن،
كىم بۇ جانگە مەي خۇش ئولمىش لەئلى شەككەر خاسىدىن.
ئولسە گەر زۇلفۇڭ خىيالى بۇ كۆڭۈلدە جىلۋەگەر،
شانە يەڭلىغ چاك-چاك ئولمىش كۆڭۈل مەئۋاسىدىن.
سەر نىگۇندۇر باغ ئارا شەمشاد، بوستان ئىچرە سەرۋ،
كۆرسە گەر رەڭگى خىرامى قامەتى زىباسىدىن.
زەر قىزىنىڭ ھەسرەتىدە تەشنە كەلدىم ساقىيا،
نەشئەئى ياب ئىلە [ئول] لەئلى لەبى ئەفزاسىدىن.

قىلغۇسىدۇر ئەرشى كۈندىن - كۈن جۇنۇننى فۇزۇن،
كۆرسە گەرچە بىۋەفالىق شوخ بىپەرۋاسىدىن.

67

لۇتفى ئىلە جانان نىگاھ ئەتسە، نىسار ئەتكۈم بۇ جان،
چۈن نىسار ئەتسە بۇ جان جانان ئىلە قىلمىش قىران.
گۈل چاغى بۇلبۇل نىچۈككىم ئەيلەمىش تۈرلۈك نەۋا،
مەن ھەم ئول گۈل زەۋقىدە ئەيلەرمە گۈنا - گۈن فىغان.
گۈل ۋەرەق ئاچىپ چەمەندە مۇسھەفى ۋەسفىن ئوقۇر،
غۇنچەلەر شەرھى گۈلى ھۇسنى ئۈچۈندۇر سەد بەيان.
ئارەزى دەۋرىدە دەۋرى زۇلفلار گويا ئېرۇر،
كەئبە ئەتراپىنى ئالغان لەشكەرى ھىندۇستان.
سۈرەئى ئىشقىڭنى تەفسىر ئەتكەلى بار كىمدە تىل،
مەكتەبى خامۇشلۇقغە كىردى ئەربابى بەيان.
ناۋەكى ئىشقىڭ تىگىپ ئانداغ كۆڭۈل مەجرۇھدۇر،
ھەر قايان بولدى رەۋان، ھەر قەترە قانىمدىن قىيان.
ئەھلى ئالەم گەرچە ئىسكەندەرنى ئالەمگىر دەر،
ئالەمى ئىشق ئىچرە مەن گويا سۇلەيمانى زەمان.
خۇد نەما ئەنقايىدىن سورما نىشانىمنى مېنىڭ،
بى نىشاندىنكىم قاچان ئەھلى نىشان بەرگەي نىشان.
ئەرشىئى مەھجۇرنى مۇنچە نەزەردىن سالماغىل،
لۇتفى ئىلە جانان نىگاھ ئەتسە، نىسار ئەتكۈم بۇ جان.

68

كۆزدىن ئۆتتى ئول پەرى تەندىنمۇ يا جانىمۇ دەيىن،
«جان» ئاراسىدىن ئەلىف يا تاجى ئىمانىمۇ دەيىن.
ئانسىزىن جانسىز كۆرەرمەن گەر تېنىم جانلىغ ئېرۇر،
يا ماڭا جان بەرگۈچى يا جانغە دەرمانىمۇ دەيىن.
قامەتىن ياد ئەيلەسەم ئەيلەر دىماغىمغە تۈتۈن
چەككەن ئاھىمدۇرمۇ بۇ يا دۇدى ھىجرانىمۇ دەيىن.
كۆيدۈرۈپ ئوتدەك مېنى ئوتدەك ئۆزىن كۆزدىن يىتەر،
ئافەتى دەۋرانىمۇ بۇ يا تەبئى ئىرانىمۇ دەيىن.
ئوت سالىپ كۆزدىن نەپەس تىرگۈزگەلى لەبدىن سورار،

ئۆرتەگەچ جانلار بەلاسى ياكى جانانمۇ دەيمن.
نەچچە سەنئەتلەر كۆرۆپ نەزمىم ئارا ھەر كۈن بۆلەك،
ھېكمەتى يۇنانمۇ بۇ يا تەبئى ئىرانمۇ دەيمن.
ئەرشنى قۇشلار تىلى بىرلە بۇ يەڭلىغ سايراغاچ،
بۇلبۇلى نالانمۇ بۇ يا مۇرغى خۇشخانمۇ دەيمن.

69

ۋەھ، نە خۇشتۇر خۇش نىگاھىم باقسە نەرگىسزارىدىن،
ئىشۋە بىرلە ھال سورسا ئاشقى بىمارىدىن.
سېھرلەر كۆرگۈزدى ئۇل يۈز غەمزەئى جادۇ بىلە،
مەن نېچۈك جان ئىلتەيمن بىر غەمزەئى خۇنخارىدىن.
لەئل يەڭلىغ رەڭگىلىغ چىقمىش ئۆيىمدىن ئافتاب،
بادەئى رەڭگىن مەي ئىچتى [ئۇل] لەبى سەرشارىدىن.
مەن جەمالىغە ئاچارمەن ھەر تەماشا كۆزنى،
خۇش قىلۇر كۆڭلنى زاھىد ھۇرلار دىدارىدىن.
مەن شەرابى لەئلىدىن سەرشاردۇرمەن، ئەيى رەقىب،
سەن يۈرۈرسەن تەشنەلەب ئىچمەي مەيى رۇخسارىدىن.
مەندە تەبئى شائىرى يوقتۇر نىشانى ئاشقى،
ھەرنە فەيزى تاپمىشەم مەن مەھرەمى ئەسرارىدىن.
بار مەلەك نىشانىدۇرلار ئىشق زاتىدىن تەمام،
ئەرشىيا، كەل، جامى مەي ئىچكىل مۇھەببەت سارىدىن.

70

بۇ باشۇ تاش ئارا ھەر كۈن نە چاغ، يا رەب، تالاش ئولسۇن،
فەلاخەن گەر ئاتار ئۇل يار تاش ئورنىغە باش ئولسون.
سەمەندى نەقش پايىن يەر ئۆزە كۆرگەچ بەدەل قىلمان،
تالۇن ئاي شۇئلەلىغ چولپان ۋە يا كۆكدە قۇياش ئولسۇن.
مامۇق ھەر نەچچە ئوتنى تۆكسە كۆڭلىدە شەرار ئارتار،
نە چاغ مەخفى قىلۇرسەن ئىشق ئوتىن، فاش ئولسە فاش ئولسۇن.
مۇسىبەتلەركى سالدى كۆڭلۈمە ھىجران تۈنى گەردۈن،
يۈزى بىھەد يارالىغ بۇ كۆڭۈلدىن ھەم خەراش ئولسۇن.
قۇياشكىم مىھر ئەمەس ناز ئەۋجىدە ئۇل نەۋئىكىم تىنماس،
دەمى ئەيسا بىلە ئاھىم ئۇرۇجى گەر تۇتاش ئولسۇن.

بۆلەكلەر زۇلم ھەددىن ئۇل ئىكەۋغە يەتكۇرە ئالماس،
جەفانىڭ «جەم»ى گەر كۆزۇ، ستەمنىڭ «سىن»ى قاش ئولسۇن.
سۇغارىپ بۇ كۆڭۇل قانىدا پەيكانىن يەنە ئاتمىش،
چىقىپ ئول يول بىلە ئەمدى بۇ كۆزلەر ئىچرە ياش ئولسۇن.
كۆڭۇل ۋەھشىسىن ئول بىر زۇلف دامىغە ئەسىر ئەتكىل،
نە چاغ سەيیادلارغە بىر كىيىك ئۆزرە تالاش ئولسۇن.
تەرەھھۇم يۇزىدىن تارتىپ ئاتاردا قىلماغىل تەئخىر،
ئىكى ئوقۇڭغە مەئۋا كۆز ھەدەف، كاش ئولسە كاش ئولسۇن.
نە سۇد ئەر بولسە زەر ئەۋراقىدىن شەھلەرغە كۆپ مەفرەش،
گەداغە .............. ① گەر فەراش ئولسۇن.
نەۋائىيدەك نىشانە ئورنىغە باشىن تۇتار ئەرشى،
ئەگەر ئىشقىڭ ھەۋاسىدىن ياغار ھەر ژالە تاش ئولسۇن.

71

كۆزى، ئايا كۆر، قان ئىچمە [ ككە] بىر ئاچمۇ ئىكىن،
جان ئالاجۇقىنە ئوت ياقماقغە ئوتقاچمۇ ئىكىن.
نەرگىسى ئەفكارنى نىسبەت بىرۇرلەر كۆزىنە،
يىرتىلاج ئىرمەس ئاندىدەك ھەم بۇ قىماچمۇ ئىكىن.
ئەۋجىدىن تا ئەۋجىگە سالماق نەزەر مۇمكىن ئەمەس،
يا ئىرۇر بۇ دۇدى ھىجران [يا] ئۇزۇن ساچمۇ ئىكىن.
نەچچە ئاشىقكەشلىك ئۆتسە زاھىر ئولماس سىررىلىك،
يا ئۆزى خۇنرىز قاتىل يا كۆزى ئاچمۇ ئىكىن.
تىرگۇزۇر ھەر چەندلەب قىلمىش ئۆلۇم ۋەھمىن كۆڭۇل،
ھەر دەمى قەتلىم خىيالىن كۆزى قىلغاچمۇ ئىكىن.
گەرچە ئالەمگىردۇر يۇز ۋەسلىنى قىلمان ئۇمىد،
كۆيدۇرۇپ ھىجران ئوتى داغى ساۋۇرغاچمۇ ئىكىن.
ئوتلۇغ ئاھىمدىن يۇزۇم كۆيمەسلىكىنى بىلمەدىم،
ئەرشى ھەردەم سىيلى ئەشكىم ئوتغە ئورغاچمۇ ئىكىن.

72

سالىبان كۆڭلۇمگە مىھرىڭ، مىھرىبانىم قايدا سەن،
جانىم ئارامىن ئالىپ، ئارامى جانىم قايدا سەن؟
جاننى نېتكۇم جان ئارا تۇشكەن «ئەلىف» دەك قامەتىڭ

① بۇ يەردىكى سۆزلەر ئەسلى نۇسخىدا كۆچۇرۇلمەي قالغان.

بولمەسە گەر ۋەسلى ئانىڭ، ئاھ جانىم قايدا سەن؟
گەرچە مەن فەرھاد ئەمەسمەن، دەردىم ئاندىن كەم ئەمەس،
يوقسە سۆز شىرىن ۋەلې شىرىن زەبانىم قايدا سەن؟
كۆرگەلى كافىر كۆزۈڭنى ئالماساڭ ئەمدى كۆڭۈل،
كەتكۈدەك بولدى كۆڭۈلدىن، دىلىستانىم قايدا سەن؟
سەنسىزدىن كۈندۈز ماڭا ھەم تۈندىن ئارتۇق تىيرە تۈن،
رەۋشەن ئەيلەرگە ئانى ماھى جەھانىم قايدا سەن؟
گەرچە ياش نادانلادەك قەدرىمنى ھەر كۈن بىلمەدىڭ،
بىلگەلى قەدرىمنى ئەمدى قەدرىدانىم قايدا سەن؟
سەرۋ ئىلە شەمشاد تۈرلۈك دەئۋ قىلسە، سەن كېلىپ
قىل خىرام ئەيلەپ خىجىل، سەرۋى رەۋانىم قايدا سەن؟
كۆزلەرىمگە سايە ئەيلەپ مەردۇمىن تەخت ئەيلەدىڭ،
ئەمدى ئولتۇرسەڭ بۇ تەختىڭ ئۆزرە جانىم، قايدا سەن؟
كۈندە يۈز ئۆلگۈنچە فۇرقەت ئىچرە، ئۆلتۈر بىر يولى
ئەرشنى ئەمدى بەلايى ناگەھانىم قايدا سەن

73

ئارەزىن زۇلف ئىچرە قىلدىم مىھر بىر تاب ئارزۇ،
تاڭ ئەمەس خەففاش قىلسە تۈندە مەھتاب ئارزۇ.
بۇكى مەجنۇنلۇقدە تۈشتى كۆڭلۈمە سەۋدايى زۇلف،
قىلغان ئېرمىشمەن مەگەر زەنجىرى قۇللاب ئارزۇ.
لەئلىگۇن لەبنى قىدىغان جام ئەگەر ئىلكىمدەدۇر،
نېگە قويغايمەن بۇ دەمدە لەئلى سىراب ئارزۇ.
ئۇڭدا تاپمان تۈشدە كۆرگەچ ئارەزىڭ بىر يول كۆزۈم،
قىلدى كۆزلەر قىلماغاي مۇنداغ شەكەر خاب ئارزۇ.
جىلۋەگەر ئول تەب ھىلالى كۆرگەچ ئوق باش ئىندۈرۈڭ،
كەئبەدە گەر سەيرگاھدۇر شەيخ مېھراب ئارزۇ.
قانىئ ئولماي كويىدا ئىتلار ئاياغى قانىغە،
تەشنە ئۆلگەيمەن گەر ئەتسەم بادەئى تاب ئارزۇ.
نەۋگى مىژگان نىش نۇشى ئەرشى گەر قىلدى ھەۋەس،
باۋەر ئەتمە چىن دەبان قىلدى چۇ ئويناب ئارزۇ.

74

كۆرمەدىم كۆڭلۈم ئالۇرغە سەن كەبى يارى يەنە،
خەستە جانىم ئىرگۈزۈرگە لەئلى دۇربارى يەنە.

جەننەتى فىردەۋس ئارا گەر ھۇرى رىزۋان ئىزدەسەم،
تاپماغايمەن بىر سىپىنگدەك ساھىب ئەسرارى يەنە.
ئايۇ كۈن بىلكىم يەدى بەيزاغە پەرتەۋ سالدى بۇ،
كىم كۆرۈپتۇر بۇ كەبى دەھر ئىچرە دىيدارى يەنە.
تىشلارىن يادىدا ھەردەم دۇررى غەلتان يىغلادىم،
بولماغاي ئىشقىڭدا مۇنداغ چەشم خۇنبارى يەنە.
ۋەسفى ئېيتەي دەپ گەر ئاتىن تۇتسام زەبانىم ئۆرتەنۇر،
يوقتۇرۇر ئالەمدە بىر مەندەك گىرىفتارى يەنە.
تاغ ئارا غەم تىشەسىن ئۇرماقغە فەرھاد ئەيلەدىڭ،
كۆرمەس ئېرمىش ھېچكىشى سەندەك ستەمكارى يەنە.
گەر ھەقىقەت ئىستەسەڭ بەلكىم ئاجايىب دىلبەرى،
تۇرفە مۇنداغ بولماغاي بىر مەست خۇنخارى يەنە.
تىيرە قىلغان رۇزگارىمنى بۇ كۆزى قارەدۇر،
مەئلۇم ئولكىم يوقتۇرۇر مەندەك دىل ئەفكارى يەنە.
بىنەۋادۇر گەرچە كويۇڭدا تۇمەنمىڭ شاھلار،
بارمۇدۇر ئەرشى كەبى بىر ئاشىقى زارى يەنە.

75

كەئبەۋۇ رۇم ئېيتەي نىسار ئارەزىنىڭ خەتاسىنە،
ھىندۇ ھەبەش باغىشلايىن كۆزلەرىنىڭ قەراسىنە.
ناۋەكىن ئاتسە ھەر زەمان جانۇ كۆڭۈلگە بىدەرىغ،
كۆز قاراسىن فىدا قىلاي ...... ① لارىنىڭ ياراسىنە.
رەمزى رەمۇزى نارىغە يوقۇ بارىم نىياز ئېيتىپ،
جانۇ كۆڭۈل گەرەۋ قىلاي شىۋەئى خۇش ئەداسىنە.
نەچچە كويىدا يۈردۈمۇ گەھ يىقىلىپ گەھى قوپۇپ،
بىر نەزەرىنى سالمادى ئاشىقى بىنەۋاسىنە.
ئۆرتەسەلەر خىيالىكىم ئەيتۇر ئىمىش ئەجەب بۇدۇر،
ۋەسلى چاغى ئەگەر كىشى ئەرزەئى دىلرەباسىنە.
خالى خەتىكى يۈزدەدۇر جەۋھەرىدىن ساچىپ ئاڭا،
لەئل ئۆزە لەئلىلۈككە مەن لەئلى رەۋان قاراسىنە.
ئۆلگۈچە ئەرشى كۈندە يۈز، بىر كۈنى ئۆلكى، يەتكەي ② ئول
زالىمى شوخى پۇر جەفا بىر يولى مۇددەئاسىنە.

① بۇ يەردىكى سۆز ئېنىق ئەمەس.
② ئەسلى نۇسخىدا بۇ سۆز «نېتكەي» دەپ يېزىلىپ قالغان.

## 76

خىلافى رەسم ئۇچۇن بۇ رەمزىدىن بولمىش كىشى ئاگەھ،
پەرىزادى پەرى ئاسىبىدىن تەئۋىز تاپقاي ۋەھ.
قىغان ھەجرىدە چەكسەم، ۋەسلىدە ئاندىنمۇ ھەم ئارتار،
نىچۇككىم گۈل ۋىسالىن تاپسە بۇلبۇل كۆپ چېكەر چەھ ـ چەھ.
مەنۇ زاھىد چېكەرمىز ئاھۇ ۋەھ بۇ دەھر ئارا ھەرچەند،
كى بىر باغ ئىچرە گويا نالە بۇلبۇل، چۇغز ئۇرار قەھ ـ قەھ.
نەسىبىم گەر ئەمەسدۇر گۇلشەنى ۋەسلىڭ تەماشاسى،
ئىرۇر باغى ئىرەم دەۋزەخ ماڭا، فىردەۋس ئاتەشگەھ.
كۆزۈم جامى مەيى ۋەسلىڭدىن ئەر مەھرۇملۇق كۆرسە،
ئىرۇر كەۋسەر سۇيىن نۇش ئەيلەمەك كۆڭلۈمگە مۇستەكرەھ.
گەدايى كويۇڭ ئولغاچ نەچچە يىلدۇر ئىزز دەرگاھىڭ،
قويار باش باشغە ھەردەم مۇرەسسەئ تاج قويغان شەھ.
سۇنۇق كۆڭلۈم ئۇزارىڭ شەۋقىدىن تاپمىش تۈگۈنلۈككىم،
ھىلال ئانداغكى ئولمىش مىھرىدىن ئونتۆرت كۈنلۈك مەھ.
كۆڭۈللەر يۇسۇفىن ھەردەم ئەسىر ئەتمەك ئۈچۈن، ھەيھات،
زەنەخدانى ئارا نۇن چەشمەسىدەك كۈلكۈ قازمىش چەھ.
ماڭا مەتلۇبى دەرد سوز ئىرۇر، زاھىدغە ئاسايىش،
نىچۈككىم مەن ئىرۇرمەن ئاشىق، ئول ھەردەم قىرىب ئىلەھ.
نەچە ئۆرلەر باشىڭدىن دۇدى ھىجران، ئەرشى، بىلمەنكىم،
قارا پەر باشغە چەككەن پەرى بولماس نىچۈك ئاگەھ.

## 77

قىيا باقىپغىنە بىر كۆزى قارە،
قىيا باشلادى كۆڭلۈمنى، نە چارە.
مىژەلەر تارىدىن ئاتماقغە، ھەيھات،
بىرىنى ئوق، بىرىن ئەيلەر كەنارە.
مەن ئۆز دەۋرىمدە كۇسى نەزم ئۇردۇم،
سۆز ئەھلى بارچە چالمىشلار نەقارە.
كۆزىن يۇمسە گەھى يوق ئۇيقۇ زەيلى،
جەھان شورىغە ئوقدۇر ئىستىخارە.
ماڭا قىلغانلارىن تەئداد ئىتەرگە
يوق ئەختەر، تۆكتى كۆك سەڭكى شۇمارە.

كۆڭۈلنى دەرد ئىلە دەرمان پەزىر ئەت،
كىشىكىم دەردى يوق ئول ھېچ كارە.
تۈنۈ كۈن شىۋەڭ ئولسۇن ئىشق بازى،
دېسەڭكىم، كۆرگەمەن ئۆمر دۇ بارە.
كۆڭۈل ئەگرەش خىرەد پەيدىن ئەبەس تۇت،
تۇرۇپ بۇلبۇل، زەغەن سەۋتى چەكارە.
تەرەب ۋەقتىنى، ئەرشى، مۇفتەنەم بىل،
سۈمۈر گەردۈنغە ئۆلچەپ بىر تەغارە.

78

ئىشق ئارا مەن ئۆلدۈمۇ ئەغيار ئولدى كام ئىلە،
تۇرفەكىم ئول جان تاپىپ گەر ئۆلسەمەن بەدنام ئىلە.
خۇش ئېرۇر نارىندەك چۇنكىم تاپىپ ئاچچىغ - چۈچۈك،
لۇتف بىرلە سورسا گەر ھالىمنى ھەم دەشنام ئىلە.
سارغارىپ تىش، باش ئاقارىپ، پىشمادى ئاخىر ئىشىم،
چۇنكى يۈردۇم ۋەسلىن ئىزدەپ كۆپ ئۇممىدى خام ئىلە.
نەچچە ئىمساك ئەتكەسەن، ئەي ساقى، مەي دەر پەي تۇتۇپ،
بىر يولى ياغۇ يىقىت يا ياز خۇمارىم جام ئىلە.
بىر كۈن ئولغاچ سوفىلار سەۋتى سەمائىدىن مەلۇل.
چالدۇرۇپ چەڭو چەغانە، ئويناديم ئەسنام ئىلە.
گاھى چىھرەم ئۆزرە ياش ئول شەرھى ھال ئەيلەپ تۇرۇپ،
ئەيلەگەيمەن ئەرزى ھالىمنى نېچۈك ئېبلام ئىلە.
زۇھد ئەھلىن قويكى، ھەرچەند نۇش ئېتەر كەۋسەر سۈيىن،
بىردەمى ھەم بولسە بولغىل رىندە دەرد ئاشام ئىلە.
كۆيدۈرۈپ كۆل ئەيلەدى جىسمىمنى ئانداغ ئىشقكىم،
ئۆمر ئىچى بولدۇم نە بىر ئاغاز نې ئەنجام ئىلە.
ئىشق ئارا بۇدۇر مۇسەللەم، ئەرشى، تۈرلۈك تەركىن ئەت،
ئۆلگۈچە رەسۋالىق ئىزدەپ ئۆل بۇ نەڭۇ نام ئىلە.

79

كۈلمۈسۈپ ئاچتى جەمالىن بىر كۈن ئول ماھ ئۆزگەچە،
دەرمەن ئۆز ھالىمغە بۇ دەم، شۇكر لىللاھ ئۆزگەچە.
چىن چىمەندىن ئالىپ ئولدەم ئاچىلسە گۈل كەبى،

بولماغاي ناگەھ بۇ ئافەت پىشە، ناگاھ ئۆزگەچە.
ئۇمر ئىچى سەئىي ئەيلەبان بىر شوخ ھالىن تاپمادىم،
بۇ نە ھالەتكىم، بولۇر گاھى تۆزۆك گاھ ئۆزگەچە.
خاھىشىن ھەرچەند ئىزدەپ، خاھىشىغە سىغمادىم،
بارمۇ بۇ ئافەتكە بىلمان تاكى دىلخاھ ئۆزگەچە.
ئەي فەلەك، كۆكسۆڭدە زەخمىن گەرچە كۆپدۇر، قىل ھەزەر،
تىيرە دىلدوز ئۆزگەدۇر بۇ ناۋەكى ئاھ ئۆزگەچە.
يوقۇ باردىن تەرك قىلماي يار تاپماق يوقدۇرۇر،
تۇرفەدۇركىم بۇ زەماندىن ئىزدەر ئەل خاھ ئۆزگەچە.
ئەرشى، ياستان فەقر كويىن، قىلمە شەۋكەت ئارزۇ،
شىۋەئى گۇلخەن بۆلەكدۇر، شەئنە خىرگاھ ئۆزگەچە.

80

دەھرنىڭ شەكلىنى كۆركىم، بولدى ھالى ئۆزگەچە.
بىلمان، ئايا، بارمۇدۇر ئانىڭ خىيالى ئۆزگەچە.
تەقۋى ئەيلەپ دەير ئارا يول تاپمادۇق، كەل، ئەي رەفىق،
مەست ئولۇپ مەيخارەلەر يەڭلىغ بارالى ئۆزگەچە.
ئەي مۇسەۋۋەر، سەھۋ ئەيلەپ قىلما تەسۋىرىن خىيال،
كۆزۇ قاشى ئۆزگە ئانىڭ، خەتتى خالى ئۆزگەچە.
بۇلھەۋەسلەر غەمىنى ئەيلەپ كىبلىڭ ئەھبابكىم،
تەلمۇرۇپ ئۇتروسىدا ئانىڭ تۇرالى ئۆزگەچە.
تاب كەلتۇرمەس نەزەر ھۇسن جەھان ئاراسىغە،
ياشۇرۇن كۆپ پەردە كەيىندىن قارالى ئۆزگەچە.
سارغارىپ گاھى قىزارىپ مىھرۇ مەھ بىر ھال ئەمەس،
ئەيلەمىش ئانى ئۇزارى ئىنفىئالى ئۆزگەچە.
ئىشق ئارا قەدر ئىستەسەڭ بىباك بولكىم، ئۆزگەدۇر
ئەھلى تەقۋا ئاندا، رىندى لا ۋە بالى ئۆزگەچە.
قىلسە كۆز غارەت كۆڭۆلنى، يۈز قىلۇر ئۆرتەرگە جەھد،
زۇلف ئاڭا تەقۋىيە ئەيلەپ جىسم دالى ئۆزگەچە.
دەھر ھەر چەند كۇلسە، ئەرشى، سەن سارى بىل زەھرخەند،
بارمۇ جان قەسدىن قىلۇردىن ئىھتىمالى ئۆزگەچە.

81

جىلۋەگەر بولدى ماڭا بىر كەنزەكى نازۇككىنە،
كاكۇلى ھەريان ساچىلغان، قاپقارا كۆزلۈككىنە.

یاشلىغ ئەیلەرمۇ ۋە یا شوخلۇق قىلۇرنى بىلمەدىم،
لابەلەر كۆرگۈزمىش ئول ھەرلەھزە یۈز تۈرلۈككىنە.
لەبلەرىدىن جان بېرۇردە ناز ئىھمالىن كۆرۈك،
جان ئالۇردا یوق ئىمىش مۇنداغ یەنە چابۇككىنە.
سەبزەئى گۇل رەڭگىدە بىر ھال یوقتۇر یازۇ قىش،
تۇرفەدۇركىم قىپقىزىل مەڭزى، قاشىدۇر كۆككىنە.
ئەیتىپ ئېردى بىر كۈنى، كەلگىل، خۇمارىڭنى یازاي،
دەپ ئىكەن بارسام ئۇمىد ئەیلەپ بارىن ئۇترۇككىنە.
شوخلۇق ئىجناس ئېتىپ، بىلمەي نەچەدىن تۇتما سەھل
گەرچە ئوغلانۋەش ئېرۇر ئول بواسە ھەم سۆزلۈككىنە.
شوخ جەۋلان جىلۋە كافىر شىۋەسى سەییادلىق،
سەرۋى قەد، سىیمىن زەقەن ھەم ئارەزى ئوتلۈككىنە.
نىمچە نارەنجى، قىزىل كۆڭلەك، باشىدا قەرقارا،
سۇنبۇلى بەشدىن ئۆرۈلگەن تالچىبىق بۆركلۈككىنە.
گەرشى، یاشلار ۋەسفىدە یاشلىقلىقڭنى قویمایىن،
لاۋەبالىقدىن دېدىك سۆزلەر، بول ئەمدى شۇككىنە.

**82**

ئەیلەمەس گەر ماڭا ئول شوخ جەفادىن غەیرى،
یوق ئاڭا مەندە سەھەر سىدقى سەفادىن غەیرى.
رەھمەتىك ئىشكى ئاچۇقدىن تۇتارەم كۆز، ۋەرنە
نە قىلۇر ئۇمر ئىچى بەندە خەتادىن غەیرى.
بارمۇ قىلغان كۈننى تىیرە قارا تۈندىن ھەم،
سۇنبۇلۇك ھەجرى مېنى بەختى قارادىن غەیرى.
ئۇمر ئىچى باشۇ ئایاغ پویەگەر ئولغان كىمدۇر،
ئىشق دەشتىدە مېنى بىسەرۇپادىن غەیرى.
تۇرفەكىم سىررى نىهانىم بارىغە كاشىفسەن،
غەیب ئىشىن بىلمەس ئىدى كىمسە خۇدادىن غەیرى.
قایتا ئالمان بویۇن ئاندىن نەچە زۇلم ئەیلەسە كۆپ،
قولدا یوق ئاچچىغلاسە خاجە رىزادىن غەیرى.
ئەرشى، كەۋنەیىن ئىچىدىن ئىستەمە جۇز فەقر ھۇسۇل،
یوق ئىمىش ئەھلى شەرافەت فۇقەرادىن غەیرى.

**83**

ئارەزىڭ ئۈستىدە قاشلار كۆك ئانىڭ ئەفكەندەسى،
ئاي يۈكۈنۈپ، كۈن سىغىنىپ سەجدە ئەيلەر بەندەسى.
قامەتىڭ سەۋداسىدىن بولغاچ قەلەندەر سەرۋىكىم،
باشىدا شەكلى كۈلەھ، بەرگىدىن ئولدى ژەندەسى.
ئاغزى تەھقىقىدا كۆپىدىن بار ئىدى كۆڭلۈمدە شەك،
ناگەھان شەكدىن چىقاردى لۇتف بىرلە خەندەسى،
فەرش ئولغان خىشتلارىكىم كويىڭدا قىلمان بەدەل،
ئەيلەسە گەر ئەرز ئۆزىن كۆكنىڭ مەھى رەخشەندەسى.
ئانى شاھەنشەھ بىلىڭ كۆرگەچ زۇمۇرەد تەخت ئۆزە،
بىر گەدا تەرزىدە گۈلخەن ئىچرەدۇر جويەندەسى.
كىمسەنى گەر دەر ماڭا بىر كەمتەرىن قۇل تۇغدىكىم،
قايىسى تالىئ بۇرجىدىن بۇ ئەختەرى فەرخۇندەسى.
يار ئەكسىن ئەرشىدە كۆرگەچمۇ بولدى باغ ئارا،
سارغارىپ گاھى قىزارىپ نەستەرىن شەرمەندەسى.

**84**

ۋەھ، نە بەلادۇرۇر بۇ كۈن جىلۋەگەر ئولدى بىر بەتى،
ئارەزى گۇلفىشان ئىكەن، تامىشادۇر مەلاھەتى.
كاكۈلى ئەژدەھاسى دەي، زۇلفى مۇسەلسەلىمۇ دەي،
نەرگىسى جادۇسىمۇ دەي، كۆڭلۈم ئالۇرغە ئافەتى.
ئارەزى شەمس يا قەمەر، تىشلارى دۇرر يا گۆھەر،
خىنچەئى① گۇلمۇدۇر بۇ يا كۆرسەم ئانىڭكى قامەتى.
خەستە جانىڭنىڭ ئەي كۆڭۈل ئىستەر ئىسەڭ دەۋاسىن ئەر،
چارە قىلۇرغە لۇتف ئىلە باردۇر ئانىڭ ھەزاقەتى.
بولغالى ئىشق تۆھمەتى كۆڭلۈمە بەھرە كۆپدۇرۇر،
خەستە جانىمنى تىرگۈزۈر يەتسە تۆمەن مەلامەتى.
يەتتە فەلەكنى ئۆرتەسە ئاھىم ئەگەر چىقىپ نىتاڭ،
چۈنكى تۈشۈپدۇر كۆڭلۈمە ئىشق ئوتىنىڭ ھەرارەتى.
ناز قىلىپ رەمۇز ئىلە قىلدى كۆڭۈلنى پۇر جۇنۇن،
بارمىدى ياكى بىلمەدىم لەيلى بىلەن قەرابەتى.

① ئەسلى نۇسخىدا «خۇمچەئى» دەپ يېزىلىپ قالغان.

لەبلەرى رەشكى لەئل ئۇلۇپ، لالە داغى ئېرۇر خىجىل،
سۆزلەرىدىن چۇ دۇر تامار، كۆپدۇر ئانىڭ نەزاكەتى.
قان بىلە چۇنكى يىغلاسا ئەرشىئى خەستە دىل، نېتاڭ،
باردۇر جانىدا يۇز تۈمەن ئىشق ئوتىنىڭ ھەرارەتى.

**85**

ۋىسالى ھەجرىدىن نالان كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
ماڭا،يا رەب، نەسىب ئەتسەڭ نە بولغاي گۇلئۇزارىمنى.
نەچە بىرەھم ئىلكىگە بولۇپمەن مۇبتەلا ئاخىر،
ساۋۇرمىشلار ھەۋاغە ھەر كۈنى غەمكىن غۇبارىمنى.
تاپىپ ئىشقىم كەمال ئانداغكى رۇھى ۋامىقۇ فەرھاد،
كېلىپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۆيرۈلۈر شەمئى مەزارىمنى.
كۆرۈپ ئەھلى تەماشا نەۋبەھارى لالەزارى دەر،
باغىر قانىن شەفەقگۇن ئەيلەگەن گاھى ئۇزارىمنى.
دېگىل بۇ ئۇمر ئالەمدىن ۋەفانى كۆرمەدىم ھەرگىز،
بۇ دەھر ئىچرە نەفەس ئالغۇنچە بىلمەسمەن تۇرارىمنى.
ئەگەر گۇل پەردەدە بولسە، نېچۈك ئارام ئالۇر بۇلبۇل،
يۈز ئاچقىل بىقەرار ئەتكىل بۇ جانى بىقەرارىمنى .
نەچەكىم خەستە جاندۇرمەن مەيى لەئلىڭگە، ئەي ساقى،
تەبەسسۇم جامىنى پۇر ئەيلەگىل، دەفئ ئەت خۇمارىمنى.
جەمالىڭدىن نېچە مەھرۇم ئولۇپ مەھزۇن يۈرۈي، جانا،
ۋىسالىڭ بىرلە مەمنۇن قىل دىلى ئۈمىدۋارىمنى.
بولۇرمەن شاد كۆكسۈم داغىنى قايغۇ قاناتغاندىن،
كۆرۈپ خۇرسەند ئولۇپ بىرەھم ئاچىلغان لالەزارىمنى.
ئەگەر ئەنقا ئالۇر بولسە نىشان، مەندىن نىشان تاپماس،
فەنا دەشتىدە ناپەيدا كۆرەرمەن مۇرغىزارىمنى.
لىقا مۇمكىن ئەمەس تەجرىد ھاسىل قىلمايىن، ئەرشى،①
خەزان بەرگى كەبى بەرباد ئەيلەي ھەرنە بارىمنى.

**86**

دەردىغاكىم، مېنى تاشلاپ بۇكۈن ئول دىلرەبا كەتتى،
قالىپدۇرلار نەچە نائاشنا ئول ئاشنا كەتتى.

① ئەسلى نۇسخىدا «ھاسىل» دەپ يېزىلىپ قالغان.

نەزەردىن كەتتى ئاتىن ئويناتىپ ئول چابۇكى چالاك،
ئىزىنىڭ تۇفراغىن كۆزۈمگە ئەيلەپ تۇتىيا كەتتى.
نە سۇد ئەمدى ئەگەرچە بولسە چۇن خەرمۇھرەلەر پەيدا،
نىتەي ئەمدى ئىكى ئالەمنى، دۇررى بىبەها كەتتى.
خۇشا، بەزمى ۋىسالىدىن نەچە كۇن كامران ئىردىم،
بۇ كۇن مەهتاب ئەينىم تىيرە ئەيلەپ مەهلىقا كەتتى.
ئەبەس مەهبۇبلاردىن ئەمدى ئۇممىدى ۋەفا قىلماق،
ئەسىرى دەردى هىجران ئەيلەبان ئول بىۋەفا كەتتى.
نىچۇك بىر بىۋەفا بىر شوخ زالىم ئىدى، يا رەب،
تۇمەن دەرد ئىلە بەس ئەرشىنى ئەيلەپ بىنەۋا كەتتى.

87

سەهەر خۇرشىدى شاهى تاغ ئۆزە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۇن ئارا تۇرلۇك رەقەم چەكتى.
فەنا فەرراشى ئەيلەپ سۇبهىنىڭ سىيمىن پەرۇ بالىن،
مۇرەسسەئ تارى مىژگانىنى جارۇبى هەرەم چەكتى.
كى ۋائىز كەئبەدە هەردەم سەمەد زىكرىن بەيان ئەيلەپ،
بەرەهمەن دەيرى تەختى ئۆزرە ئەسرارى سەنەم چەكتى.
باش ئالىپ كەئبەدىن شەيخى هەرەم، دەير ئىستەدى ئولدەم،
كى ئول بۇت زولفى ئەنبەر بار ناگەه پىچۇ خەم چەكتى.
هەقىقەت ئەهلى تەئرىف ئەتمەيىن فەهم ئەيلەگەي بىردەك،
مۇغەننى ئەرغەنۇن تارىنى نەچچە زىر ـ بەم چەكتى.
كىشىكىم كويىدا كۆل ياستانىپ، قان ئىچمەك ئىزدەر، ۋەه،
فەرىدۇن بەل سۇلەيمان تەختى ئۆزرە جامى جەم چەكتى.
خۇشا، ئول رىندكىم ئۇمر ئەساسى يوقلۇغىن بىلگەچ،
تەرەب جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم ـ بەدەم چەكتى.
جەفا تىغىنى دەۋران تىغل، ئەي ئەهباب، بىلمەيكىم،
نە تەنها شىرى نەرگە ئۇردى فىل ئۆزىگە هەم چەكتى.
دىيارى نەزم ئارا شەهلىغ نەۋائى گەرچە كۆپ سۇردى،
گەدا ئەرشىمۇ هەم سۆز مۇلكىدە يىللار قەدەم چەكتى.

88

ياشۇرۇپ گۇلدەك يۈزىن گۇلنار شۇپۇكى ئىچرە، ۋاي،
گويىيا بولمىش قىزىل ئەبر ئىچرە پىنهان تولۇن ئاي.

شۇئلەدىن سالمىش يۈزىگە پەردە ئانداغكىم قۇياش،
بولمادى مۇمكىن، دېسەمكىم تىكلەنىپ بىردەم قاراي
نەچچە ئەرزى هال قىلسام باۋەر ئەتمەس، ۋايكىم،
داغى دىل زاهىر قىلۇرغە ئەمدى كۆكسۈمنى ياراي.
ياد قىلسۇن بۇرقەئىن ئەسمەك نەسمى سۇنبۇلى،
دېسە گەر ئەهلى دىلى هەر لەهزە ئۆزۈمدىن باراي.
جان سەمەندىن سورسا ئىشق ئەهلى نەچە ۋەسلىن تىلەپ،
قۇيرۇغىن مەهكەم سۈزۈپ مەن ئەلدىن ئىكەرەك قاتاي.
نېگە كۆكسۈم ئاچغامەن، بەل چاك ئېتەر جان پەردەسىن،
دېسە گەر سىدقى تىلەپ كۆكسۈڭنى ئاچغىل بىر ئاتاي.
ئىتلارىڭ نەقشىن سەفالىن گەر نەسىبىم ئەيلەسەڭ،
تەشنەلىكدىن قانىن ئانداغ نەقشى بىرلە سىپقاراي.
نەچچە تەسكىنىم تىلەرسەن، ئال جەمالىڭدىن نىقاب،
ئارەزىڭ مىهرىدىن ئانداغ زەررەلەردەك ئالدىراي.
ئەرشى، جانان يادى بىرلە بىر قەدەه نۇش ئەيلەگىل،
گەر دېسەڭ، ئۆمۈزۈڭنى ئۆزلۈكدىن هەمىشە قۇتقاراي.

89

قايدا ئۆز يارىمغە ئوخشار، بولسە گەر يۈزىمىڭ پەرى،
ئول ئېرۇر خۇرشىدى تابان، ئۆزگەلەردۇر مۇشتەرى.
نەچچە هۇسن ئەهلى كېلىپ يانداشسا ئانداغ بەلگۈرۈر،
بىر تىزدىغ خەرمۇهرە ئىچرە گويىيا بىر گەۋهەرى.
قىيمەتى هۇسنۈڭنى مەندەك ئۆزگەلەر فەهم ئەيلەمەس،
ئاڭلاماس گەۋهەر بەهاسىن گەر ئەمەسدۇر جەۋهەرى.
ئول يىگىت ئەزمىن كۆرۈپ ناگەه يۈگۈردى كۆپ يىگىت،
ئول يىگىتلەردىنمۇ هەم ئارتۇق يۈگۈردۈم مەن قەرى.
دەۋرەئى خەت ئارەزى دەۋرىدە ئانداغكىم ئېرۇر،
مىهر ئەترافىدا نىلى رەڭگى چەرخى چەنبەرى.
هۇسن ئەتفالىغە لەۋهى ئارەزىدىندۇر سەبەق،
ئايغە تەلقىن ئەيلەگەندەك شۇئلە مىهرى خاۋەرى.
ئادەمىيلىق پىشە ئەيلەپ ئىشق ئەفزۇن ئەيلەگىل،
مۇمكىن ئېرمەس ئول پەرىگە گەرچە ئاشىق پەرۋەرى.
ئەۋۋەلا سىيراب ئىتنىڭ ئىزلارىن ئۆپ، ئەرشىكىم،
ئۆپمەك ئىستەرسەن جەهاندىن نەچچە گۈلبەرگى تەرى.

90

تۇرفە سۇنئى ئىلاھىدۇر كۆك چاي،
تەبىئنىڭ جلۋەگاھىدۇر كۆك چاي.
چىقتى چىن شەھرىدىن چىنى بىرلە،
چىن ئىلىنىڭ گۇۋاھىدۇر كۆك چاي.
ھىچ رويى زەمىندە يوق بۇ گىياھ،
دارۇلار پادشاھىدۇر كۆك چاي.
كۆزنى ئۆيغۇ ئىلى خەراب ئەتسە،
دەستىگىرى فەناھىدۇر كۆك چاي.
تولا يەپ ئاشى كۆپ ئاغىر كەلسە،
ئىچسەلەر ئەزم خاھىدۇر كۆك چاي.
قەدرىنى نامۇناسىب ئەل بىلمەس ،
ئەھلى مەشرەب غىزاسىدۇر كۆك چاي.
ئەرشىنىڭ تەبىئغە مۇناسىبدۇر.
بۇيى خۇش، رەڭگى خۇشدۇرۇر كۆك چاي.

## رۇبائىيلار

1

ئۇلدەمكى مىنى زارۇ نىزار ئەيلەدى ئىشق،
غەم تىغىدا كۆڭلۈمنى فىگار ئەيلەدى ئىشق.
ھەي-ھەي، نە قىلاي ئەمدى كۆڭۈل ئەسرارىن،
بىر يولى بارىنى ئاشكار ئەيلەدى ئىشق.

2

كەلگىل، سەنەما، قۇچۇپ دۇداغىڭغە ئۆپەي،
مەڭزىڭنى شۇرۇپ - شۇرۇپ قاپاغىڭغە ئۆپەي.
ئىسلەپ داغى سەقاغىڭغە ئۆپەي.
بەس ئەمدى، دىسەڭ، تۈشۈپ ئاياغىڭغە ئۆپەي.

3

ئول كىمسەگە كىم يار ئاڭا چىنىدۇر،
يوق چىنىكى بىر نىگار ماچىنىدۇر.
گۇلشەن ئارا بەزم ئىتەرگە ئول ئەيلەسە ئەزم،
مەرغۇب ئاڭا چايى بىلە چىنىدۇر.

4

دەۋران قىزىنىڭ ھۇسنىدە بىر چىنى يوق،
گەر كۆپ دىسە ئەل بىردە ھەمچىنى يوق.
بۇغۇسسەنى دەفئ ئىتەرگە سەئىي ئەتسە كىشى،
مۇشكىلدۇر ئاڭا چايى بىلە چىنى يوق.

### 5

خۇش ئول كىشىكىم مەشرەبىدۇر شاھانە،
ئورداسى بولۇپ لايىق ئاڭا مەيخانە.
مەي ئورنىدا چاي ئولسە پەيمانە چىنى،
نى بولغۇسى بۇندىن ئۆزگە ئىشرەت يانە.

### 6

بۇ شىۋەنى مەئزۇر تۇت، ئەي يار نەدىم،
كۆرگىل بۇ نەچە نىئمەت ئەزدىمايى ئەزدىم.
قىسمەت ئاڭا ئەيلەپ ئىرمىش ئول ھەيىيى
قەدىم،
چىنى بىلە چاي، چايجوش چىلىم.

### 7

خۇش ئول كىشىكىم دىلبەرى دىلجوي ئولسە،
كافۇر چىنىدە چاي خۇش بوي ئولسە.
ئالدىدا چىنى سۇراھى، ئىلكىدە چىلىم،
بۇ شەرت ئىلە ئۇمر ئىچى تەرەبجوي ئولسە.

### 8

بىر جۇرئە ئىچىپ مۇدام مەست ئولسە كىشى،
مەست ئولسە نە يەئنى مەيپەرەست ئولسە
كىشى.
ئۇريان بولۇبان خاھىش ئىيتىپ رەسۋالىق،
دەۋراننى بۇزۇپ مەست ـ ئەلەست ئولسە
كىشى.

## ساقىنامە

بۇ ئالەم مۇلكىدۇر يەل ئۆزرە بەرباد،
كىيتەر ئاندىن بارى بىر دەمدە ناشاد.
بۇ رەڭ بەرباد بولماغلىق بىلىپ ئەل،
ئەجەب ئولدۇركى، بولغايلار ئاڭا شاد.
ئىرۇر تەمكىنى ئانىڭ زەررە مانەند،
ئەمەس مۇمكىن ئانىڭ بۇدىدە بۇنياد.
تىرىكلىك قۇشلارىن تۇتماقغە بارىپ،
ئەجەل سەررىشتەسىن مانەندى سەيياد.
سىنان كىرپىكلەرىدىن تارتىبان يۇز،
قىلىچلار قاشدىن ئەيلەپ مىسلى جەللاد.
جەھان ئەھلىنى ئاھۇ بەررە يەڭلىغ،
ئەجەل سەررىشتەسىن مانەندى سەيياد.
تەرەھھۇم ئايەتىن ئەيلەپ فەراموش،
نىدايى «ئۇقتەلۇ»① بولمىش ئاڭا ياد،
فەنادىن ئۆزگە كىم تاپتى بەقاسىن،
مەلەكدۇر، گەر پەرى، گەر ئادەمىزات.
سىتەم تىغىن ئۇرۇاردا بىدەرىغ ئول،
فىزى ئورنىغەدۇر خارا ۋە فۇلاد.
بۇ ئالەم زىۋەرىدۇر فانى ۋەللاھ،
ئەمەس زىۋەركى، يەئنى ماسىۋەللاھ.

بۇ ئالەمگە بەقا قاندىن مۇيەسسەر،
فەنا گەردى بىلە بولسە مۇخەممەر②.
نەسىم ئەسكەچ فەنا ئالەم ۋۇجۇدىن،
ساۋۇرمىش گەردنى چۇن بادى سەرسەر.
بۇ گەرد ئەمۋاجىدۇركىم زۇلمەتى مىھر،
سۇ ئىستەپ ئاندا ئۆلمىش يۇز سىكەندەر.
ئەجەل دەندانەسىن يەر باشقە ئاخىر،
كىشى جەمشىددەك گەر بولسە سەرۋەر.
فەنا شىرويەسى ئۆلتۈرمىش ئولكىم،
كى خىسرەۋدەك جەھان قىلمىش مۇسەخخەر.

① «ئۆلتۈرۈڭلەر» دىگەن مەنىدە.
⑤ ئەسلى نۇسخىدا «مەخمۇۋەر» دەپ يىزىلىپ قالغان.

خەراب ئەيلەر بەسى فەغفۇر جىمىن،
ھەلاك ئەيلەر داغى گەر بولسە قەيسەر.
ئۇلۇغ زاتىدۇرۇر بىچۇن، بى مىسل،
تەئالەللاھ ئاندىن بارچە ئەسغەر.
تولادىن ئۇز كۆڭۈلنى، بىرگە بەرگىل،
ئەگەر بىردۇر ۋەلې ۋەللاھۇ ئەكبەر.
بۇ ئالەم زىۋەردۇر فانى ۋەللاھ،
ئەمەس زىۋەركى يەئنى ماسىۋەللاھ.

بۇ ئالەم ئەھلىدىن ئىزدەپ ۋەفانى،
ئالىپدۇر يا مەگەر بەرمەپدۇر ئانى.
نە قانىئ بۇ ۋەفاسىزلىقلارىغە،
سىتەم تۇرلۇك قىلۇرلار جاۋىدانى.
سەبا خارىنى ئەيلەپ نىش دىلدوز،
جىگەر خۇن غۇنچەنى ئەيلەر نىھانى.
ھەۋادىس سىلسىلىن گەردۇنغە ئانداق،
ئۇرۇپ كۆكلۇك قىلىپ يۇزدە نىشانى.
ئىچۇرگەچ غۇسسە راھىن مىھر ئاياغى،
شەفەق يۇزىگە چىقمىش كۆڭلى قانى.
جەھان خۇش جىلۋە شوخىدۇركى، ئەمما،
ئىرۇر بىر بىۋەفايى مىھرىبانى.
ۋەفا ئىستەر ئىسەڭ جۇز زاتى ۋاھىد،
فەلانى ئىستەمە، دېمە فەلانى.
بۇ ئالەمنى بەقاسىز ئاڭلا ئەي دوست،
كۆڭۈل بەرمە ئەساسى بار دەپ ئانى.
ئەگەر ئاقىل ئېسەڭ بۇ سۆز قەبۇل ئەت.
«فەھۇم لايەئرىفۇ ھازەلمەئانى»①.
بۇ ئالەم زىۋەردۇر فانى ۋەللاھ،
ئەمەس زىۋەركى يەئنى ماسىۋەللاھ.

بۇ ئالەم كۆرگۇزۇر گەر لالەۋۇ باغ،
ئىرۇر باغى سەقەر ھەر لالەسى داغ.
جەھاننىڭ قۇشلارىدا فەرق نېدۇر؟
ئانىڭدۇر زاغى بۇلبۇل، بۇلبۇلى زاغ.
جەھان ياخشىسىدىن كەچ، رەنجىن ئالغىل،
ئانىڭدۇر باغى گۇلشەن، گۇلشەنى تاغ.
خەزان يېلى ئۇچۇرماقدۇر نەسىبى،
شەجەرلەر ئۆزرە كۆپدۇر گەرچە يافراغ.
ئەجۇزىكىم كېلىپدۇر بىكرى مانەند،
چىكەر ئاقسۇن ئۇچۇن يۇز لالە لاغ-لاغ.
ۋۇجۇدۇڭ شەمئىنى كۆيدۇرمەك ئاخىر،
يارۇتماغلىق ئۇچۇن قۇيسە ئەگەر ياغ.
قىلىپ ھەسرەت ئېلى كۆڭلىنى پارە،
سۆڭەكلەردىن داغ بىر تازە تىرناغ.
بۇ رەڭ فانى جەھانغە نازىر ئولساڭ،
فەنا ئەھلىكى تىشلەر كۆرسە بارماغ.
مۇسىبەتلەر يېتىپ ئاخىر ئاتادىن،
قايۇ فەرزەند ساچماي باشقە تۇفراغ.
بۇ ئالەم زىۋەردۇر فانــى ۋەللاھ.
ئەمەس زىۋەركى يەئنى ماسىۋەللاھ.

بۇ ئالەم زىيبىدىن بولغىل مۇجەررەد،
فەنا ئەھلى قىلىپدۇرلار ئانى رەد.
قەبۇلىدۇر نە يەئنى بەسكى سور دەپ،
ئانىڭ رەددىدە تەجرىد ئەھلى بىھەد.
بولۇپ ھېكمەتدە مۇنچە ئىقتىدارىڭ،
فىلاتۇن گەر ئوقۇر ئالدىڭدا ئەبجەد.
فەلاھەت فەندە بولساڭ بۇ يەڭلىغ،
كەلامىڭ ئەيلەسە ئەيسانى بىخۇد②.
كەرامەت يوقكى مۇئجىز پەرۋەر ئولغاچ،
چۇ مۇسا كۆرگۇزۇپ گەر ئەلگە يۇز يەد.
سەباھەتدە جەھان مەشھۇرى ئولساڭ،
ئەگەر يۇسۇف مەسەللىك كۆرگۇزۇپ خەد.
كەمالى رىفئەتىڭ ئانداغكى بولسە،

① «ئۇلار بۇ يېقىملىق مەنىلەرنى چۈشەنمەيدۇ.»
② ئەسلى نۇسخىدا «بىخۇد» دەپ يېزىلغان، بۇ سۆز قاپىيە نۇقتىسىدىن ئورنىغا چۈشمەي قالغان، شۇنداقتىمۇ ئەينەن ئېلىندى.

ئاياغىڭ ئۆپكەلى گەردۇن نىگۇن قەد.
شۇجائەت بابىدا بولساڭ تەھەممەتەن،
بۇلۇبان زىر دەستىڭ دېۋ ئەسۋەد.
بۇ مەزكۇر ئولغان ئىشلار بارچەسى ھېچ،
بىرەۋگە باق بۇلاردىن بول مۇجەررەد.
بۇ ئالەم زىۋەرىدۇر زىيب ۋەللاھ،
ئەمەس زىۋەركى يەئنى ماسىۋەللاھ.

بۇ ئالەم جامىدۇر بىر زەھرى قاتىل،
ھەزەر قىل گەر ئېرۇرسەن مەردى ئاقىل.
قاچان ئاقىل كۆرۈپ ئىچمىش تولا زەھر،
كى جاھىللىقدۇر ئولماق ئاڭا مايىل.
بۇ رەڭ زەھرئىچكەن ئېرمىش ھۇشمەند ئول،
كى بەل بىلمەك ئانىڭ ھۇشنى زايىل.
ئىچىپ گەر ئۆلدى كۆپ، قىلمىش پەناھىم
بۇ ئىچكەنلەرنى ئۆلگەنلەرگە داخىل.
بۇ رەڭ داخىللىغىن تەئسىرىن ئاڭلاپ،
غەرايىبكىم بولۇرلار ئاڭا شاغىل.
قۇتۇلماق قايدا مۇمكىندۇركى، قىلماس
خەلاس ئول زەھردىن گەر پىرى كامىل.
ۋەلىي پىنھان فەنا مۇلكىدە ئول شاھ،
تەئەللۇقدۇر ئاڭا يەتمەككە ھايىل.
ئىچىپ يۈز زەھرنى ئەيلەپ پۇشەيمان،
ياقاڭ چاك ئەيلەسەڭ ئەمدى نە ھاسىل.
بۇ زەھر ئەسرارىدىن بىر نەچچە سۆزكىم
دېدىمەن، ئاڭلا① ئەي مەغرۇر غافىل.
بۇ ئالەم زىۋەرىدۇر فانى ۋەللاھ،
ئەمەس زىۋەركى يەئنى ماسىۋەللاھ.

بۇ ئالەم زالىدىن تۇتغىل كەنارە،
ئېرۇر تەزۋىرى ئانىڭ بى شۇمارە.
بويۇنلارىدا ئالتۇن تەۋق ئېرۇر ئوت،
قۇلاقلارىداغى ئاندىن شەرارە.
يۈزىدە داملار شەكلىن كۆرۈپ ئول،
قىلۇر جان قۇشلارىن تۇتماقغە چارە.
ھىنا رەڭگى ئەمەس ئىلكىدە قاندۇر،
قارارتماغلىق ئۈچۈندۇر كۆزى قارە.
بىساتلارىدا ئەنجۇمدەك ساچىلغان
نوخۇددۇر گەر ئۈچۈندۇر گۇشۋارە.
ئەساسى ئىلكىدە سېھر ئافەرىندۇر،
ئەمەس مۇئجىز كۆڭۈل قىلماقغە پارە.
كى بىر مۇتلەقغەدۇر بۇ تۇرفەدۇركىم،
مۇقەييەدغە قىلۇرلار ئىستىخارە.
بەقالىق يار ھۇسنىن كۆرە ئالماي،
كى زار ئولغۇڭ ئاڭا قىلساڭ نەزارە.
ئىشتىپ «كۇللۇ شەيئىن ھالىكۇن»② نى،
كى بولغايسەن سەۋەللاھدىن كەنارە.
بۇ ئالەم زىۋەرىدۇر فانى ۋەللاھ،
ئەمەس زىۋەركى يەئنى ماسىۋەللاھ.

بۇ ئالەم شوخىن ئانداغ قىلكىم ئىخساس،
كىيەر زەربەفت يازدىن، قىشدىن ئول ئاس.
بۇ زىۋەر بىرلە يۈزمىڭ گەنجى قارۇن،
كىيلۇر قانچە كىشگە ئانچە ئىفلاس.
جان ئۇتماق فىكرىدە غەم كەئبەتىنىن
يۈز ئاچسا كىشگە بەرمەس يۈزدە بىر تاس.
ھەۋادىس راھىغە ئەل نۇشى ئۈچۈن،
فەلەكنى تاس ئەيلەپ، مىھرىنى كاس.
بولۇپ ئاجىزكى ئاندىن قورغاشۇنغە،
مۇسەللەت گەر ئىدى تاشلارغە ئالماس.
كۆرۈپ قاتىللىغىن بولماق نە يەئنى،
ئۇمىد ئورنىغە ئاندىن كىمسەگە پاس.
جەھان سەلبىيدە ئەيتىپ بىر نەچچە سۆز،

① ئەسلىي نۇسخىدا بۇ سۆز «ئاڭلاي» دەپ يېزىلىپ قالغان. مەنا، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «ئاڭلا» ئېلىندى.

② «ھەممە نەرسە يوقالغۇچىدۇر» دېگەن مەنىدە.

بەقا ۋەسلىدە بولدۇم گەرم ئەنفاس.
ۋەفا ئاندىن ئۈمىد ئەتمەك نە يەئنى،
ئانىڭدەك سۇد ئېلى كۆڭلىدە ۋەسۋاس.
«ۋەلا مەۋجۇد فىددارەين قەتتى،
فەقەلتە ئەسمەئۇ يا ئەييۇھەنناس»①
بۇ ئالەم زىۋەرىدۇر فانى ۋەللاھ،
ئەمەس زىۋەركى يەئنى ماسىۋەللاھ.

كەل، [ئەي] ئەرشى، فەنا جامىنى سىپقار،
بۇ فانى دەھر ئارا ئاندىن نە ئارتار.
فەنا جامىن ئىچىپ بولغىل سەبۇكرەۋ،
تەئەللۇقدىن ئېسەڭ گەرچە گىرانبار.
نەچە سۆزلەركى يازدىڭ بىخۇدانە،
جەھان فانىلىغىنى ئەيلەپ ئىزھار.

فەساھەت كىشۋەرى ئىچرە ئەگەرچەندى،
نەۋائىيغە مۇسەللەم ئېردى گۇفتار.
جەھان فانىلىغىدىن شىكۋە ئەيلەپ،
ئانىڭدىن ھەم بۇ تەركىب ئىلە سۆز بار.
ئانىڭ پەيرەۋلىغىنى لازىم ئەيلەپ،
بۇ فەندە سەنھەم ئۇلدۇڭ نەچچە دۇر بار.
نە مۇمكىن ئېردى مۇنداغ سۆز دېمەكلىك،
ئانىڭ جامىدىن ئۇلدۇڭ بەسكى سەرشار.
نە ئول شەھ بىرلە بىر ئىككەۋ دېدۈك سۆز،
كېلىپدۇر بۇ غەرەزدىن نەچچە ئەخبار.
غەرەز ئولكىم سىۋەللاھدىن كۆڭۈل ئۈز،
كى چىز ئول يوقتۇرۇر بىر يار غەمخار.
بۇ ئالەم زىۋەرىدۇر فانى ۋەللاھ،
ئەمەس زىۋەركى يەئنى ماسىۋەللاھ.

### مۇخەممەسلەر

**1**

ئەي پەرى بىتابلىقدىن بەرقدەك پەررانمۇسەن؟
ئوت ساچىپ ھەريان يۈزۈڭدىن ئافەتى دەۋرانمۇ سەن؟
يا لەبى مەيگۇن بىلە دەرد ئەھلىغە دەرمانمۇسەن؟
جىسم ئەمەس سەن، جانمۇسەن يا جان ئارا جانانمۇسەن؟
شۇئلەسەن ياشەمنىسەن، ھەي - ھەي، نە خۇش جەۋلانمۇسەن؟

چالغىنىپ مىھر سەبۇھىدەك ئەجەپ مەستانەسەن،
تەلبەسەن، بىباكسەنمۇ ياكى ئوتدەك يانەسەن،
مەستسەن، مەستانەسەن ھەم مەيسەنۇ مەيخانەسەن،
خۇمرسەن، مەخمۇرسەن، خۇمر ئەھلىغە خۇمخانەسەن،
چەشمەئى خۇرشىدسەنمۇ يا گۈلى خەندانمۇسەن؟

ئارەزىڭ ئوتدەك يانىپ ئولدەمكى بولغاچ جىلۋەگەر،
نەيلەسۇن ئىشق ئەھلى كۆرمەي كۆرگەچ ئوق خۇنى جىگەر،

① «سۆزۈمنى تىڭشاڭلار، ئەي ئىنسانلار، ئىككىلا ئالەمدە بىر ئاللادىن باشقا ھېچقىمى مەۋجۇدىيەت يوق».

كۆزلەرىڭ كافۇر، قەدىڭ ئەرئەر، لەبىڭ گۇلبەرگى تەر،
ئەلھەزەر، مۇنداغ بەلايى ناگەھاندىن ئەلھەزەر،
بەرق جىلۋە، شوخ پەيكەر، ئاتەشى سوزانمۇسەن؟

قامەتىڭ سەرۋۇ، ساچىڭ سۇنبۇل، خەتىڭ رەشكى سىمەن،
ھۇرسەن يا نۇرسەن، يا روھ، ئەي گۇل پىرەھەن،
زىيبۇ زىينەت، خەتتى خالىڭدىن تاپىپ سەھنى چەمەن،
كاكۇلۇڭ جان ئۇقدەسىدۇر ھەم ئىسى مۇشكى خوتەن،
مىھرى رەخشان يا تەجەللى يا مەھى تابانمۇسەن؟

ناز ـ نازان كەلمەگەي ئالەمگە سەندەك نازەنىن،
گۇلشەنى فىردەۋس ھۇسنۇڭ خىرمەنىدىن خۇشە چىن،
مىھر ئايىن، ھۇر تەلئەت، سەرۋ قامەت، مەھجەبىن،
ئەرزىمەس بىر كاكۇلۇڭ چىنىغە يۈز ئەقسايى چىن،
غۇنچەئى سىرابسەنمۇ يا گۇلى خەندانمۇسەن؟

سەرۋ ئۆزە گۇلدەك يۈزۈڭ قەد ئۆزرە تۈشمىش بۇلئەجەب،
ئىزدەگەن تاپماس سىنىڭدەكنى ئەجەمدىن تا ئەرەب،
چىن ـ ماچىن، تۈرك، تاجىكۇ خۇراسان تا ھەلەب،
بارچە ئالەم ئىچرە ئىشقىڭ سالدى يۈز شورۇ تەئەب،
ئىشقسەن، مەئشۇقسەن ياھۇر يا رىزۋانمۇسەن؟

گۇل يۈزۈڭ شەۋقىدە كۆز يۇمماي ئىرۇر بىدار گۇل،
قۇللۇغۇڭغە داغىنى شاھىد قىلىپ ئىقرار گۇل،
نەرگىسىڭ نەززارەسىدىن بولدى ئاتەشبار گۇل،
لىڭ سەندەك يوقتۇرۇر گۇللاردا بىر خۇنخار گۇل،
سەرۋسەن، شەمشادسەن، تۇبىمۇسەن، رەيھانمۇسەن؟

يىڭى ئاي رەشكىن تۇتۇپدۇر ھەلقە ئۇرغان غەبغەبىڭ،
نۇكتەئى ۋەھدەتدۇر، ئايا، يۈز ئۆزە خالۇ خەتىڭ،
يۈزدە بۇ تەم ـ تەم ئەرەق كۆر، ئەي، فەلەك تۆك كەۋكەبىڭ،
قامەتىڭ رۇھى رەۋان، بادامتەردۇر كۆزلەرىڭ،
لالەئى ھەمرامۇسەن يا ئەختەرى رەخشانمۇسەن؟

ئەي جەمالىڭ لايەزالۇ بىمىسالۇ بىبەدەل،
سۇرەتىڭ تەسۋىر ئىتىپتۇر تۇرفە نەققاشى ئەزەل،

قايدا يول تاپغاي بۇ زىبا شەكلىڭە نۇقس خىلەل،
سايرادىلك، ئەرشى، ئانىڭ ۋەسفىدە ئەيتىپ كۆپ مەسەل،
تۇتىئى شەككەر فىشان يا بۇلبۇلى نالانىمۇسەن؟

2

كۈندۈزۈمدۇر كېچە ئول خۇرشىدى تاباندىن جۇدا،
مەشئەلى ئەيشىم ئۆچۈك ئول ماهى تاباندىن جۇدا،
تەۋقى غەم بوينۇمدا ئول سەرۋى خىراماندىن جۇدا،
گويىيا بولمىش بۇ دەم بۇلبۇل گۇلىستاندىن جۇدا.
يا مەگەر تۇتى بولۇپدۇر شەككەرىستاندىن جۇدا.

هەجر ئوتى تەندىن ئۆتۈپ نەچچە سۆڭەكنى ئۆرتەگەي،
كۈل قىلىپ كۆڭلۈم بىناسىن تا يۈرەكنى ئۆرتەگەي،
ئەندەك ئاهىم، قورقەمەن، توققۇز فەلەكنى ئۆرتەگەي،
گەر قويى يۈزلەنسە بىللە تا سەمەكنى ئۆرتەگەي،
بولسە ناگەھ بىر ئوچۇق بۇ دۇدى ئەفغاندىن جۇدا.

ئەشك ئەمەس ئاقتى كۆزۈم هەجرىدە قانلىغ ژالە كۆپ،
بەلكى باغرىم چىقتى فۇرقەتدىن تۈكۈپ پەركالە كۆپ،
داغدىن هىجران ئاچىلدۇرمىش تەنىمدە لالە كۆپ،
نې ئەجەب هەددىن فۇزۇن قىلسام بۇ كۈندە نالە كۆپ،
بولغۇچە ئاندىن جۇدا، بولغاي ئىدىم جاندىن جۇدا.

كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى هىجران ئوتىدىن جانان مېنى،
هەم ساۋۇردى كۈلدىن ئارتۇق سەرسەرى هىجران مېنى،
قىلدى گۇلدىن ئايرۇ تۈشكەن بۇلبۇلى نالان مېنى،
كۆركى، بۇ شەكلى بۇزۇلغان گەردىشى دەۋران مېنى،
قىلغۇدەك ئېرمەس داغى ئۆلگۈنچە هىرماندىن جۇدا.

كۆڭلۈمە ئەي نىشى فۇرقەت دەم-بەدەم سانچىلماغىل،
ئەي فىراق ئەندۇهى تىيغى بىرلە باغرىم تىلماغىل،
جانسارى ئەي تىيرى هىجران تۇنۇ كۈن ئاتىلماغىل،
كىم ساڭا دېدىكى، بۇ دەمنى تىيانىنى تىلماغىل،
قىلغاي ئېردىك بارچەدىن، قىلغۇنچە جاناندىن جۇدا.

AltunOq

سوز ئىشق ئىچرە كۆڭۈلنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدىكىم،
جانغە ئانداغ ھەجر ئوتىنىڭ شۇئلەسى ياقىلدىكىم،
باشىمە باشدا مەگەر ھىرمان خەتى يازىلدىكىم،
گويىيا پەرۋانە كۆيدى ھەجر داغىن بىلدىكىم،
ئۆلمەك ئىستەپ بولغۇچە شەمئى شەبىستاندىن جۇدا.

قۇمرۇەش ئولماسمۇ ئاشىق سەرۋ گۇل رۇخسارىسىز،
تۇتىدەك ئۇچماسمۇ ئارامى شەكەر گۇفتارىسىز،
ۋاي، ئول بىدىلغەكىم، ئېرمىش تىرىك دىلدارىسىز،
ئەرشى ئاغنار ئۆلمەلىك قۇشدەك نېچۈككىم يارىسىز،
بولماسۇن پەرۋانە، يا رەب، شەمئى رەخشاندىن جۇدا.

3

ئېرۇر دەردىم نىھايەتسىزكى، مەن جانىمدىن ئايرىلغاچ،
نە تەنھا جانىم ئېردى بەلكى ئىمانىمدىن ئايرىلغاچ،
مەلاھەت شەھرىدە شىرىن كەبى جانىمدىن ئايرىلغاچ،
ئازىپ ھۇشۇ خىرەددىن نەچچە سامانىمدىن ئايرىلغاچ،
بارىن سەھۋ ئەيلەدىم بىللاھكى جانانىمدىن ئايرىلغاچ.

نېدۇر ئەھۋالىڭ، ئەي جانا، بۇ كۈنلەردە جۇدالىقدىن،
كى فۇرقەت خارىدىن ھەركۈندە كۆڭلۈڭ كۆپ يارالىقدىن،
ماڭا نې سەبرۇ تاقەت قالدى بۇ دەم بىنەۋالىقدىن،
كۆزۈڭ ھەجرى قارارتتى رۇزگارىم كۆز قارالىقدىن،
قالىپ زۇلمەتدە سەندەك ماھى تابانىمدىن ئايرىلغاچ.

ساچىڭ فىكرىدە كۆڭلۈم ھەردەمى يۈز پىچتاب ئەيلەر،
داغى ئۇسرۈك كۆزۈڭ داغى ۋۇجۇدۇمنى خەراب ئەيلەر،
دۇداغىڭ شەۋقى ھەردەم خەستە جانىمنى كەباب ئەيلەر،
يۈزۈڭ ئۆزرە ئەرەقلەر يادى كۆزۈمنى پۇرئاب ئەيلەر،
دەۋا تاپماي قالىپ دەرد ئىچرە، دەرمانىمدىن ئايرىلغاچ.

ئۇزارىڭ گۇلشەنى يادىدادۇر كۆڭلۈم بەسى نالان،
ئىكى نەرگىسلەرىڭ شەۋقىدە كۆڭلۈم كۆزگۈسى ھەيران،
ساچىڭ سەۋداسىدىن بۇ خاتىرىم تارقاپ كېتىپ ھەريان،
لەبىڭ ئارماندا مەندە نېچۈككىم قالمادى دەرمان،
كي سەندەك شوخ تەبئى، شوخ جەۋلانىمدىن ئايرىلغاچ.

تۈنۈ كۈن بەلكى هەردەم ئۈلفەتىڭنى ياد ئەيلەرمەن،
گەهى ئۈيقۇدا كۆرگەچ سەسكەنىپ فەرياد ئەيلەرمەن،
ۋىسالىڭ تاپماغاچ يادىڭدا هەردەم شاد ئەيلەرمەن،
فىراقىڭ زورىدىن گاهى بارىم بەرباد ئەيلەرمەن،
كى سەندەك بىر سۈخەن فەهىم سۈخەندانىمدىن ئايرىلغاچ.

سەبا بۇ ئەرزى ئەرشىنىكىم ئۇل يارىمغە يەتكۈرگىل،
كى يالغۇزلۇق بەلاسى ئۆرتەگەن زارىمغە يەتكۈرگىل،
فىراقىم ئىچرە ئۇل مەجنۇنى بىمارىمغە يەتكۈرگىل،
كى ئاندىن سەۋتى دىلكەش بۇ مىنىڭ تارىمغە يەتكۈرگىل،
نەۋا تۈرلۈك چىكەي شەمئى شەبىستانىمدىن ئايرىلغاچ.

4

ئۇزارىڭ جىلۋەسى زۇلفۇڭ ئارا شەمئى شەبىستاندۇر،
سەۋادى سۇنبۇلۇڭ يادىدا گويا ئەنبەرىستاندۇر،
ئەلىفدەك قامەتىڭ شەكلى نىهالى باغۇ بوستاندۇر،
كۆزۈڭ بىر كافىرى ناز ئۇيقۇسىدە ئاندا ياتغاندۇر،
گۈلىستان ئىچرە ئاغزىڭ چەشمەئىكىم ئابىهەيۋاندۇر.

تەجەللىدۇرمۇ [بۇ] يا بۇرجى ۋەهدەتدىن ئۆزۈپ سەربەر،
لەتافەتدىن مەهۇ خۇرشىدنى ئەيلەپ مەگەر دەربەر،
مەلائىك پىرىدىن يا هەم نۇزۇل ئەتتى بۇ رەڭ شەهپەر،
سەئادەت بۇرجىدىن يا هەم تۇلۇئ ئەيلەپمىدۇر ئەختەر،
تۆمەنىڭ كۆز بىلە چەرخى فەلەك هۇسنۇڭگە هەيراندۇر.

قارا كۈن باشىمە تۈشتى جۇدا بولغاچ قۇياشىمدىن،
خەراب ئولغۇسىدۇر ئەمدى جەهان توفانى ياشىمدىن،
كۆيۈپمەن هەجرىدە فۇرقەت ئوتى كەتكىلكى قاشىمدىن،
غەرەز جانىم ئەمەس، جانانىم ئىرمىش① جان تالاشىمدىن،
ۋە گەر نە جاننى جانان بولماسا بەرمەكلىك ئاساندۇر.

قارا بەختەل ئەمەس غەم شامىدىن كەيدى كۈلەھ باشىم،
كى فۇرقەت تۈنلەرى جانا فىراقىڭ ئىچرە يولداشىم،

① ئەسلى نۇسخىدا بۇ سۆز «ئىرمەس» دەپ يېزىلىپ قالغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئىرمىش» ئېلىندى.

غەمنىڭ چەكمەكدە، فۇرقەت تۈنلەرىدۇر بوم مۇڭداشىم،
بولۇپ دەريايى سىل ئاقسە كۆزۈمدىن يۈز سارى ياشىم،
ئەجەب ئېرمەس كۆڭۈل كۆپ زەخمىدىن قان بىرلە تولغاندۇر.

سەبا غەمكىن كۆڭۈل ھالىدىن ئەر سورسە مەھى فەتتان،
دېگىل ۋەسلىڭ خىيالى شەمئى باشىدىن ئېرۇر گەردان،
جۇنۇن تاغىدا خاراكەن كەبى ھەردەم قىلۇر ئەفغان،
بولۇتدەك كۆزلەرىم ئاقۇ قاراسى ئالىشىپ گىريان،
ساچىلغان كاكۇلۇڭ يەڭلىغ بەسى ھالىم پەرىشاندۇر.

ئىشتىمەس، ئاھكىم، ھەرچەند ئەيتسام نالە زارىمنى،
ۋىسالىڭ تاپمايىنمۇ بەس قىلاي تاكى خىيالىڭنى،
نە چاغ مەخفىي قىلۇرسەن ئەي مەھى تابان زىسالىڭنى،
كۆيەي پەرۋانەدەك، كۆرسەت ماڭا شەمئى جەمالىڭنى،
جەمالىڭدىن جۇدا كۈندۇر ماڭا شەمئى شەبىستاندۇر.

سەۋادى ئىشقىدىن ئانداغ قارا كۈنلەرگە سالدى نار،
يۈرۈرلەر سايەدەك يانىمداۋۇ باشىمدا ماتەمۋار،
قۇتۇلغايمەن مەگەر كويىدا سالغاچ بويىنۇمە زۇننار،
جەفالاركىم مېنىڭ جانىمغە قىلدى، قىلمىغان كۇففار،
ئەجايىپ كۆڭلى قاتتىغ تاش① باغىرلىغ نامۇسۇلماندۇر.

نىگەدىن جانىمە يۈز فىتنە سالدى ئول كۆزى قارە،
سىرىشتىم گەر بۇ نەۋئ ئولسە نېچۈك قىلغۇم ئاڭا چارە،
تىگەر چاغىدا جان نەقدىن ئاڭا بولمىش ھەدەف پارە،
كى مىژگان ئوقىنى قاش ياسىدىن ئول ماھ رۇخسارە،
ئەلى ئېرمەس ئوقىدۇر «جان» ئىچىندە، جانغە ئاتقاندۇر.

قۇياش رۇخسارىدىن ئالەم يۈزىنى زەرنىگار ئەتتىڭ،
لەبىڭ پەرتەۋ سالىپ خاراغە لەئلى ئابدار ئەتتىڭ،
نىگە ئەرشىنى خارى ذۇرقەت ئىلە دىلفىگار ئەتتىڭ،
گەدايى خەستە دىلنى گۈل يۈزۈڭگە خارۇ زار ئەتتىڭ،
جۇدا قىلماق ئانى گۈل خارسىز بولماق نە ئىمكاندۇر.

---

① ئەسلى نۇسخىدا بۇ سۆز «ناس» دەپ يېزىلىپ قالغان.

### 5

كۆزلەرى ساھىر سەنەمنىڭ زىكرىدۇ ئەفزاسى بار،
قەددىدىن سەرۋ، لەبىدىن لەئلى شەككەر خاسى بار،
ئەگنىدە كۆڭلەك ھەرىرى جامە تەتىللاسى بار،
ئىمچە نارەنجى سىنەمنىڭ ۋۇسمەدىن قاش ياسى بار،
قىرمىزى ساچباغ ئىچىدە كاكۇل ئەژدەرھاسى بار.

ئالغۇسىدۇر نەقد ئىمانىمنى بۇت قالماق ئۇچۇن،
غارەت ئەيلەپ بار مەتائى دىنىمە ئالماق ئۇچۇن،
لەشكەرى ئىسلام كۇفرى كىشۋەرىن چاپماق ئۇچۇن،
زۇلفى چىن چىن ئارەزىنى خال ئىلە ياپماق ئۇچۇن،
لەشكەرى شامۇ ھەبەشنىڭ رۇم ئىلە غەۋغاسى بار.

سۇرەئى «تاھا»① نى زاتىدىن بىر ئىما ئاڭلادىم،
ئايەتى «ۋەللەيلى»② شەرھىن زۇلفى يەلدا ئاڭلادىم،
«ۋەززۇھا» تەفسىرىنى ۋەجھىدە پەيدا ئاڭلادىم،
مەتلەئى ھۇسنىدە «ۋەششەمسى» ھۇۋەيدا ئاڭلادىم،
سۇرەئى «نۇن ۋەلقەلەم»③ دەك سەبزەخەت تۇغراسى بار.

نەغمەئى قەقنۇس ئىلە تەك ئولسە ئاۋازى جەرەس،
سۇر ئىسرافىل ئىلە ئاھىم ئىرۇر گەر ھەمنەفەس،
تۇتىئى تەبئىمگە بولسە ئاشيان زەررىن قەفەس،
نالەئى بۇلبۇلغە ھەمدەم بولسە كۆڭلۇم ئەيب ئەمەس،
بار دىماغى گۇلشەنى ماچىندە بىپەرۋاسى بار.

تىرناغىڭنىڭ تابى ھۇسنىدىن خىجىلدۇر بارچە ھۇر،
خۇش چۇ خۇرشىدى جەبىنى ئۆزرە تۇشكەن تۇنجى تۇر،
لەئلىگۇن نەئلىن ئىچرە نۇقرەئى خامىنى سۇر،
زەئفەران مەندىن قىزىل بەخمەل تۇمارغە ئۆزرە كۆر،
زەر نىگارى قۇببەئى شاھىندە ئىستىغناسى بار.

① «قۇرئان كەرىم»، 16 - پارە، 20 - سۇرە، 1 - ئايەت.
② «كېچە». «قۇرئان كەرىم» 30 - پارە، 92 - سۇرە، 1 - ئايەت 1 - سۆزنىڭ تەرجىمىسى.
③ «قۇرئان كەرىم»، 29 - پارە، 68 - سۇرە، 1 - ئايەتنىڭ باش سۆزى.

بەزمى ئەيش ئىچرە ۋىسالىڭسىز ماڭا، ئەي دىلرەبا،
جەننەتۇلمەئۋا ئالۇر ھەمرەڭگى دەشتى كەربەلا،
بۇ ھەمە گىردابى غەملەردىن خەلاس ئەت، ئەي خۇدا،
زەۋرەقى كۆڭۈل نەزەردە جىلۋەگەر قىل، يا خۇدا،
مەجمەئۇل بەھرەين يەڭلىغ كۆزلەرىم دەرياسى بار.

ئەرشى بۇ ئەفلاك زۇلمىدىن دەمى بىغەم ئەمەس،
يار ھىجرانى، نىھالى قامەتى بىخەم ئەمەس،
ئەرزى ھالىمنى نە دەي چۈنكىم ماڭا مۇبھەم ئەمەس،
مەئلۇم ئولدۇركىم نەۋائىينىڭ جۇنۇنى كەم ئەمەس،
باش ئاياغى كاكۇل ئەژدەرھاسىدىك سەۋداسى بار.

**6**

**دەرىغ**، ئۇل جەدد بۇزرۇگۋار پىرى ئالىي شان كەتمىش،
سالىپ زۇلمەت ئارا بار ئەلنى خۇرشىدى زەمان كەتمىش،
قىلىپ بىزنى بەسى ئازۇردە، بىلمانىكىم، قايان كەتمىش،
بەقاسىزدۇر جەھان مۇلكىنى شاھى خۇردەدان كەتمىش
ۋەلې گەر كەتسە ھەركىمدەك نە بىنامۇ نىشان كەتمىش.

نېتەي، نەيلەي، مۇسۇلمانلار كېتىپدۇر ئۇل شەھى ئەئلا،
نە سۇد ئەمدى ئەگەر قىلسام تۈمەن فەريادۇ ۋاۋەيلا،
سىيادەت بەھرىدە ئانداغ قاچاندۇر گەۋھەرى ۋالا،
دەرىغ، ئۇل خۇلقى شىرىنۇ دەرىغ، ئۇل رۇتبەئى ئەئلا،
كى يەئنى ساھىبى مەسنەد چىراغى خاندان كەتمىش.

سۇتۇنى بامەدارى بارگاھىدىن ئىدى زاتىڭ،
زىيائى مەشئەلى نۇرى نەبۇۋۋەت ئېردى كۆن ئاتىڭ،
ھەمىشە تائەتۇ تەقۋىيۇ تەسبىھ ئېردى ھالاتىڭ،
مۇرۇۋۋەت ۋەقتى يەكسان ئېردى ئانداغ ئۆز بىلە ياتىڭ،
شەرىئەت شەھرىدىن يەئنى بۇ دەم ئەمنۇ ئەمان كەتمىش.

جەھان بىھبۇدى كەتمەكلىككە بۇ ئىشنى خەبەر بىلدىم،
چىراغى دەھر خۇبان تىيرە بولماقغە ئەسەر بىلدىم،
داغى مەھشەر كۈنى ياۋۇشماقنى مۇختەسەر بىلدىم،

بۇ كۈننى بىزگە بەل مەھشەر كۈندىن ھەم تەبەر بىلدىم،
جەھاننى تىيرە ئەيلەپ چۈنكىم ئۇل مىھرى جەھان كەتمىش.

قايان كەتتى، دەرىغا، زۇبدەئى ئەسلى بەنى ئادەم،
كېتىپ ئانداغكى تەئخىر ئەتمەدى بىر دەم مەسىھادەم،
ئەلى ئېرمەس، تالى ئېرمەس بولسە ئەمدى دال يەگلىغ خەم،
بەس ئېرمەس ئېردى مۇنداغ كۆزلەردىم سىلابىدىن پۇر نەم،
قويۇپ غەم ئىچرە بىزنى بۇلئەجەب ئۇل شادمان كەتمىش.

شەكەر يەگلىغ كەلامىڭ ياد قىلسام ئۆرتەنۇر جانىم،
نە تەنھا ئۆرتەنۇر جان، خانىمانىم، بەلكى ئىمانىم،
نېتاڭ گەر ئەيلەسەم كۆگلۈم قۇشى چاكۇ گەرىبانىم،
فەلەكنى قىلغۇسى پەژمۇردە ئەزبەس سوزى ئەفغانىم،
مەدارى مەزھەبۇ ئايىنى شەمئى شەب رەۋان كەتمىش.

تىلىم ۋەسفىن بەيان ئەتمەكدە ئانداغ گۇگگۇ لال ئولغاي،
ھۇما تەئرىفىن ئەتمەك سەئۋەگە چۈنكىم مەھال ئولغاي،
قاچان ئەۋسافىغە شايىستە مۇنداغ قىلۇ قال ئولغاي،
ئەمەس مۇمكىن بار ئەل بىرىگە ھەمدىگگە مەھال ئولغاي،
مەھالى ئالەمى مىھرى سىيادەت ناگەھان كەتمىش.

نېچۈكدۇر ھالىڭىز فۇرقەت ئىچىدە، ئەي بۇرادەرلەر،
مۇسىبەت شامى كۆپ ئەۋۋارە بولغان بارچە ئەختەرلەر،
بەلىيەت خارىدىن مەجرۇھ بولغان بارچە ئەسغەرلەر،
فىراق ئەندۇھى تىيغىدىن بەسى ئازۇردە پەيكەرلەر،
ئېرۇرمۇ سەۋتىڭىز دەپ بۇ مەھەل ئارامى جان كەتمىش.

بەيابانى فىراق ئىچرە بەسى ئەۋۋارەلەر سىزمۇ؟
قايۇ ئەۋۋارەلەر، دەرد ئىچرە باغرى پارەلەر سىزمۇ؟
يەتىم قالغان ئەلەم دەشتىدە ئاھۇ بەررەلەر سىزمۇ؟
خەزان بەرگىدىن ئارتۇغراق سەرىغ رۇخسارەلەر سىزمۇ؟
دەبانكىم، ئالغۇسىدۇر كۆگلىمىزنى دىلىستان كەتمىش.

ئالىپسەن باشىمىزدىن تاجىمىزنى ئەي ئەجەل تۇيساڭ،
نە بولدى ئەي قەزا ئەمدى ئەجەلنىڭ كۆزلەرىن ئويساڭ،

ئويۇپ كۆزنى جانىمىغە تۇمەنىمىك مىننەتىن ۋويساك،
جەھان ياخشىسنى چۇنكىم كۆرەلمەيدۇر كۆرۇپ تۇرساك،
ۋىلايەت شەھرى ئۆزرە سەرۋەرى ساھىبقىران كەتمىش.

كەل ئەي مىھرى جەھان بۇ دەم ماڭا لۇتفۇك قەرىب ئەتكىل،
قەبۇلى دەرگەھى قۇدسىڭنى مەدھىمگە قەرىب ئەتكىل،
مەنى مۇخلىسلارىڭ دەردىگە يادىڭنى تەبىب ئەتكىل،
كويۇڭدا ئەرشىنى سايىرغە ھەردەم ئەندەلىب ئەتكىل،
دەبان مىھرىن قويۇپ مىھزۇن كۆڭۇلدە، ناگەھان كەتمىش.

## مۇسەممەنلەر

1

ئۇل كۇنكىم، بۇ توقۇز تارەمى پەيدا قىلدىلار،
ئايۇ كۇنۇ تۇرفە ئەنجۇملار ھۇۋەيدا قىلدىلار،
ھەربىرى رەخشەندە شەمئى بەرقى سىيما قىلدىلار،
بەر قەدەم ئولغالى [كىم] لەۋھى مۇجەللا قىلدىلار،
نەردىبان بولماق ئۇچۇن كۇرسىنى پەيدا قىلدىلار،
سەيرگاھى بولسۇ دەپ ئەشى مۇئەللا قىلدىلار،
لامەكان خىلۋەتگەھىنى ئاڭا مەئۋا قىلدىلار،
نبي ئۇچۇنكىم ئىردى ئول مەتلۇبۇ مەھبۇبى ئىلاھ.

لامەكان ئەۋجىگە ئول تۇن قىلدى بۇراقى شىتاب،
خىيمەلەر كۆكدىن چىكىپ بەردىلەر زىيب بىھىساب،
ئاندىن ئولدى تەشتى زەررىن ئافتابە ئافتاب،
زۇھرە تۇرلۇك سەۋت ئىلە چالمىش ئىدى چەڭۇ رەباب،
قىيىرگۇن ئول كىچەگە سەپتىلە داغى مۇشكىناب،
ھەر سەھاب ئول خىيمە ئەترافىدا بىر سىيمىن تەناب،
بارچە ئەرۋاھى نەبى يەپ ھەسرەتىن ھەم بىھىساب.
ئىردى ئول كەۋنەين ئۆزە چۇنكىم نەبى ھەم پادىشاھ.

قۇدرەتىن نەققاشى ھىكمەت نەقش پەرۋەر ئەيلەدى،
گۇل مەشامىن ئەيلەدى، سۇنبۇل مۇئەتتەر ئەيلەدى،

پەرتەۋى گۇل بىرلە گۇلشەننى مۇنەۋۋەر ئەيلەدى،
زىبىب ئۇچۇن سەۋسەن ئەرۇسىن ھۇللە ئەخزەر ئەيلەدى،
ھەر چەمەنگە نەچچە تۇرلۇك غۇنچەنى تەر ئەيلەدى،
ھۇللە چىنى تۇگمەسىگە غۇنچەنى تەر ئەيلەدى،
سەبزەدىن گۇل ئاستىغە سەبزىيە نەستەر ئەيلەدى،
چەكمەدى قامەت سىنىگدەك بىر نىھالى تەبئى خاھ.

ئەي، ۋۇجۇدۇڭ شەئنى كەلدى رەھمەتەن لىلئالەمىن،
ئاندىن ئولدى بەھرۇبەر ھۇكمۇڭ بىلەن زىرى نىگىن،
ئولدى بىر نۇرۇڭ رىكابىن نەرگىسى رۇھۇلئەمىن،
رەھمەتىڭ پىشانەسىدە دائىما يوق ئىردى ھىن،
مۇرغزارى رەھمەتىڭدىن بار خەلايىق خۇشە چىن،
بار مەلائىك سۇردى ئانداغ فەزلىڭ ئىشكىگە جەبىن،
قىلدى ئەلقابىڭ ئەزەلدە ھەق شەفىئۇلمۇزنەبىن،
كەلمەدى ئالەمگە بىر سەندەك سەئادەتمەند شاھ.

قىلمادى زات ئىقلىمىدىن جىلۋەسىدەك ھىچ زات،
تاپتى جۇدۇڭدىن ۋۇجۇد ئانداغ جەمىئى كائىنات،
سىغمادى گۇلدەك ئىچىگە شادلىغىدىن مۇمكىنات،
بارچە ئىسيان ئەھلىگە سەندىن دۇئا، مەندىن نىجات،
رىفئەتىڭ دەركىدە ئانداغ خەيىر كەلدى مۇدرەكات،
چەشمە سارى رىفئەتىڭدىن ئىچتى جان ئابىھەيات،
شەۋكەتى شەرئىڭ كۆرۈپ شەرمەندە بولدى سۇمەنات،
سەن ئىرۇرسەن ئىككى ئالەم ئەھلىگە پۇشتى پەناھ.

ئەي سەۋادى نەرگىسىڭ شەئنىدە مازاغىلبەسەر،
سۇرەئى «ۋەششەمسى» تابى ئارەزىڭدىندۇر خەبەر،
كەلدى ھۇسنۇڭ تەئرىفىدە «ۋەززۇھا» يۇ «ۋەلقەمەر»①،
ئايەتى «ۋەللەيلى» مۇشكىن كاكۇلۇڭدىن بىر ئەسەر،
قاب قەۋسەين ئولدى مىئراجىڭغە شەرھى مۇختەسەر،
ئىردى سىررىڭ چاغى ئەرشى لەۋھى كۇرسى رەھگۇزەر،
ئاتەشى تۇر ئىردى لەئلىڭ شۇئلەسىدىن بىر شەرەر،
شەققى سەدرىڭ بابىدا كەلدى «ئەلەم نەشرەھ»② گۇۋاھ.

① «ئاي»، «قۇرئان كەرىم» 30 - پارە، 91 - سۇرە، 2 -ئايەت 1 - سۆزىنىڭ تەرجىمىسى.
② «قۇرئان كەرىم» 30 - پارە، 94 - سۇرە، 1 - ئايەتنىڭ 1 - سۆزى.

ئېردى جۇدۇڭدىن ۋۇجۇدى ئەنبىيا ئېھسان تاپىپ،
قوپتى ئادەم بىرلە ھەۋۋا خىلئەتىڭدىن جان تاپىپ،
خىزرى لەئلىڭ نەشئەسىدىن ئۆلمەدى ھەيۋان تاپىپ،
غەيرەتىڭدىن نۇھ شۇرىش باشلادى توفان تاپىپ،
سوردى يۇسۇف دەۋرەسىدىن ئەفسەرى رەھمان تاپىپ،
ئەيسا جانبەخش ئولدى لۇتفۇڭ فەيزىدىن ئىرفان تاپىپ،
چەشمەئى لۇتفۇڭدا ئەييۇب ئاغنادى دەرمان تاپىپ،
تاپتى فەيزى دەرگەھىڭدىن ھەم سۇلەيمان ئىززۇ جاھ.

ئەي قەدىڭ زىبىبا جەمالى گۇلشەنى ئەۋجى قەدەم،
بۇي تارتىپ بارلىقىڭدىن سۇنبۇلىستانى ئەدەم،
ئافەرىنىش سۇبھە زاتىن ① خاۋەرىدە ئۇردى دەم،
قويدى سەندىن يوق جەھان بارلىق سارى بىر-بىر قەدەم،
شەۋكەتىڭدىن شاھلىغ ئالەمگە تولدى، يېتتى غەم،
ھەلقەئى ئىشكىڭ تەمەننااسىدا گەردۇن بولدى خەم،
دەفتەرى لۇتفۇڭغە ئىسيان خامەسى سوقتى قەلەم،
قالماس ئاندىن ھەشردە جۇرم ئەھلىدىن بىر دادخاھ.

ئەي، بۇراقىڭ ئېردى فىكرەت شاھىنىدىن تىز پەر،
لامەكان ئەۋجىگە ئولدەم ئەيلەدىڭ مەمنۇن سەفەر،
گەرد پەيما ھەم بۇلالماي سۇرئەتىڭ چاغى قەمەر،
مىزبان مېھمانلىغىڭگە بەردى چەندان زىبىبى پەر،
ھۇسن قۇرسىن ۋەسل خانى ئىچرە قويدى ماھەزەر،
مېھرۇ مەھ ئولدەم قىران قىلدى ۋەيا شىرى شەكەر،
شامى ئىسيان ھۇرمەتىڭدىن زورىدىن بولدى سەھەر،
بىر شەرەر لۇتفۇڭدىن ئۆرتەر بولسە مىڭ خىرمەن گۇناھ.

قەۋلە لەۋلاك ئېردى زىبىبا قامەتىڭدىن بىر نىشان،
«ئەھسەنۇتتەقۋىم» شەرھى خىلئەتىڭدىندۇر بەيان،
تۇتىئى باغى «ئەنا ئەفسىھ» دېدى لۇتفۇڭ ئەيان،
«لەيلەتىلمېئراج» بۇيى كاكولۇڭدىن تاپتى جان،
لى مەئەللاھ مەنزىل ئېردىڭ داغى ئەۋئەدنا مەكان،

① ئەسلى نۇسخىدا «زاتىدىن» يېزىلىپ قالغان.

نۇكھەتى ۋەللەيلى زۇلفۇڭدىن ئىدى ئەنبەر فىشان،
لەفزى لائىپھسا فىراقىڭ زورىدىن ئىيردى فىغان،
ئەي شەفىئۇلمۇزنەبىن ئىسمىڭ بار ئەلگە نىكخاھ.

ئەي مۇبارەك خەيلىغە بۇبەكر ئىدى تاجى سەر ئول،
بارچە ئىقلىمى شەرىئەت ئۇستىدە ئىسكەندەر ئول،
رۇمى ئىشقى شامى دەردى سوز ئۆزرە قەيسەر ئول،
بارچە ئەسھابۇ سۇلۇكۇ سەيرلەرگە رەھبەر ئول،
ناقىلان دەفتەرى ئەسرار ئۆزرە سىررى دەفتەر ئول،
ماھى مەسجىد، مەشئەلى مىھراب، مىھرى مۇنبەر ئول،
سەرۋەرانى سەير فىللاھ بارچەسىغە رەھبەر ئول،
جۇملە خەيلى ئىشقى ئىرفان دەرگەھىدە خاكى راھ.

بەردى قۇۋۋەت مۇستەفا شەرئىگە بازۇيى ئۇمەر،
تۇمتەراقى كۇس قامەت بىرلە بولدى بەھرۇ بەر،
مىھرى فەتھى، ماھى نۇسرەت جەبھەسىدە جىلۋەگەر،
ئەچچە مىنا زەھر ئىچسە قالمادى ھەرگىز ئەسەر،
شەمس بولغاچ ھىكمەتى كەلگەن سارى كەتتى بەدەر،
قىلدى دىن ئەھلى غۇبارى كويىنى كۆھلۇلبەسەر،
تىترەتىپ ئەرزۇ سەمانى بىر باقىپ ئول نامۋەر،
گولدى خالىس دەرگەھىگە كەلسە يۈزمىڭ روسياھ.

ئىيردى زىننۇرەين نۇرى بىرلە ئەنجۇم زىۋەرى،
مىھرۇ مەھ خىلۇەت گەھىدە بولسە ئىككى چاكەرى،
زۇھرە داغى فەخر ئىتىپ بولمىش ئىدى رامىشگەرى،
خىزمەتىدە خەم قىلىپ قەددىنى چەرخى چەنبەرى،
قۇللۇغىنى ئىستەر ئىيردى ھەم بىلالى بۇزەرى،
رەقسلەر يۈز زەۋقىلە بەزمىدە ئىيردى مۇشتەرى،
خەتم ئولۇپ ئاستىدا ھىلمۇ ھەم شەرىئەت پەرۋەرى،
مەجمەئۇل بەھرەين رەھمەت ئىيردى ئول بى ئىجتىباھ.

ئەي ئەلىيۇن، بابەھا دەپ ۋەسفىدە ئول شەھرىيار،
كىرسە مەيدان ئىچرە ھەيبەت بىرلە ئول دۇلدۇل سەۋار،
سۇرمىش ئىيردى كۇفر ئىلىنى گەھ يەمىن گاھى يەسار،
كۇفر تۇغيانىدىن جەھاندا قالمادى ئاندىن غۇبار،

ئەيدى ئۇل سۇلتانى دىن بىركۈن بولۇپ بى ئىختىبار:
«لافەتى ئىللا ئەلى لاسەيفى ئىللا زۇلفىقار»،
شىرى دەرگاھىم ئاتاپ ئاتىن ئەزەلدە كىردىگار،
زىكرىدىن ئەيلەپ بار مەلەك تەسبىھ ھەر شامى بىگاھ.

ئۇل ئىكى شەھزادەگە قىلسام فىدا يۈزجان رەۋا،
ھەر ئىكەۋ ئىردى نىچۈككىم نۇرى چەشمى مۇستەفا،
ھەر ئىكەۋ دىلبەندى زۇھراۋۇ ئەلىيۇلمۇرتەزا،
ھەر ئىكەۋدۇر شەمئى ئەرزۇ ھەر ئىكەۋ مىھرى سەما،
ھەر ئىكەۋدۇر قاتىلى كۇففار قەۋمى ئەشقىيا،
ھەر ئىكەۋ ئىردى فۇرۇغى مىھرى ئەۋجى ئىستەفا،
ھەر ئىكەۋدۇر نۇر بەخشى ئافتابى ۋەززۇھا،
ئۇل ئىكەۋ مەدھى تۈگەنمەس گەرچە قىلسام سالۇ ماھ.

دەير پىرى ئىلكىدىن ئىچتىم بۇ دەم جامى ھۇدا،
ئىككى ئالەم زىۋەرىگە ئۇردۇم ئانداغ پۇشتى پا،
بولغۇسى شاھى ھەقىقەت دەھر ئارا بولغان گەدا،
لەززەتى فەقر ئاڭلادىم شەۋكەت ئۆيىن ئەيلەپ ھەبا،
زەخمەكى غەم بىرلە كۆڭلۈم سازىدىن چەكتىم نەۋا،
ئۇل شەفىئۇلمۇزنەبىن ئىسمى قىلۇر مۇنداق نىدا،
چىقتى داغى سىنەئى پۇرغۇسسەدىن تۇرلۇك سەدا،
بولمە نەۋمىد، ئەي، يارۇغلۇق بولسە گەر فىئلىڭ تەباھ.

ئەيكى، «ئەررەھمان» ① سىفاتىڭ قۇلزۇمىدۇر فەيزى جۇش،
ئەررەھىم ئىسمىڭ تەزەۋۋرى دائىما رەھمەت خۇرۇش،
يازدى ئەلھەي ئاتىڭ ئانداغ دەھر ئارا بىھەد نۇقۇش،
جىلۋەگەردۇر جىلۋەئى تاتىڭدىن ئىنسان تا ۋۇھۇش،
رەھمەتىڭ خۇمخانەسىدىن دائىما رەھمەت خۇرۇش،
لال ئۇلۇپ ۋەسفىڭدە ئەرشى بولدى بۇ دەم گەر خەمۇش،
فەخرىنى لۇتفۇڭدىن ئانى بولسە ھەم قىل ھۇللەپوش،
باردۇ ئەزبەس چاكەرى ئالى رەسۇلۇڭ، ئەي ئىلاھ.

① «مىھرىبان ئاللا» «قۇرئان كەرىم»، 17 - پارە، 55 - سۇرە، 1 - ئايەتىنىڭ تەرجىمىسى.

2

ئەيلەدى ئاخىر ئىشىن چەرخى ستەمكار، ئەي كۆڭۈل،
باغرىمىزنى جۇزۇۋى يەڭلىغ ئەيلەپ ئەفكار، ئەي كۆڭۈل،
ئۆمردىن ئەۋلادۇر ئۆلساق بىزنى بىزار، ئەي كۆڭۈل،
چۈنكى قىلدى بىزنى بۇ غەمگە گىرىفتار، ئەي كۆڭۈل،
ئىشلا كەلگەي باشىمىزغە ئەمدى بىسيار، ئەي كۆڭۈل
نې ئاسىغ ئاھۇ فىغانلار قىلساڭ ئىزھار، ئەي كۆڭۈل،
قايدا ئەمدى غەم سورۇشماقلىقغە غەمخار، ئەي كۆڭۈل،
بولغۇمىز بىر نۆكتە ئەيتۇر كىمسەگە زار، ئەي كۆڭۈل.

ئەھلى دەرد ئىچرە ماڭا ئاھۇ فىغان بولدى نەسىب،
ناله گويان قۇش ئىچىدە قىسمەت ئولدى ئەندەلىپ،
ئارەزى ئېرمەس ئۈچۈن بۇ دەرد بىلمەس ھەر تەبىب،
شاد ئولۇپ ئىلكىن قاقار ئەيلەپ چۇ نالىشلار رەقىب،
سەرنەۋشتىم ئېركەنىن ئانداغكى بىلدىم ئەنقەرىب،
غەمكىن ئولغاچ تەئىنە ئەسبابىن تۈزەر بۇ دەم ھەبىب،
چۈنكى بۇ مېھنەت ئارا ئاشۇفتە بولدۇم ھەم غەرىب،
ئۆزلۈكۈڭ تاشلاپ ئۆزۈڭدىن بول خەبەردار، ئەي كۆڭۈل.

نەچچە يارۇ دانىش ئەھلىغە بار ئېردى ئۇلفەتىم،
كۆز ئاچىپ يۇمغۇنچە ئايرىلغاچ ئاشىپدۇر ھەيرەتىم،
يۈز نەدامەتلەر بىلە ئەمدى يېگەيلەر ھەسرەتىم،
ئۆرتەبان گاھى فىراقۇ گاھى سوزى فۇرقەتىم،
ئاڭلاغاچ ھەم ھالىمىز بۇ فۇربەت ئىچرە شىددەتىم،
شىددەتىم يوق، فۇرقەت ئىچرە ھەددىن ئەفزۇن مېھنەتىم،
قالمادى يۇرمەككە بەسكىم ئالەم ئىچرە تاقەتىم،
قايدا تاپغۇڭ ئىزدەپ ئەمدى بول خەبەردار، ئەي كۆڭۈل.

ئاخىرى بىر كۈن ئەجەل دامىغە تۈشكەي باشىمىز،
ئەيلەبان بىچارە، ئاجىز، قويماغاي دەرمانىمىز،
دەردىمىزنى ئەيتىشۇرغە قالماغاي ئىمكانىمىز،
تاپماغاي تەغىيىردىن خەتلەر بىزلىك پىشانىمىز،
باشىمىزدا سايەبان بولغاي ئەزىز ئىمانىمىز،
يەر يۈزىنى لالەزار ئەتكەي تۆكۈلگەن قانىمىز،

بارچە يارى مۇئتەقىدلەر كۆپ يىگەي ئارمانىمىز،
قانىمىزنى ئىچكۈسى بىر نەچچە خۇنخار، ئەي كۆكۆل.

ئەھدلەر ئەيلەپ مەگەر بۇچەرخ ئاخىر سىندۇرۇر،
قايدا بىر ئازادەۋەشدۇر ئاڭا جەۋرى يەتكۇرۇر،
دانىش ئەھلىن قايدا كۆرسە تىيغى شىددەت بەلگۇرۇر،
يۈز تۈمەن دەردۇ بەلا ئوقىن باشىغە ياغدۇرۇر،
دىمەسە جاننى بۇ غەم گەر دىسە تىلنى كۆيدۇرۇر،
ئاسراسا ھەرچەندى مىخفى ھەم كۆكۆلنى ئاغدۇرۇر،
ئۆلتۇرۇر بۇ غۇسسە ئانداغكىم تىرىلگۈم يوقتۇرۇر،
بەسكى، بۇ ئىشلارغا سەن قىلدىڭ گىرىفتار، ئەي كۆكۆل.

كەلگۈسى مەشرىق سارىدىن بىزنى ئىزدەپ نەچچە يار،
بىزنى دەپ بولغان مۇسافىر غۇربەت ئىچرە خارۇ زار،
رىشتەئى ئەھدىنى قىلغان بىزگە مەھكەم ئۇستۇۋار،
ئەيلەگەي بىرەھمەلەر بىرلە نەچە يىل كارزار،
رۇستەم ئاسا سالغۇسى خۇنخارەلەرغە ئىزتىرار،
قانىمىزنى ئالماغۇنچە بولماغايلار بەرقەرار،
جۇملەئى خۇنخارەلەر ئۆز شەھرىدىن ئەتكەي فىرار،
تۇرفەتۇلئەينى ئۇلاردىن قالماس ئاسار، ئەي كۆكۆل.

نەچچە ئاي مەھزۇن گىرىفتارى ئەلەمكىم بولغاسەن،
پايمالى مىھنەتۇ رەنجۇرى غەمكىم بولغاسەن،
نەچچە بۇغەم سەرسەرىگە ھەمقەدەمكىم بولغاسەن،
ئاجرابان بۇ جەركەنتدىن نەچچە كەمكىم بولغاسەن،
شايەد ئاخىر ھەشر چاغى مۇھتەشەمكىم بولغاسە
بارىگاھى مەھرەمۇ خاسۇ ھەرەمكىم بولغاسەن،
ھۇرمەتى فەقر ئاڭلاپ ئول كۇن مۇھتەرەمكىم بولغاسەن،
بولماغىل نەۋمىد ھەقدىن، بول تەلەبكار، ئەي كۆكۆل.

گەرچە بولساڭ بۇجەھانى فانى ئىچرە خارۇزار،
جانغە ھەردەم يۈز ئەلەم يەتسە، كۆكۆل بۆلسە فىگار،
خۇش دىل ئولغىل بۇ جەفاغە قىلمە ھەرگىز ئىزتىرار،
فەقرنى فەخر ئەتكەن ئىيرىمىش ئۆزگەدىن ئول شەھسەۋار،
بارچە ھۇش ئەھلى قىلىپدۇر بىزگە تەجرىد ئىختىيار،

پەردەئى فەقر ئچرە كۈنجىن مەخفى ئەتكەن پەردەدار،
كمگە بۇ تالىئ مۇسائىد، كمگە بولدى بەختيار،
سەبر قل تاپساڭ ئەگەر قلغۇنچە مىقدار، ئەي كۆكۈل.

ئشق ئلدن يىغلاماق ئەمدى نە مەئنى تارتىپ ئۈن،
تەلبەلەردەك قلمە ھەرفلڭ دەردلڭ ئەيتۇردا ئۇزۇن،
قانلغ ئەشكۇ ئوتلۇغ ئاھلڭ فاش بولماسدن بۇرۇن،
كۈلبەئى فەقر قەنائەت ئچرە تۇتغايسەن ئورۇن،
نى ئاسغ ئوتلۇغ كۆكۈلدن مۇنچە ئۆرلەمەك تۈتۈن،
مۇنچە سورۇلماق نبدۇر غەم دەشتدە گويا قۇيۇن،
ئەۋلا ئول ئبردكى بولغاي ئبردى ئەلدن ياشۇرۇن،
قلدلڭ ئاخر ئەرشنلڭ دەردنى ئزھار، ئەي كۆكۈل.

**مۇھەببەتنامەلەر**

ئەي شوخ ستەمگەرى پەريزاد،
ھەردەم قلۇرەم بەسى سىنى ياد.
يادىڭدا بەسى خەراب ئولدۇم،
ئشقڭ ئوتدا كەباب بولدۇم.
ئشق ئچرە گەھى زار ناتەۋانمەن،
فەرھاد ئلە چۈنكى تەۋئەمانمەن.
ئەي جۇملە سەنەملەر شاھى سەنسەن،
مەھبۇبلانڭ پەناھى سەنسەن.
ھۇسنۇڭدن ئبرۇر جەھاندا يۈز شور،
شەرمەندە بىھشت ئارا بارى ھۇر.
سەن ئاي پەرلەر ئەختەرىڭدۇر،
رىزۋان ئلە بارچە چاكەرىڭدۇر.
«ۋەششەمسى» يۈزۈڭ فەسانەسدۇر،
«ۋەللەيلى» ساچلڭ نشانەسدۇر.
زۇلفۇڭدن ئبرۇر كۆكۈلدە يۈز بەند،
جان داغى ئبرۇر كۆكۈلگە پەيۇەند.

گەر ئەيلەر ئبسەڭ ئانى فەرشان،
تارتار بۇ كۆكۈل ھۇجۇمى ھەريان.
مىژگانلڭ ئبتىپ كۆكۈلنى پارە،
قاشلڭ داغى ھەم ئككى پارە.
ئول بر ئۇرۇبان كۆكۈلگە يۈز نش،
بۇ بر بولۇبان داغى جەفاكش.
كۆزۈڭ كۆزۈمە چۇ شۇئلە سىزدى،
كۆزۈم كۆرۈبان فىرات ئاقىزدى.
تار ئاغزلڭ ئەيلەسەم تەۋەھھۇم،
ئۆزۈم كۆرەرەم جەھان ئارا گۇم.
لەئلڭكى ئاچىلدى سۆزگە چۇن گۈل،
ئارى چۇ نەۋادن ئۆلدى بۇلبۇل.
يادىمغە كىرەر نەفەسلەرىڭ گاھ،
تارتارمە فىراقدن [يۈز] تۈمەن ئاھ.①
قەددىڭدۇ مىسالى سەرۋى ئازاد،
گۈلدەستەئى يا نھالى شەمشاد.

① ئەسلى نۇسخىدا «كاھ» دەپ يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئاھ» ئېلىندى.

نازۇك بىلىك ئەر خىيال قىلغۇم،
جان رىشتەسىغە مىسال قىلغۇم.
قىلساڭ مەگەر، ئەي، خىرام جانىم،
مەيل ئەتكۇسى چىقىقالى رەۋانىم.
پەنجەڭنى كۆرەر ئىسەم بەناگاھ،
قىلغۇمدۇ خىيال زاتى ئەللاھ.
ئۇريان قىلغان پۇتۇڭنى ھەرشام،
فەرز ئەيلەدىم ئانى نۇقرەئى خام.
كەيدىڭ نەچە كۈن لىباسى گۇلگۇن،
ئاندىن بىرى كۆزلەر ئولدى پۇرخۇن.
سەندەك يەنە يوقدۇر نازەنىنى،
خۇرشىد لىقاۋۇ مەھجەبىنى.
خۇش ئىشۋەنەماۋۇ دىلرەباسەن،
ئەمما نەدىنكى بىۋەفاسەن.
ۋەسلىڭ تەمەئىدە زاردۇرمەن،
سەرگەشتەئى بىقەراردۇرمەن
ئىشقىڭ بىلە گەرچە مۇتتەھەممەن،
ۋەسلىڭدىن ھەمىشە بى بەھەممەن.
مەھرۇم جەمال نەچچە قىلغۇك،
نەۋمىد ۋىسال نەچچە قىلغۇك.
غەيرىڭ كۆڭۈل ئىچرە يوقدۇرۇر، ۋاھ،
بىلكىم، يادىڭدا بۇلسە ۋەللاھ.
گەر دەرسە، دىسەڭكى بىنەۋا مەن،
زۇلفۇڭ گىرىھىغە مۇبتەلا مەن.
ھەرچەند تىلىڭدا مۇبتەلاسىن،
كۆڭلۈڭدە رەقىبغە ئاشناسىن.
بۇ سۆزدىن ئىتەرمە كۆكسۈمە چاك.
ئۆرتەرمە جانىمنى مىسلى خاشاك.
مۇنچە نىگە ئەيلەدىڭ دىلفىگار؟
يوقتۇر يەنە سەن كەبى ستەمكار.
كىمگە ئەيتاي بۇ ماجەرانى،
كۆڭلۈمداغى داغ بارانى.
يا رەب، نىگە مۇنچە زار قىلدىڭ؟

ئىشق ئىچرە زەبۇن خار قىلدىڭ.
ھەر نەچچە بولۇپ يۈرۈر ئىسەم زار،
ھالىمنى بىلمەيدۇر ئول ستەمكار.
ھەرنەچچە ئىشىتمەسەم مەلامەت،
جانىمغە يىتەر تۈمەن ھەلاۋەت.
دەرد ئىلە فىراقدۇر سىرىشتىم،
مىھر ئىلە ۋەفادۇ سەرنەۋىشتىم.
ھەجر ئىلە خەراب فۇرقەتىڭدىن،
مەخمۇر شەرابى شەفقەتىڭدىن.
ئەرشىنى ئۇنۇتمە گاھ ياد ئەت،
ۋەسلىڭدىن بەلكى [ئانى] شاد ئەت.
ئول نەۋئ ئىچىپ بۇلاي ئانى مەست،
ئالدىمدا تۇقۇز فىلەك بولۇپ پەست.
ئانداغ ئۇنۇتاي ئىككى جەھاننى،
نى ئىككى جەھاننى، بەلكى جاننى.
يۈز جان ئىرۇر ئەر نىسار بولسۇن،
مۇھۇمى لەئلى يار بولسۇن.

× ×

ئىنشا قىلۇرەم فەسانەئى ئىشق،
ئول نەۋئ دەبان نىشانەئى ئىشق.
ئالەمغە تىلىمدىن ئوت ساچىلسۇن،
ئالەم ئىلى كۆڭلىگە ياقىلسۇن.
ئەلقاب كىلىپ ئەزەلدە ھەم ئىشق،
ئەل زىكرى بولۇپ ئەبەددە ھەم ئىشق.
ئەينىدۇر ① ئانىڭ چۇ ئەينى ئەفلاك،
ئۆرلەپ بارى ئالەم ئەھلىنى پاك.
شىنى ② ئىكىم ئەررەئى جەفادۇر،
ئۈچ نۇقتەسى ئانىڭ ئۈچ بەلادۇر.
قافى ③ كىلىبان چۇ كوھى ئەنبۇھ،
ئەنبۇھ نە مەئنى كوھى ئەندۇھ.
ئۈستىدە ئىكى نۇقتە ئىكى زاغ،

①، ②، ③ بۇ سۆزلەر «ئىشق (عشق)» سۆزىدىكى «ئەين»، «شىن»، «قاف» تىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپنى كۆرسىتىدۇ.

يوق زاغ، كۆكۈللەرگە ئىكى داغ.
ئاۋازەسى پۇر بولۇپ جەھانغە،
ۋەسفى داغى سىغمايدۇ بەيانغە.
دەرد ئىچرە كۆكۈل خەرابى ئاندىن،
جانىنىڭ داغى ئىزتىرابى ئاندىن.
ئاندىن ئىرۇر ئەھلى دىل فىغانى،
بەلكىم بارى مىھرى قوزغالانى.
ئىشق ئەھلىغە دەرد ئاھ ئاندىن،
مەئشۇقغە ئىززۇ جاھ ئاندىن.
بىردىنى ئەيلەپ ئەزىزۇ خۇررەم،
بىرنى ئاڭا زار ناتەۋان ھەم.
بىر كىمسەگە بىرنى ئاشق ئەيلەپ
ئىشق ئىچرە ئاتىنى سادىق ئەيلەپ.
بىرنى ياساپ ئافەتى زەمان ھەم،
بىردگە نەسىب ئىتىپ فىغان ھەم.
بىردە كۆرۈنۈپ يەتتى پەردۋەش،
زاھىر يەنە بىردە بىر بەلاكەش.
ھەر ئىكىگە شىۋە ئىشقبازى،
نازدىۇ ئەگەر بىرى نىيازى.

× ×

شەمئ ئىچرە گەھى ئاچىلدۇرۇپ گۇل،
پەرۋانەنى كۆيدۇرۇر چۇ بۇلبۇل.
ئىشق ئۇتىغە بىزنى كۆيدۇرۇماك،
مەئشۇقنى ئەيلەبان تەرەبناك.
بۇلبۇلغە نەسىب ئىتىپ ھەم ئەفغان،
گۇل باغرىنى ھەم قىلۇر ئىمىش قان.
ئاشقغە ھەمە ۋەفا قىلىپ خۇي،
مەئشۇقنى ئەيلەبان جەفاجوي.
گەھ ھىرقەت گەھى مۇھەررىق ئىرمىش،
گەھ هارىق گاھى مۇھەررىق ئىرمىش.
يۈزۈڭدە ۋە گاھى جىلۋە ئەيلەپ،
كۆزلەر كەبى گاھى شىۋە ئەيلەپ.
قاش سۈرەتىدە بولۇپ نەمايان،
ئەل كۆڭلىن ئىتەر بەسى ھەراسان.
گەھ لەب بولۇبان گەھى تەبەسسۇم،
ئانداق خىرەد ئەھلىنى قىلۇر گۇم.
كى قامەت ئولۇپ خىرام ئەيلەر،
ئەرش ئەلگە بەسى ھەرام ئەيلەر.
ساچ سۈنبۈلىغە گەھى سەبەب ئۇد،
ئۆرلەتكەلى ئەل نىھادىدىن دۇد.
خەت ئۆزرە بولۇپ گەھى سىمەن ساي،
مانەندىك ئىتەرگە ئىشق ئىلىن، ۋاي.
كىرىمىك نەدىنكى بەلكى بولۇپ نىش،
ئەل كۆڭلىنى ھەردەم ئەتكەلى رىش.
مەقسەد ھەمەدىن جەفا ئاشۇرماق،
ھەر نەۋئى قىلىپ بەلا ئاشۇرماق.
ئىشق بارىنى غارەت ئەتكەي،
غارەت ئىلىگە ئىشارەت ئەتكەي.
ئەلقىسسە، بولۇپ ماڭا فۇسۇنساز،
ھەردەم مىنى ئەيلەدى نەئاساز.
ئۆزلۈكدىن ئەمەس ئىدى نۇرارىم،
ئىشق ئالدى ۋەلىكىن ئىختىيارىم.
سالدى مىنى بۇ غەم ئىچرە ناچار،
غەم خەيلى ئارا قىلىپ نەمۇدار.
غەمكىم دىدى، ئول سىنىڭ غەمىڭدۇر،
سەنكىم يوق ئىسەڭ بو غەم نىدىندۇر.
بۇ ۋەجھىدىن ئەيلەدىم نەچە ئەرز،
بولدى ماڭا ئەرز ئەتمەكىم فەرز.

**مۇستەھزاد**

بىر تۇرفە نىگارىكى ئىرۇر ھۇرۇ پەرىزاد،
كۆزلەر ئاڭا شەھلا،
تائەت چاغى مىھراب كەبى قاشلارى ھەر بار،
قەۋسەين ئەۋ ئەدنا.

نەۋ بادەئى فىردەۋس ۋە يا سەرۋى خىرامان،
ياخىفچەئى تۇبى،
يا بىر ئەلىفى جانغە بۇ رەڭ بولدى پەدىيدار،
يا قامەتى زىىبا.
ھەرچەند ھۇنەر پىشە ئىرۇر ناۋەكى ئىشقى،
پەيكانىنى ئانىڭ،
كۆز مەردۇمى كۆڭۆل ئۆيىدە جان ئىلە ئەسرار،
قىلسە ئانى مەئۋا.
يەر يۈزىنى قانلىغ ياش ئىلە ئالۇ قىزىللىق،
گۇلزارلار ئەتتىم،
ئۆيناتسە سەمەندىن دەپ ئۇشول شۇخى سىتەمكار،
قىلغايمۇ تەماشا.
ھەرچەندىكى ناز ئەۋجىدە خۇرشىدۋەشىمدۇر،
يەتسەم ئەجەب ئىرمەس،
يۈسۈفنى تەلەب زورى بىلە كۆردى نەمۇدار،
ئانداغكى زىلەيخا.
ئۆمر ئىچرە خەرابات ئارا مەستانە يۈرۈپمەن،
تەركى ۋەرەئ ئەيلەپ،
يۈز كاش ھەرىر بولسام ئىدى يادىڭە سەرشار،
پۈر ئەيلەسە سەھبا.
بىر كافىرى بەدمەست ئىدىمۇ، ئەرشى، نە دەرسەن،
بولغاي ساڭا ئافەت،
يا مۇغبەچەئى شوخ شەكەرخەندە جەفاكار،
يوقكىم بۇتى تەرسا.







موللا سالىھ

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: قادىر بۇلاق


## مەسنەۋىي * ①

بىمېھر ئىكەن بۇ دەھر غەددار،
بۇ چەرخى فەلەك ئېرۇر ستەمكار.
ياردىن مېنى ھەم جۇدا قىلىپدۇر،
جانىمغە ستەم جەفا قىلىپدۇر.
باغ ئىچرە قىلىپ چەمەن ئۇزارلىق،
ئول گۈلشەن ئارا جان فەزارلىق.
ۋەقتىكى يېتىپ ئىدى مۇھەييالار،
بۇلبۇللار چېكەر ئىدى نەۋالار.
ئول مەن بولۇبان، مەن ئول بولۇپ ھەم،
ئاندا يوق ئېردى كۆڭلۈمدە ھېچ غەم.
گەھ ئوينىشىبۇ گەھى كۈلۈشۈپ،
گەھ يىلداشىپۇ گەھى سۆيۈشۈپ.
گەھ باغ ئىچىدە قىلىپ گۈزەرلەر،
گەھ گۈلگە قىلۇر ئىدۇك نەزەرلەر.
ۋەقتى يەنە ئافەتى زەمانە،
كۆردى ئىكىمىزنى دەرمىيانە.
كەلدى يەنە بىرگە فىتنە باشلاپ،
ئول باغى چەمەنگە ئوتنى تاشلاپ.
كەلدىكى چەمەنگە باردى سەرسەر،
گۈلنى تۈزۈپ ئاندا قىلدى يەكسەر.②
قورقار ئىدۇك خەزان يەلىدىن،
پىنھان بولۇبان جەھان ئېلىدىن.
بىر كۈن كېلىبان قەزا ھۇجۇمى،
گۈلشەننى ساۋۇردى يەل سەمۇمى.
يەتتىكى خەزان بەھار كەتتى،
گۈلشەن ئارا گۈلئۇزار كەتتى.
يارىمدىن ئولۇپ ئول كۈن جۇدا مەن،
فۇرقەت ئوتى بىرلە مۇبتەلا مەن.
ئۆرتەدى جانىمنى داغى ھىجران،
ياشىم تۆكە[دى] تۆكەي قىزىل قان.
نەيلەي، نە قىلاي بۇ ئىشغە چارە،
قىلسامكى ئۆزۈمنى پارە-پارە.
ئەمدى بولايىن گەھ سۇفىيانە،
...................................... ③
گاھى سۇفىلاردەك ئەيلىسەم ھەق،
ھەر تارمويۇم دېمىش ئەنەلھەق.
كۆڭلۈم[دە] تولا ئېرۇر نەدامەت،
چىقماس بۇ فىراق تا قىيامەت.

① مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلغان ماۋزۇلارغا * بەلگىسى قويۇلدى.
② ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «يىكر» شەكلىدە يېزىلغان (م).
③ ئەسلى قولىيازمىدا بۇ بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان (م).

قىلسام ئىدى جان ئانىڭ فىداسى،
كۆڭلۈم بولۇبانكى مۇبتەلاسى.
تەئرىفنى قىلسام ئاي ئىلە يىل،
بولغاي ئىدىيۇ تىلىمدا مىڭ تىل①.

## غەزەل*②

نازۇك قەدى ئىردى جىلۋە شەمشاد،
مانەندى ئىدى سەرۋدىيۇ ئەرئەر.
ساچى قاراسىن بەمىسلى يەلدا،
سۇنبۇلمۇ ۋەياكى مىسلى ئەنبەر.
قاشىنى دىسەم كەمان سىيەھ تۇس،
جان ئالغالى فولاد شەمشەر.
كىرپىكلەرى سەف تۈزۈپ سىناندەك،
هەر قايىسسى بىر جانىمغە نەشتەر.
كۆرسە يۈزىدىن خىجىل ئىدى كۈن،
كەۋكەبدە پىنهان ماهى ئەنۋەر.
ئول هۇققەئى لەئلى ياقۇت ئىچرە،
هەربىر تىشى ئۈنچىگە بەرابەر.
كۆرگەچ لەبىدىن بولۇپدۇر هەيران،
تاغ ئىچرە قاچىپدۇر لەئلى جەۋھەر.
شەھلا كۆزىنى كۆرۈپ ئۇيالغان،
پىنهان بولۇبان سەدەفدە گەۋھەر.
ئىشتكەن ئىسە زەبانى هالىن،
چىقماس ئىدىيۇ قومۇشدا شەككەر.
ئانىڭ يىدى ئىردى مۇشك سۇدە،
بۇيىدىن ئولۇپ جەهان مۇئەتتەر.

## غەزەل *

خەستە قۇلۇڭ ئاسىيۇ گۇنەهكارمەن،
هەرنىچە ئول دىسە يامان بارمەن.
سۆزلەمەكىم هەر كۈنى يالغان بىلە،
بەدئەدۇ بەدئەسل، بەدكارمەن.
بارچەنىڭ ئول ئەيبىنى هەم ئاچقۇچى،
نەچچە گۇنەھ ئەهلى بىلە يارمەن.
سادىر ئولۇپ جۇملە يامان ئىشلارىم،
پەندۇرۇپ ئەلنى نەچە، ئەييارمەن.
نەچچە گۇنەھ ئەهلىنىڭ هەم قاشىدا،
ئىزدەسەلەر ئالدىدا تەييارمەن.
قىلمىشىم ئول هەر كۈنى فىسقۇ فۇجۇر،
بەلكى تەمۇغ ئىچىدە فىننارمەن.
ئارقاسىدا نەفسى مۇردارنىڭ،
ئەرگەشىبان چۇن سەگى دەمدارمەن.
سالىهى مەن ئاسىيۇ رويى سىياھ،
جۇملە گۇنەهىم ئارا ئىقرارمەن.

## مەسنەۋي *

تۇفراق ئارا كىردى ماهى تابان،
يەر ئاستىندا ئۈزىنى قىلدى پىنهان.
بۇ دەهر بىلەن كۆڭۈل ئاۋۇتماڭ،
بۇ باغ ئارا گۇلشەنگە باقماڭ.
نې مىهرىسى بار ئانىڭدا نې كۆز،
نې چىهرى بار لەتىف ئانىڭدا نې يۈز.
نې شەهنى قويار نەكىم گەدانى،
نە مۇفلىس بىۋە بىنەۋانى.

① ئەسلى قوليازمىدا بۇ مەسنەۋىنىڭ ئاخىرى كۆچۈرۈلمەي قالغان (م).

② ئەسلى قوليازمىدا بۇ غەزەلنىڭ باش ۋە ئاخىرىكۆچۈرۈلمەي قالغان. كۆچۈرۈش جەريانىدا ئارىلاپ بەزى مىسرا ۋە كۇپلىتلارمۇ تاشلىنىپ قالغان. كۆچۈرۈلگەن مىسرالارنىڭ ئورۇن تەرتىپى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن. مەنە ۋە قاپىيىلىنىش تەرتىپىگە ئاساسەن رەتلەندى (م).

نە گۈلشەن ئەمدى ماڭا نى باغ،
نە بەھرى ماڭا نە دەشت نە تاغ.
بۇ دەردنىڭ ھىچ دەۋاسى يوقتۇر،
بۇ رەنجىنىڭ ھىچ شىفاسى يوقتۇر.
مەخلۇق ئىشىغە قىلىپ ئىلاجى،
ساتىپ ئالۇر ئىدىم يىمىپ خىراجى.
ئول تەڭرى ئەزەلدە قىلسە تەقدىر،
بەندەسى نەھەد قىلۇرغە تەدبىر.
يارىم سېنى تاپشۇراي خۇداغە،
ئىككىنچى رەسۇلى مۇستەفاغە.
ئەفۋ ئەت گۇناھىنى شاد قىلغىل،
جەننەت ئىشكىن كۇشاد قىلغىل.
سالىھ قىلىبان بۇ سۆزنى بۇنياد،
دوستلار ئىشتىپ مېنى قىلىڭ ياد.

غەزەل *

دەردىمنى تۆكەرگە دەردمەند يوق،
ھالىم ئۆلاشۇرگە مۇستەمەند يوق.
سەندىن يەنە تاپمايمەن جەھاندا،
كىردىم يەنە رۇم ئىلە يەمەن، يوق.
ھەريان نەزەرىمدە يۈز تۈمەن گۈل،
سەندىن يەنە بىر گۈلى چەمەن يوق.
كۆڭلۈمدە ھەممە سىنىڭ ۋىسالىڭ،
مەندەك يەنە ئارزۇمەند يوق.
گەۋھەرنى تونۇر مەئانى سەرراف،
سەندەك يەنە بىر دۇررى ئەدەن ① يوق.
شەھلا كۆزى، رويى لالە ئەھمەر،
سەرۋ قەد ئول سىمەن بەدەن يوق.

غەزەل*

بىر كۈن ئول تەرەفكە مەيل ئەتتىم،
ئول يار ۋىسالىغە يېتىشتىم.
كۆردۈم نۇردىنىكى زار ئاشىق،
بولدۇم ئاڭا مەنكى يارى سادىق.
ئول سارىغە گەرچە بارمىسام،
گۈل يۈزىنى ئاندا كۆرمىسەم.
ئول گۈلنى قولۇمغە ئالماس ئىردىم،
مەن ئۇشبۇ بەلاغە قالماس ئىردىم.
ھەر كۈن بۇ فىراق بولۇپ زىيادە،
بۇ جەۋرۇ جەفا ماڭا ئىرادە.
يارىم بولۇبان كۆزۈمدە نازىر،
ھەر كېچە تۈشۈمدە ئۆيلە ھازىر.
ھەر كېچە بولۇپ بۇ ئىككى بىدىل،
ھەر ئىشتىبانكى زار ئىلە دىل.
ھەر كېچە بىللە ئول ئەجايىب،
ۋەقتىكى سەھەر كۆزۈمدە غايىب.

غەزەل *

ئاستۇرۇپ ئۆلتۇرگەلى باغلاتتى نەيلەي دار ئىشق،
ئاخىرى ئۆلتۇرگۇدەك فۇرقەتدە ئول ھەربار ئىشق.
ئىلتىبان ئول ھەجر فۇرقەت كۈندە مىڭ دارۇلقەزا،

---

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «ئەدەت» دەپ يېزىلىپ قالغان، قاپىيە ۋە مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئەدەن» دەپ ئېلىندى (م).

بىر يولى قەتل ئەيلەمەككە چىرلاتىپ بازار ئىشق.
دوستلار فۇرقەت ئەزابى شىددەتىن ئەيلەي بەيان،
ئاھ، نىتەي مەن بەندەنى قىلدى زەبۇن ناچار ئىشق.
خانىمانىمدىن كېچىپ، بىخانىمان بولغاندۇمەن،
دوستلار ئەيب ئەتمەڭىز باشىمدا مىڭ سەۋدايى ئىشق.
خەلقى ئالەم كۆرسە ئەيب ئەتمەس جۇنۇنۇمنى كۆرۈپ،
لەيلى ئىلە مەجنۇندەك ھەم ئۇلتۇر سەمەندى ئار ئىشق.
ھەرنە كەلسە باشىگە تارتماسىغە، سالىھى، چارە يوق،
[بۇ] مەگەر تەقدىر ئىلاھى قۇدرەتىلجەببار ئىشق.

### موللا سالىھنىڭ گۇلنامەئى زۇكارنىڭ بەيانى تۇرۇر

يار ئۈچۈن گۇل تاردىم ئەيلەب مەشەققەت ئەمگەلىپ،
كۆز ياشىم بىرلە سۇغاردىم پەرۋەرىشلەر مەن قىلىپ.
گۇل كەمالىغە يېتىشمەسدە قىلىپ يارىم سەفەر،
مەن قالىپ يالغۇز دىيارىمدە مۇسافىر ھەم غەرىب.
بار ئىدى يارنىڭ گۇلى، بارى ئۇ گۇلنىڭ بۇلبۇلى،
گۇلدىن ئايرىلغاچ قىلىپ فەريادۇ ئەفغان ئەندەلىب.
يا كۆڭۈلنىڭ راھەتى يوق يا بەدەننىڭ قۇۋۋەتى،
ئۇل گۇلى ئەسفەر كەبى چىھرەم قالىپدۇر سارغەرىپ.
يا فىراقىنىڭ شىددەتى ياكىم ئەجەلنىڭ مۇددەتى،
ھەم بەدەننىڭ قۇۋۋەتى قالماي ئەجەب بولدۇم زەئىف.
ھىچ مەجالىم يوق ئۇ كۈن ياتتىم كىرىپ گۇلشەن ئارا،
گاھى مەستۇ گاھى بىھۇش گاھى ھۇشۇمغە كېلىپ.
ئۇل زەمان يەتتى قۇلاغىمغە بىرەۋنىڭ شەرفەسى،
ھەم قەدەم سالماغلىغىدىن مەن ئانى تۇردۇم بىلىپ.
بىر باسىپ، ئىككى باسىپ، كەلدى يېتىپ گۇلشەن ئارا،
قول ئۇزاتتى گۇلغە ئالغاي بەرگى شاخىدىن ئېگىپ.
مەن دېدىم: «ئەي بىئەدەب، سەن غۇنچەغە يەتكۈرمە زەئىف»
دەرمەھەل كەلدىم ھۇشۇمغە كۆز ئاچىپ كۆردۈم رەقىب.
مەن مۇنى بىلمەكلىكىمنىڭ بائىسى ئېيردى سەبەب،
گۇل ئۈنۈپ يىلدىزلارى چىققان ئىدى سىينەم يارىپ.
ئەي سەبا، مەندىن بارىپ يارىمغە ئەيتىڭ مەرھەبا،
ھەم سىينىڭ ۋەسفىڭدەدۇر بىر نەچچە سۆزلەر دىلفەرىب.
سالىھى شېئىر ئەيتادۇرلار بىمەئانى سۆزلەنى،
سۆزنى سۆز مەزمۇنىغە يەتكۈزمەيىن ئۆلگەي قەرىپ.

## موللا سالىھنىڭ مۇخەممەسى بۇ تۇرۇر

ئەجايىب نازەنىن كۆردۈم تۇلان خۇرشىد ئەنۋەردەك،
مىسال ئەتسەم قەدى شەمشاد ۋەيا سەرۋ سەنۇبەردەك،
يۈزى گۇلدۇر، ساچى سۇنبۇلمۇدۇر يا مۇشك ئەنبەردەك،
كۆزى قاتىل، قاشى شەمشەر، ئانىڭ مىژگانى خەنجەردەك،
ئۆلۈكنى تىرگۈزۈر لەئلى لەبى ئەيسا پەيەمبەردەك.

تۈشۈمدە كۆردۈمۈ چابۇكسەۋار ئۆتتى خىرام ئەيلەپ،
تەۋازۇئ بىرلە ھەم ئالدىدا مەن تۇردۇم سەلام ئەيلەپ،
گىرىھ زۇلفىدىن ھەلقە سالدىلار بويىنۇمغە دام ئەيلەپ،
كۆڭۈلنى ئالدىيۇ زار ئەيلەدى ئۆزىگە رام ئەيلەپ،
كۆزۈم ئاچتىم، كىرىپ كەۋكەبدە پىنھان شەمسى خاۋەردەك.

نېتەي، نەيلەي، تۈشۈمدە كافىرى مەستۇ بەلا كۆردۈم،
كۆزۈم ئاچتىم ئۆزۈمنى ھەجرى ئوتىغە مۇبتەلا كۆردۈم،
بۇ فۇرقەت بىرلە ئۆلمەكنى ئۆزۈمگە مەن رەۋا كۆردۈم،
كېتەر بۇ دەرت ئىلە باشىم ئۆزۈمنى بىدەۋا كۆردۈم①،
ئېرىمەس تاش باغرى بىۋەفانىڭ سەڭگى مەرمەردەك.

كېيىپ گۇلگۇن قەبا تەۋسەن مىنىپ چابۇكسەۋار ئۆتتى،
ئاڭا كۆز ئىچرە يول بەردىم كېلىپ بىئىختىيار ئۆتتى،
ئىزىنىڭ گەردىدىن ئەيلەپ كۆزۈمگە تۇتىيار ئۆتتى،
كۆرۈپمەن تەركى ھۇش ئەتتىم كېلىپ يول ئۆزرە يار ئۆتتى،
گىرىھ زۇلفى ئانىڭ ئۆشىندە گويا ئىككى ئەژدەردەك.

دەرىغا، دەردى ھىجران زەئفى ھالىمنى خەراب ئەيلەپ،
مۇرادىمغە قاچان يەتكۈم بۇ كۆڭلۈم ئىزتىراب ئەيلەپ،
سالىپ جان رىشتەسىدىن تار، يۈرەكىمنى رەباب ئەيلەپ،
بۇ سەۋدا بىرلە كەتكۈمدۇر جىگەرلەرنى كەباب ئەيلەپ،
بۇ ھىجران ئىشقى ئاتەشگاھىدا بولدۇم سەمەندەردەك.

كۆزۈمدىن غايىبۇ كۆڭلۈمدە ھازىر ياد ئەيلەرمەن،
ئانىڭ يادى بىلە خۇرشىد كۆڭۈلنى شاد ئەيلەرمەن،

① بۇ سۆز ئەسلى قولىيازمىدا «ئەبلەپ» دەپ يېزىلىپ قالغان (م).

بۇ ھىجران بىرلە ئۆلسەم، دەپ، خۇداغە داد ئەيلەرمەن،
ئەجەلگە رازىمەن غەمدىن ئۆزۈم ئازاد ئەيلەرمەن،
ئەگەر جان بەخشلىقدە لەبلەرىدۇر ئابى كەۋسەردەك.

ئىلاھا، بارمىدۇر مەندەك يەنە ئەۋۋارە بولغانلار،
بۇ فۇرقەت دەشتىدە مەجنۇن كەبى بىچارە بولغانلار،
جەھاندا مەن كەبى باغرى تۈمەنمىڭ پارە بولغانلار،
مېنىڭدەك تالېئى شۇم، بەختى مەندەك قارە بولغانلار،
كۆرۈپ ئەيب ئەتمەگىزلەر سالىھى بولسە قەلەندەردەك.

### موللا سالىھنىڭ ئۆزھالىغە دېگەن بېيتى تۆرۈر

مەن مۇندا بۇكۈن تاڭلا كېتەرمەن ۋەتەنىمگە،
بۇ گۈلنى سىپىڭلار مېنىڭ ئول كۈن كەفەنىمگە.
گۈل مەۋسۇمى كەتمىش تېگىبان باد ئىلە سەرسەر،
ئول بادى خەزان ئافەتى باغ جەھەنىمگە.
بىراق ئىدى گۈلدىن ئەگەرچە كەفەن ئەتسە،
گۈل غەيبىدۇرۇر خاك ئالۇدە بۇ تەنىمگە.
مەن ئەزم سەفەر ئەيلەسەم [ئول] ھىندۇنى تاشلاپ،
ئول شامۇ سەمەرقەندى، ھىراتۇ يەمەنىمگە.
بۇيى گۈلنىڭ ئانھەزرەتى رەببىمگە ئەلادۇر،
بۇ گۈلنى قىلاي تۆھفە ئۇ زىبىبا سەنەمىمگە.
يەتسە ماڭا بىر بۇيــى ئەسەر قاشى قارادىن،
باقماسمە قاراقاش ئىلە بەلكى خوتەنىمگە.
مەندەك يەنە بىر بەختى قارا تالېئى شۇم يوق،
باقساڭلا پىشانەمدىكى لەۋھى قەلەمىمگە.
رەھم ئەيلەمەس ھېچ بەندەئى سورماق مېنىڭ ھالىم ①،
قالماڭلا مېنىڭ دەرد ئىلە داغۇ ئەلەمىمگە②.
مەن قۇرقەئى ئەمىنە ئەرزىمنى ئەيتسام،
سۇلتان شەھى ھەزرەت ئول با كەرەمىمگە.
ئاھىم ئوتىدىن كۆيسە بۇ ئالەم ئەجەب ئېرمەس،
ئوت كەتكۈسىدۇر باغى گۈلستان ئىرەمىمگە.
سالىھ ئۇرۇبان فانى جەھان مۈلكىغە پەشپا،
مەن خۇرشىد ئەمەس فانى بۇ مۇلكۇ ۋەتەنىمگە.

①، ② ئەسلى قولىيازمىدا بۇ ئىككى مىسرا ئىككى قېتىمدىن كۆچۈرۈلۈپ قالغان (م).

## موللا سالىھنىڭ مۇخەممەسىنىڭ بەيانىنى ئەيتۇرلار

كۆردۈم يۈزۈڭنى، ئەي پەرى، ۋەقتى تۈشۈمدە سۇبھى دەم،
ئويغاندىمۇ تاپماي سىنى كۆڭلۈمگە تۈشتى زەررە غەم،
كۆرسەت جەمالىڭ ئەي پەرى، قىلمە جانىمغە كۆپ ستەم،
تاشلاپ بۇ ھىجران دەشتىغە غەم قۇشلارىغە قىلما يەم،
ئالغىل يۈزۈڭدىن پەردەنى بىر جىلۋە ئەيلەپ، ئەي سەنەم.

دەھر ئىچرە ئىستەپ تاپمادىم، كۆرسەم دەبان ئول ماھنى،
ئىشقىڭدا ياتتىم سارغەرىپ، كۆرسەڭ نە بولدى كاھنى،
يادىمغە كەلسە ھەرزەمان تارتۇرمە يۈزمىڭ ئاھنى،
پايىڭغە كۆز سۈرتەي دەبان، تۇردۇم توسۇپ باراھنى،
رەھىم ئەيلە، نىكىم ھالىمە سورماقغە بىر قويغىل قەدەم.

جەننەت نە ھاجەتدۇر ماڭا، بىر سائەتى كۆرسەم يۈزۈڭ،
جان بۇلبۇلى گويا بولۇر، ئىشتسەمكى ھەر ① شەككەر سۆزۈڭ،
مەن خەستەنى ئۆلتۈرگەلى ھەردەم قىلىچ تارتار كۆزۈڭ،
ھىجراندا بولدۇم تەشنەلەب، ۋەسلىڭ سۈيىدىن يەتكۈزۈڭ،
لەئلى لەبىڭنىڭ يادىدا ئاغزىمدا قالماي زەررە نەم.

قەتل ئەيلە جانان بىر يولى قىلمە جەفا بۇ جانىمە،
فۇرقەت ئوتىدا كۆيدى جان، قىلغىل تەرەھھۇم ھالىمە،
شەفقەت بىلە سورغىل مىنى، «نە بولدى» دەپ ئەھۋالىمە،
سەن قىلماساڭ رەھم ماڭا، كىم يەتكۈسى فەريادىمە،
لۇتفۇڭ فۇزۇن ئەغيارغە، مىھرىڭ ماڭا نې بولدى كەم؟

ئەرزىمنى ئىزھار ئەيلىسەم، تاپسام ئىدىممەن، يارغە،
ئەرزى دىلىمنى ئىشتىبان رەھم ئەيلىسە مەن زارغە،
گۈل سۆيگەلى بولسە بەھەم رازى بولۇرمەن خارغە،
رەھم ئەيلىمەي مەن خەستىغە لۇتف ئەيلەسە ئەغيارغە،
مەن خەستەغە تەگرى ئۈچۈن رەھم ئەيلە، ئەي قاشى قەلەم.

---

① ئەسلى قولىيازمىدا «ئىشتىڭ ھەم» دەپ يېزىلغان، مەنە ھەم ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «ئىشتسەمكى ھەر» دەپ ئېلىندى (م).

ياكىم مەلەك سىيماﯗسەن، خۇرشىدسەنمۇ يا پەرى،
ياكىم ياكى ئەيلەپ تۇلۇﯓ كۆكدىن بۇ ماهى ئەنۋەرى،
جادۇ كۆزىگە مەن كەبى بۇ ئەهلى ئالەم مۇشتەرى،
لەيلىمۇ، شىرىن بىلمەدىم، هۇسن ئىچرە كۆردۇم دىلبەرى،
ﯓۆرلەپ جۇنۇنۇم، ۋايكىم، ئەيلەپ ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم.

ئىشقىڭ تۇشۇپدۇر باشىمە، كۆزدىن ئاقىپ كۆز ياشىمە،
مۇڭ تۆككەلى مۇڭداش يوق، ئەرز ئەتكەلى هالداشىمە،
هەجرىڭدە ياتتىم سارغەرىپ، كەلسەڭ نەدۇر بىر قاشىمە،
چىهرەم بەمىسلى كەهرەبا ئەي باغرى قاتتىغ تاشىمە،
تاڭلا قىيامەتدە جەۋاب بەرگىن ماڭا قىلغان ئەلەم.

ئاشقۇ مەئشۇق سەن[سەنۇ] بىرەهىمسەن، ئەي مەهلىقا،
ئاشىقىغە يەتسە رازىدۇر مەئشۇقدىن① يۈزمىڭ جەفا،
هۇسن ئەهلىغە سەن پادىشاه. مەن ئاشقى مىسكىن گەدا،
هەجرۇ فىراق ئەندۇهىغە قىلدىڭ مېنى كۆپ مۇبتەلا،
لۇتفى ئەيلەبان هالىمنى بىر سورساڭ شەهى، ئەي باكەرەم.

كۆڭلۇم مېنىڭ يۈز پارەدۇر نازۇك نىهالىڭ كۆرگەلى،
تەندىن جانىم بىگانەدۇر ئاي يۈزدە خالىڭ كۆرگەلى،
ئەقلىم جۇنۇن دىۋانە[دۇر] ئەگمە هىلالىڭ كۆرگەلى،
هەر كۈن كۆزۈم خۇنابەدۇر هۇسنۇ جەمالىڭ كۆرگەلى،
سالىهدا يوقتۇر تاقەتى جانى چىقارغە يەتتىم هەم.

**موللا سالىهنىڭ روزگارىنى تەئرىف تەۋسىف قىلغانىنىڭ**
**بەيانىنى ئەيتۇرلار**

بىر پەرىۋەش نازەنىن كۆردۇم يۈزى تابانچە بار،
كاكۇل ئەژدەرهاسى گويا سۇنبۇلى پەيكانچە بار،
قاشى مېهرابىغە يۈز قويسام كۆزى چولغانچە بار،
لەبلەرى مانەندى لەئل، تىشلارى دۇردانچە بار،
بىلقىسى بىرلە زلەيخا، يۈسۇفى كەنئانچە بار.

① ئەسلى قولىيازمىدا «مەقشۇقىغە» دەپ بېزىلغان، مەنا ئېتىبارى بىلەن **«مەئشۇقىدىن»** دەپ ئېلىندى (م).

ۋەسفىنى قىلسام بەيان يوقتۇر مىسالى بىر مىسال،
قاشلارىنى قىلسام مىسال گويا ياڭى چىققان ھىلال،
يوقتۇرۇر ئالەمدە ئانداغ سەرۋ قەد نازۇك نىھال،
يا گۇلىستانى ئىرەمدىن چىققتى بەدىئۇلجەمال،
يا بەشەرمۇ يا پەرى يا ھۇرمۇ [دۇر]، رىزۋانچە بار.

مەن كۆرۈپدۇرمەن جەمالىن ئافتابغە مۇتتەسىل،
ناگەھان كۆرسە يۈزىنى ئايۇ كۈن بولمىش خىجىل،
ۋەسفىنى قىلسام سىفەت ھەرگىز تۈگەنمەس ئايۇ يىل،
بىر ھۇرۇفىنى تەمام قىلماي مەگەر لال ئولدى تىل،
كىرپىكى نەشتەر، كۆزى جانغە پىچاق سالغەنچە بار.

ئارەزى نەسرىن، ساچى سۇنبۇل، قاشى مېھرابۇ تاق①،
ھەر تۈنى يۈز يىلچە بار يادىمدا تارتقان ئىشتىياق،
ھەر زەمان قان يىغلابان كۆزدىن داغى سىزدى قاراق②،
ئاخىرى ئۆلتۈرگىدەك فۇرقەت بىلە دەردى فىراق،
كۆرمەسەم بىردەم بۇ تەن جاندىن جۇدا بولغانچە بار.

ئول پەرىۋەشنىڭ ۋىسالىن تەگرىدىن قىلدىم تەلەب،
تەلئەتى چۇن «ۋەززۇھا»دۇر ساچلارى مانەندى شەب،
بۇ قۇرۇغ جىسمىمغە ئەۋۋەل جان بەخشلىق بەرسە لەب،
يا بەشەر ياھەم پەرى يا ھۇردىن سالسام تەرەب،
ھەم بۇلارنىڭ ھۇسنى قانچە گەر ئانىڭ يۈز ئانچە بار.

يوق ئىكەن دەردىم دەۋاسى، سورسە بىلمەسلەر تەبىب،
سىھھەتگە مەيل ئېتەمەن سۇ بەرسە جانانىم كېلىپ،
مەن توسۇپ③ باراھىنى ھەجرىدە ياتسام سارغەرىب،
مەن قاچان بولغۇم ھەيات بىرلەھزە كۆڭلۈم ئايرىلىپ،
خەستە كۆڭلۈمنىڭ دەۋاسى ھاكىمى لوقمانچە بار.

---

① ئەسلى قوليازمىدا بۇ سۆز «قاف» دەپ يېزىلغان، مەنە ۋە قاپىيە ئېتىبارى بىلەن «تاق» دەپ ئېلىندى (م).

② ئەسلى قوليازمىدا بۇ سۆز «فراق» دەپ يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «قاراق» دەپ ئېلىندى (م).

③ ئەسلى قوليازمىدا بۇ سۆز «توشۇپ» دەپ يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «توسۇپ» دەپ ئېلىندى (م).

سەكرەتىپ تەۋسەن مىنىپ مەيدان سارى ئەيلەپ خىرام،
ئەي شەھىنشاھى جەھان ئالدىڭدا بۇ ئاجىز غۇلام،
سۇبھى «ۋەششەمسى» يۈزۈڭنى زۇلفى يەلدا قىلدى شام،
كۆرگەلى فاسىد خىيال بىرلە تەمەئ ئەيلەپمە خام،
بۇ خىيال زۇلمەتتىن ھەم ئابى ھەيات ئالغانچە بار.

ئارەزى خۇرشىد رەخشان قەددى ئەرئەردەككىنە،
زۇلفى ئانىڭ گەنج ئۈزە گوياكى ئەژدەردەككىنە،
لەبلەرى جان بەخشلىقدا ئابى كەۋسەردەككىنە،
ئىرگۈزۈر ئۆلگەن كۆڭۈلنى رۇھپەرۋەردەككىنە،
گەر مەسىھۇللاھ دەمىدىن تەنگە جان كىرگەنچە بار.

بەرسەڭىز ھۇسنۇڭ زەكاتى خەستەگە شاھى جەھان،
سارغەرىپ بولدى فىراقىڭدا چىرايىم زەئفەران،
سالىھى مىسكىن قۇلۇڭ ئەيلەپ ساڭا ئەرزىن بەيان،
قەتل ئېتەر ئاشىقـنى يوقتۇرسەن كەبى ساھىبقىران،
كۆندە مىڭنى ئۆلتۈرۈپ، مىڭ بىرنى ئىرگۈزگەنچە بار.

## موللا سالىھنىڭ دوستلارنىڭ بەيانى

دوستلار مەندىن ئىشت ئەفسانە ئەيان ئەيلەبان،
بىر ـ بىردىمىزگە ھەقىقەتەن دۇررى ئېھسان ئەيلەبان،
ئۆلگۈچە ئايرىلمالى دەپ ئەھدى پەيمان ئەيلەبان،
ئىزدىسە بىر جان، ئاڭا مىڭ جاننى قۇربان ئەيلەبان،
بۇ فەلەك باغرىمنى چالدى يەرگە يەكسان ئەيلەبان.

ۋەئدە ئولدۇركىم، دېـدۇك، ئايرىلمالى ئۆلمەي تىرىك،
ياشىم ئەللىك ئۆچكە يېتىپ ئىشتىمەدۇق قاتتىغ ـ يىرىك،
دوستلار سەندىن زېرىكتى سەنمۇ دوستلاردىن زېرىك،
بىر مەسەل باردۇر ئىشەنگەن تاغ ئارا ياتماس كىيىك،
بىۋەفا دوستلار بۇ كۆڭلۈمنى پەرىشان ئەيلەبان.

چۈن قەزا يەتسە جۇدالىقغە يەقا چاك ئەيلەلىك،
ھەم تۇتۇپ ماتەم، تۆكۈپ ياش يەنى نەمناك ئەيلەلىك،
بۇ مۇسىبەتدىن يۈزىن يەرگە قويۇپ خاك ئەيلەلىك،

ئەي خىرەدمەندلەر، سۆزۈمگە فەھم ـ ئىدراك ئەيلەلىڭ،
باشغە كۆك دەستار كىيىپ فەريادۇ ئەفغان ئەيلەبان.

باشدا ئانداغ ۋەئدە قىلدۇق، ۋەئدەگە قىلماي ۋەفا،
نەچچە كۈن ياتتىم پۈتۈم ئاغرىق بولۇپ، يالغۇز خەفا،
رەببەنا، دۈشمەنگە كۈلكۈ قىلماغىل، دوستغە تەفا،
مىھرىبان ياردىن جۇدا قىلدى فەلەك، ئەيلەپ جەفا،
بۇ قەزائى ئاسمانى خانە ۋەيران ئەيلەبان.

دوستلاغە جانان ئىدىم، دوستلار فەقىرغە جان ئىدى،
ھەربىرىنىڭ ئالدىدا بۇ خەستە گەۋھەركان ئىدى،
دوستلاغە ھەرنە دىسەممەن، بەندەئى فەرمان ئىدى،
ھەربىرسىنىڭ جانى مەن خەستەغە قۇربان ئىدى،
ھەمزەبانغە ھال قىلسام، دەۋرى ئىنسان ئەيلەبان.

خالىقا، بۇ بەندەنىڭ ئەرزىسگە ئولدۇر تەلەب،
قىلماغىل دوستغە تەفا، دۈشمەنغە كۈلكۈ دەپ تەلەپ،
بارچە دوستۇم بىر سەرى، ئول ئىككىسىدۇر بىر تەرەف،
دوستنى دوستلارغە ئۇلاندۇرماقغە مەن بولدۇم سەبەب،
قىسقە قىلدىم يولنى، دوست ئالماقغە ئاسان ئەيلەبان.

ياش ئىدىم، يۈزلۈك ئىدىم، دوستلارغە ئىردىم ئىئتىبار،
ئارامىزدا يوق ئىدى بىر زەررەئى گەردى غۇبار،
بارمىسام ھەفتە ئاياغىم گەردى كۆزگە تۇتىيار،
گاھىدا ئىزدەپ كېلۇر ئىردى قايان مىھرى گىديار،
كەلسەلەر كۆرمەي كېتەرلەر يولنى پىنھان ئەيلەبان.

شۈكرى، سەد شۈكرى، بېرىپ تەڭرى ماڭا كۆپ دەردۇ رەنج،
دوستلارىمغە ھەم بېرىپتۇر بەلكى گەنج ئۈستىندە گەنج،
نەچچە مەن ئاتغان بىلەن ششخالدا كەلمەس شش پەنج،
بەئزەغە بازارمەنا، بەئزەلەر قىلمىشلا ھېچ،
بىرگە ئەقلۇ فەھم دانىش، بىرنى نادان ئەيلەبان.

بىسەرۇ سامان ئولۇپ ھەقدىن ئايرىلغان بۇ يەتىم،
دوستلادىن ئايرىلغالى كۆڭلۈمدە ئىردى نىيەتىم،

ئەمدى قاملاشماس، دەبان بىر ـ بىردىمىزگە ئۇلغەتىم،
ھەرنېچچە نامراد ئېسەم دوستلارغە تۆشمەس ھاجەتىم،
شۇكرى لىللاھ، تەڭرى ئۆز مۈلكىدە سۇلتان ئەيلەبان.

تىفل يەڭلىغ دوستلارىمنى يۈرگەن ئېردىم ئويناتىپ،
گاھى نەغمە سۇد ئىچرە بەزم يۈرگەن تويلاتىپ،
كۆڭلى خۇش بولسۇن دەبان سودا ـ سەمەكنى سويلاتىپ،
①......................................................
خۇدفىسەند دوستلار سالىپ كۆزدىنكى نۇقسان ئەيلەبان.

كەتتى بارى②، قالدى يالغۇز، مۇندا تاشلاپ يارىنى،
سەرنەۋىشتىمدۇر كۆرۈڭلار بۇ خۇدانىڭ كارىنى،
مەندە ھەم نە يار قالدى، بەلكى دوست ھەم يارىنى،
ئاقىبەت كەستى ئارادىن بۇ مۇھەببەت تارىنى،
جانىمە يۈز جەۋرىيۇ مىڭ تىيرە پەيكان ئەيلەبان.

دوست تۇتۇپ كىم بار مۇرادىغە ئەگەرچە يەتكەنى،
كىم كۆرۈپدۇر دوستۇ يارىدىن كۆڭۈلنىڭ شادىنى،
خەستە مەغرۇر ئېردى ھەم ئايرىلىبان ھەم كەتكەنى،
ئۇنتۇلۇپ كەتتى كۆڭۈلدىن ھەم بۆشۈك تەبرەتكەنى،
ئۆيقۇنى ئەيلەپ ھەرامۇ بەندە فەرمان ئەيلەبان.

باشدا دوست بولغان ئىدۈك بىر ـ بىردىمىزنى ئاززۇلاپ③،
يادلابان مۈشك ـ ئەنبەرىدۇر ئاستى ئىستىغنەم گۇلاب،
بۇ مۇھەببەت بۇيى يەتتى چىقتىلار ئىزدەپ، پۇراپ،
بۇ ئۈزۈلگەن رىشتەنى ئاخىر ياڭى باشدىن ئۇلاپ،
تاپتىلار ئىزدەپ فەقىرنى ئانچە ئىمكان ئەيلەبان.

بىر كۈنى ئىزدەپ سوراپ كەلدى ئۇلار تاقسارىغە،
بىر قونۇپ ئىلتىپ مېنى باردى ئالىپ ئۆز سارىغە،

---

① ئەسلى قولىيازمىدا بىر مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان (م).

② ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «يارى» دەپ يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «بىارى» دەپ ئېلىندى (م).

③ ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «ئاررزۇلاشىپ» دەپ يېزىلغان، قاپىيە ۋە ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «ئاررزۇلاپ» دەپ ئېلىندى (م).

مەن دېدىم: ۋاقىف بولۇڭلار سۇبھىنىڭ ئاسارىغە،
بىزما ھەم قالغان كۆڭۈل دەردىنى تىزدۇق تارىغە،
نەچچە مۇشكۇل ھەل قىلىپمەن ئانى ئاسان ئەيلەبان.

سالىھى قالغان كۆڭۈللەر دەردىن ئاغاز ئەيلەدى،
دوستۇ يارىغە مۇھەببەت بىرلە ھەمراز ئەيلەدى،
ھەم گۇلىستاندىن جۇدا بولغاچ نەۋا ساز ئەيلەدى،
ياھۇ يامەنھۇ ۋەئەللاھ دەپ ئاۋاز ئەيلەدى،
يار يادىدا ئۆزىنى مەستۇ ھەيران ئەيلەبان.

### موللا سالىھنىڭ چېچەكنى ھەجۋىي قىلغانى

ھەيبى قەدىمغە ھەمد ئېيتىپ ئەيلەدىم ئىبتىدا چېچەك،
پەندىم ئىشتىكى، خاسۇ ئام، كەلدى يېتىپ بەلا چېچەك،
بەچچەلەردىن يۈز ئۆرۈبان قىلدى يۈزىن قارا چېچەك،
خۇشما بىرەھم زالىم دۇنيادا ھەم بىۋەفا چېچەك،
ئانچەكى ئالسە تويمايىن كەلگەن ئىكەن يۇھا چېچەك.

ھەر كۆنى ھەر مەھەللەدە غۇلغۇلە ماجەرا تارتىپ،
قىلدى بەدەنلەرىن تۆشۈك چىقتى سۆڭەكلەرىن يارىپ،
قۇلغىنە قارۇتىدىن يامان كەتمەدى داغلارىن ئارىپ،
قويدىلار يۈزدىن ئول بىرىن، تويمادى ئۆزگىنى ئالىپ،
بەچچەلەرنىكى قىرىتىپ كەلگەن ئىكەن بەلا چېچەك.

ئانى چېچەك دېمەڭ خاس ئاتىنى دەڭلا قۇلغىنە،
بەچچە بالالار ياتتىلار ھەركۆنى قانغە بۇلغىنە،
چىقتى بۇغۇنلارىن يارىپ، بەندى بەغىش ئۈيۈلغىنە،
①..........................................................
قىلدى بالالانى شەھىد پۇرخۇنى كەربەلا چېچەك.

كەلدى يېتىپ بالالاغە ۋەقتى بۇ ئافەتى خەزان،
بەرگلەردىن جۇدا بولۇپ كەتتى بۇ گۇلشەنى جەھان،
قالغۇچى غەمدە بولدىلار رەڭگى بەمىسلى زەئفەران،
جەمئى بولۇپ سىتەم زەدە ئەيلەسە دەرد ئىلە فىغان،
زەررەچە تەئسىر ئەتمەدى كۆڭلىدە بەك قارا چېچەك.

---

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان (م).

قىسمەت تەقدىرىغە چېچەك كەلدى بەھانە قىلدىلار،
شۇم بىشەرم قولغىنە يۈزىنى قارە قىلدىلار،
رەڭگى رويلارىن بۇزۇپ پارە-پارە قىلدىلار،
ئۈچ-تىللار، بەھرى ئەزرائىل ئالدى، شىكارە قىلدىلار،
تاپشۇرۇبانكى جانلارىن سىر ئەتمە مۇنتەھا چېچەك.

ئەستى چېچەك دېگەن كۈنى كەتتى بالالا سۇسلانىپ،
كەتتى قاراقلا تارتىلىپ، چىقتى قاپاقلار پولتايىپ،
كىردىلەر يولغە ئاتلانىپ، ھەرنەچچە باقسەلەر كېتىپ،
ئاتا-ئاناسى يىغلابان ئانچە خۇداغە يالبارىپ،
ھالىغە رەھم قىلمايىن ئەيلەدىلەر ئەدا چېچەك.

ئوتتەك ئولۇبان بەدەنلەرى ياتتىلا كەتتى ھالىدىن،
چىقتىلا ئاجىز ئەتتىلەر قەددىنى ئەگدى «دال»دىن،
ئۆزدى ئۇمىدلارىن ئول كۈن سەرۋ كەبى نىھالىدىن،
زەھەر ئولۇبانكى سىڭمەدى نەچچە ئىچۇرسە بالىدىن،
ئۆتكەلى قويمادى ئەگەر بوغزىدىن ھېچ غىزا چېچەك.

ئۆي بېشىداكى ھەر كۈنى ئاھۇ فىغان قىرىنداشىم،
بەئزىلەرىنىڭكى ئاغزىدا كەتتىلا يارۇ يولداشىم،
بەئزىلەركىمگە مۇڭلىناي كەتتى مېنىڭكى مۇڭداشىم،
ئاتا-ئاناسى نۇر چەشىم، ۋەھ، نەقىلاي قەلەمقاشىم،
قىلدى بىرەھم زالىم-بىر بىرىدىن جۇدا چېچەك.

كىملەگە دەيكى ئەيتۇمەن بۇ چېچەك بەلاسىنى،
تەڭرى ياراتغان ئۆزگەچە ئافۇق ئەژدەھاسىنى،
بەچچەلەنى يۇتۇپ، كۆرۈڭ، بۇ جەھان يۇھاسىنى،
قىسمەتى ئەزەلغە چارە يوق تاپمادىلار دەۋاسىنى،
ساقى ئەزەل شەرابىدىن تۇتتى بولۇپ دەۋا چېچەك.

تۇغ ئەلەم كۆتەرىبان كەلدى چېچەك شەھى جەھان،
بىر ئىلكىدە نەيزەسى بار، بىرىسىدە ھەم تۇتۇپ كەمان.
قىرىتىپ ھەم بالالانى قىلدى شەھىد بىگۇمان،
ئاتا-ئانالار چەكتىلەر ئاھ ئىلە دەردىيۇ فىغان،
بارچە خەلايىق ئاغزىدا نەفرىنۇ بىھەيا چېچەك.

ئىشتىڭىز ئەيلەي بەيان مەن بۇ چېچەكنىڭ ئافەتى،
قان ئاقىبانكى جوي-جوي بولدى بەدەن جەراھەتى،
بولدى بەدەشتى كەربەلا ھەددىن ئاشىپ ھەرارەتى،
باشلادى بەچچەلەرگە ئۇل شور، گىنە ھەم ئەداۋەتى،
ئەگلىدە جامەئى غەزەب باشىدا ھەم جىلا چېچەك.

دەڭلا چېچەك، چېچەك ئەمەس، كەلدى بالالاغە بەلا،
بولدى بالالا قۇلغىنە قارۇت مەرەزگە مۇبتەلا،
قان ئىلە زەردابىن ئاقىپ، ئەتتى شەھەردى كەربەلا،
ئاتا، ئاناسىنىڭ ھەم بولدى يۈرەكلىرى يەرا،
ھەمراھى ئەزائىل بىلەن ئەيلەدى ماجەرا چېچەك.

قۇلغىنە قارۇتدىن يامان ئىرىمىش ئىكەن قىچىشلارى،
سالسە ئۈزۈپ-ئۈزۈپ قان ئاقىشىپ ئىچىشلارى،
بەلكى شەھەردكە ئۇخشە ئۇل قان ئىچىدە يېتىشلارى،
كۆندە يۈزۈ يۈز ئەللىكى يەرگە كىرىپ كېتىشلارى،
كەتتى يۇتۇپ بالالانى ئافەتى بۇ ئەژدەھا چېچەك.

ئىلگىرى ئەلچى يۈرۈتىبان قاراقاش بىلەن شەھەر،
بارچە قاراقاش ئەھلىغە ئۇل كۈنى يەتتىلەر خەبەر،
كەلدى بالالاغە غەزەب، ئەيلەدى زىر ئىلە زەبەر،
دەرد ئىلە ماتەمىن تۇتۇپ يىغلادى مادەرۇ پەدەر،
سەرسەرى ئافەتى سەمۇم شورىشى دۇر بەھا چېچەك.

ئاتلانىبان چېچەك شەھى چىقتى جەھانغە چەۋرۈلۈپ،
بەئزى ئۇيانغە كۆز سالىپ، بەئزى بۇيانغە ئەۋرۈلۈپ،
بەئزىلەنىكى يىغلاتىپ، بەئزىلە ئويناباان كۈلۈپ،
بەئزىلەر يىرتىبان يۈزىن ئالدىلار ساچلارىن يۇلۇپ،
باغرىنى پارە ئەيلەبان، سىينەلەرىن يارا چېچەك.

قالدى قىغانۇ دەرد ئارا نەچچە بالاغە ئارزۇلۇغ،
ئاجىز ئولۇكى ئالدىدا ھەر نېچچە دەستى بازۇلۇغ،
ياكى ئۇيان ۋەيا بۇيان تۇردىلا تەڭ تەرازۇلۇغ،
بەرمەگەلى نەھەد تۇرۇر كەلسە قەزاغە رازۇلۇغ،
قانغالى ئارزۇسىغە نورمەدىلەر رەۋا چېچەك.

بارچە قۇلاق سالىڭ چىچەك ۋەسفىنى ئەيلەدىم بەيان،
مەشرىقى، مەغرىبى جەنۇب بولسۇن شىمالىغە ئەيان،
بادى سەبا بۇ نامەنى ئىشتىگىزلا پىرۇ جەۋان،
كەلدى بالالاغە چىچەك ئافەتى رۇستەمى زەمان،
ئاخىرى ئالدىيۇ يۇتتى سالدى سىتەم جەفا چىچەك.

سالىھى ئاسى خەستە دىل قىلدى چىچەكدىن ئىبتىدا،
لەفز گەۋھەرلەرىن تۆكۈپ ئەيلەدى ئانچە جان فىدا،
نەچچە يىل ئۇمر بەرسە، يا رەھم، يىتىپ بولمىغاي ئەدا،
ئاخىرىغە يىتىپ بۇ ئۇمر ۋەقتى مەھەل بولۇپ ئەدا،
قالدىلار نا تەمام، بولمادىلار ئەدا چىچەك.

## موللا سالىھنىڭ مۇخەممەسى گۆدەكنامەنىڭ بەيانى

ۋادەرىغ، كەتتى بالام ھەم بىسەرۇ سامان قىلىپ،
مەن ئانى ھەقدىن تىلەپ تاپقان ئىدىم ئارمان قىلىپ،
بولسا بۇ [لەب] تەشنە دەپ ۋاھىدغە باب بىر كان① قىلىپ،
نەچچە كۈن كۆڭلۈمنى خۇش ئەتمەك ئۈچۈن فەرمان قىلىپ،
ئالدىيۇ باغرىمنى يەرگە چالدىلار بەريان قىلىپ.

كۆز سالىپ كۆردى بۇ فەرزەندىمنى بۇ قەتتار فەلەك،
بىۋەفالىق بابىدا ئالەمگە بۇ يەكتا فەلەك،
ئەي سىتەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەج رەفتار فەلەك،
ئۈزدى بۇ غۇنچامنى كۆردى بىۋەفا غەددار فەلەك،
ئافەتى خۇنخار يۇرۇپ كۆڭلۈم ئۆيىن يەكسان قىلىپ.

ئاخىرەت سەۋداسى قىلماق يول ماڭا، نەۋبەت ماڭا،
ئۇشبۇ فەرزەندىم توسۇپ يولنى، بىرىپ مۇھلەت ماڭا،
بۇ ماڭا مۇھلەت ئەمەس، جەۋرى سىتەم، مىھنەت ماڭا،
مەن كىتىپ، قالسە نەبرەم ئىردى كۆپ راھەت ماڭا،
كەتتى تاشلاپ كۆز ياشىمنى بەھرىنى ئۇممان قىلىپ.

---

① بۇ سۆزلەر ئەسلى قولىيازمىدا «بىركان باب» شەكلىدە يىزىلغان، مەنە ۋە قاپىيە ئىتىبارى بىلەن بۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، «باب بىركان» دەپ ئىلىندى (م).

قويمايىن نەۋبەت باباسىغە ئۆزى ئەيلەپ سەفەر،
لامەكان سارىغە ئول پەرۋاز ئېتىپ ئەيلەپ بەدەر،
ئاتەشى فۇرقەتدە ئول فەرياد ئېتىپ قالدى پەدەر،
ئاھ فەرزەندىم دەبان يۈرمىش جەھاندا دەر-بەدەر،
جان نىسار ئەيلەپ ماڭا كەتتى ئۆزىنى قۇربان قىلىپ.

ۋادەرىغا، قايدا ئىزدەي، ئاھ، فەرزەندىم قانى،
بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم خۇشى ئارامى دىل بەندىم قانى،
جان چىقار ھالەتكە يەتتى جانغە پەيۋەندىم قانى،
بۇ كۆزۈمنىڭ يارۇغى جانۇ جىگەر بەندىم قانى،
كۆيدۈرۈپ جانىمنى فۇرقەت ئاتەشى سوزان قىلىپ.

ئاھ سىددىق، دەپ ئانىڭ تۇتسام كۆيەدۇر جانۇ دىل،
سىددىقىم دەپ ئاتىغىز تۇتماقغە يۇقتۇر مەندە تىل،
ۋەسفىنى شەرھ ئەيلەمەكدە ئانچە كەلتۈردۈم دەلىل،
شەرھ ئېتەرمەن ۋەسفىنى مەن كېچە-كۈندۈز ئايۇ يىل،
ھەرزەمان بۇلبۇل مەسەللىك ھەجردە نالان قىلىپ.

ھەم ئاتاسىنىڭ بۇ فۇرقەت ئىچرە تۇتغان ماتەمى،
نالەۋۇ فەرياد ئېتىپ ئاغزى باسلماي ھەردەمى①،
دەردۇ غەم ئەندۇھ، فىراق بولمىش ئانىڭكى ھەمدەمى،
كۆز ئاقارىپ سىزغۇدەك بولدى كۆزىنىڭ مەردۇمى،
گەرچە ئەيشى-راھەتىنى مېھنەتى زىندان قىلىپ.

سىددىقىم تەشنىيە كەتتى قالدى ۋاھىد داغىدە،
گۇل كېتىپ، بۇلبۇل مەسەل سايراپ يۈرۈيدۇر باغىدە،
پارەلەر ئەيلەپ ئۆزىنى، يىرتىپ يۈزىنى تىرناغىدە،
بۇ مۇسىبەت ئىچرە قالمىشدۇر بەلىيەت تاغىدە،
ئۆزى ھەيران، باغرى بەريان، كۆزلەرى گىريان قىلىپ.

ئول ئاناسىنىڭ بالا ھەجردە چەككەن فۇرقەتىن،
ھەم تۇتاشقان جانغە فۇرقەت ئوتىنىڭ ھىرقەتىن،

---

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «مەردۇمى» دەپ يېزىلغان، مەنە ۋە قاپىيە ئېتىبارى بىلەن «ھەردەمى» دەپ ئېلىندى (م).

هەم تۆگەنمەس مېهنەتۇ دەردۇ ئەلەمنىڭ شىددەتىن،
ئۇل قەزا جەللادىنىڭ بۇ كۆندە قىلغان كۇلفەتىن،
هەست ئۆزىدىن بىخەبەر هەمتەرلەرىن ئۇريان قىلىپ.

بىر زەمان خالى ئەمەسدۇر كۆزلەرى قان يىغلابان،
قانغە شەۋقى فۇرقەتىدىن هەم قاتىپ جان يىغلابان،
گاهى مەستۇ گاهى بىهۇشكىم پەرىشان يىغلابان،
هەرزەمان يادىغە كەلسە زارۇ هەيران يىغلابان،
قان ياشىن يەرگە تۆكەدۇر دۇر ئىلە مەرجان قىلىپ.

كەتتى فەرزەندى، پەدەر قالدى بۇ دەردى داغ ئارا،
گەۋهەرى يەكتا كىرىپ ياتتى قارا تۇفراغ ئارا،
ئەمدى مەن بۇلبۇل مەسەل سايراپ يۈرۈرمەن باغ ئارا،
مەن بارىپ مەجنۇن كەبى مەنزىل قىلۇرمەن تاغ ئارا،
هەم چاپىپ بۇزدى مەكانىمنى فەلەك ۋەيران قىلىپ.

مەن بالام دەپ فەرۋەرىش قىلسام بولۇپ باشغە بەلا،
باغۇ بوستانىم ماڭا بولدى بەدەشتى كەربەلا،
دەردۇ فۇرقەت چاهى گىردابىغە بولدۇم مۇبتەلا،
بۇ مۇسىبەت تىيغى ئەيلەپدۇر يۈرەك باغرىم يارا،
كەتتى ئۇل سىينەمگە داغ كىرپىكلەرىن پەيكان قىلىپ.

مەن بالام دەپ ياد ئېتەر بولسام كۆزۈم قان يىغلاشۇر،
بەهرۇ چەشمۇ سەڭگى خارا ئاهۇ ئەفغان يىغلاشۇر،
ئەندەلىبۇ، قۇمرى، تۇتى زارۇ نالان يىغلاشۇر،
ئىنسۇ جىنۇ هۇشۇ تۇيۇر، بارچە رەيهان يىغلاشۇر،
يىغلاتىپ كەتتى كۇهەنسال پىرنى سەرگەردان قىلىپ.

ۋادەرىغا، ئاه دەرىغا، ۋادەرىغا، ئاه بالام!
دەهر باغىدا ئاچىلغان بىر گۇلى رەئنا بالام،
ئۇل ۋۇجۇد ئولغان سەدەفدىن گەۋهەرى ۋالا بالام،
هەم كىچىك ياشلىغ، ئۇلۇغ ئەقلى، ئەجەب دانا بالام،
ئاه، قارا تۇفراق ئارا تاپتى ئۆزىن پىنهان قىلىپ.

هەم تەماشا قىلغالى بارمىش بالام كۆل باشغە،
ئۇل زەمان ئۇچرايدۇ ئەزرائىل ئەجەل قەللاشغە،

بۇ ئەجەل باقمش ئىكەندۇك نە قەرى هەم ياشغە،
سالىھى هەردەم ئۇرار باشىن بالام دەپ تاشغە،
تەلبە ئىتدەك بارچە ئەئزاسىنى هەردەم قان قىلىپ.

## غەزەل *

ئەي، ئەلىف قەد، ئاي يۈزلۈك مەھرىبانىم سەنمۇسەن①،
ئۈشبۇ كۆڭلۈمىنىڭ خۇشى ئارامى جانىم سەنمۇسەن؟
«بە» بەلا باشىمغە كەلتۈرگەن فىراقى هەجرىدىن،
پارە قىلغان باغرىمە نازۇك نىھالىم سەنمۇسەن؟
«تە» تۇلان ئايدەك يۈزۈڭگە بەندەمەن، شاھى جەھان،
تاقەتىم يوق تەلمۇرۇپ، ئارزۇم قانارىم سەنمۇسەن؟
«سە»② سىردىبان سىررىغە ئەمرۇ فەرمان تۇتتۇرۇپ،
سەلتەنەت تەختى ئۈزە③ شاھى جەھانىم سەنمۇسەن؟
«جىم» جەمالىڭدىن جەھانغە ئوت ياقىپسەن ئەي سەنەم،
جانمۇسەن، جانانمۇسەن، خۇرشىدى جانىم سەنمۇسەن؟
«هە»④ هەياتىم بارىچە، سەن شاھ، قۇلدۇرمەن ساڭا،
هەرنە بۇ كۆڭلۈمدىكى رازى نىھانىم سەنمۇسەن؟
«خە» خىيالىمدا كۆرەرمەن، كۆزدە كۆرمەكلىك مەھال،
خالى خەتتىڭ بارچە كۆڭلۈمدە خىيالىم سەنمۇسەن؟
«دال» دىلىمنىڭكى خوشى ئارامى جانىم دىلبەرىم،
ئاھۇ زارىم، جان فىگارىم، دەردۇ داغىم سەنمۇسەن؟
«زال»⑤زەبۇن ئەيلەپ مېنى هەجرى فىراقىڭ، ۋايكىم،
زايىل ئەتكەن ئەقلىمە شىرىن زەبانىم سەنمۇسەن؟
«رە» رىزادۇرمەن باشىمغە نەچچە كەلسە جەۋر، زۇلم،

1) ئاپتور بۇ شېئىرىنىڭ هەر بىر بېيىتىنى چاغاتاي يېزىقى ئېلىپبەسىنىڭ هەرپ تەرتىپى بويىچە باشلىغان (م).
② چاغاتاي يېزىقىدىكى «ث» هەرپى (م).
③ بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا «ئۆزرە» يېزىلغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «ئۆزە» ئېلىندى (م).
④ بۇ بېيىت چاغاتاي ئېلىپبەسىدىكى «ح» هەرپى بىلەن باشلانغان (م).
⑤ بۇ بېيىت چاغاتاي ئېلىپبەسىدىكى «ذ» هەرپى بىلەن باشلانغان (م).

سورغۇچى ئەرزى دىلىمنى رازدارىم سەنمۇسەن؟
«زە» زۇلفۇڭ دامىغە تۈشتى بۇ كۆڭلۈم چىرماشىپ،
زۇلفىغە كۆڭلۈمنى قىلغان پايمالىم سەنمۇسەن؟
«سىن» سەئادەتدۇر سىنىڭ يولۇڭدا قىلسام جان پىدا،
سىلكىبان سۆدرەپ ئىتىپ كۆڭلۈم تىنارىم سەنمۇسەن؟
«شىن» شەھىنشاھىكى، شەھلەر بارچەنىڭكى شاھىسەن،
شاھى خۇبان، ماھى تابان شەھرديارىم سەنمۇسەن؟ ②
«سات» سەبر ئەتمەكدىن ئۆزگە ئىشق ئىلىگە چارە يوق،
سەبرسىزمەن بىقەرار، سەبرۇ قەرارىم سەنمۇسەن؟
«زات» دەرگاھىڭدا زايىئ قويماغىل پەرۋەردىگار
زەبت قىل كۆز مەردۇمۇم نۇرى زىيائىم سەنمۇسەن؟
«تە»③ تۇلان ئايدەك جەمالىڭغە بولۇپ ھەيرانۇ زار،
تاب تاقەت قالمادى بىرەھم زالىم سەنمۇسەن؟
④ ..................................
«ئەين»⑤ ئۇقۇبەت بىرلە قىلدىڭ دىنى ئىسلامىم خەراب،
كافىرى چىن ئەھلىمۇ، كۆزى خۇمارىم سەنمۇسەن؟
«غەين» غەۋغا، غۇسسە، غەم كەلسە باشىمغە چارە يوق،
غەم غۇبارىم، جان فەراغىم، دادخاھىم سەنمۇسەن؟
«فە» فىراقىڭ ئىچرە يىغلاپ تاپمادىم ھەرگىز مۇراد،

---

① «ر» ھەرپى بىلەن باشلانغان بۇ بىر بېيىت ئەسلى قولىيازمىدا «خ» ھەرپى بىلەن باشلانغان بېيىتتىن كېيىنلا كۆچۈرۈلگەن، بىز بۇنى كاتىپتىن كەتكەن سەۋەنلىك بولۇشى مۇمكىن. دەپ قاراپ، چاغاتاي ئېلىپبەسىنىڭ ھەرپ تەرتىپى بويىچە، «د»، «ذ» ھەرپى بىلەن باشلانغان بېيىتتىن كېيىن بەردۇق (م).

② ئەسلى قولىيامىدا مۇشۇ بېيىتتىن كېيىن، «ئىتقى» (ط) بىلەن باشلىنىدىغان بېيىت كۆچۈرۈلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن، «دىلبەرىم ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندەئى مۇبتەلا بولاي، ئۆرۈلۈبان باشىدىن جانۇ تەنىم فىدا بولاي» دەپ باشلىنىدىغان بىر غەزەلنىڭ 8 مىسراسى بۇ شېئىرنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ كۆچۈرۈلۈپ قالغان. بىز يۇقۇرىدىكى «ئىتقى» (ط) بىلەن باشلىنىدىغان بېيىتنى چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە، «سات» (ص) ۋە «زات» (ض) ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان بېيىتلاردىن كېيىن بەردۇق. ئارىلىققا قىستۇرۇلۇپ قالغان 8 مىسرالىق غەزەلنى چىقىرىۋەتتۇق (م).

③ بۇ بېيىت «ئىتقى» (ط) ھەرپى بىلەن باشلانغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «تە» ئېلىندى. (م)

④ «ئىزغى» (ظ) بىلەن باشلانغان بېيىت يوق، كۆچۈرۈلمەي قالغان بولسا كېرەك (م).

⑤ بۇ بېيىت «ئەين» (ع) ھەرپى بىلەن باشلانغان (م).

مەقسەدىم هەم مۇتلىبىمىم، كۆڭلۈمدە فالىم سەنمۇسەن؟
«قاف» قاراقىم سىزغۇرۇپ، يىغلاپ يولۇڭدا زار - زار،
بۇ مىنىڭ كۆڭلۈمۇ فىكرىم، قىيلۇقالىم سەنمۇسەن①؟
«كاف» گۈلزارىڭنى سەير ئەتمەكنى ئەيلەپ ئىختىيار،
سەيرىدگە هەم باغۇ گۈلشەن، گۈلئۇزارىم سەنمۇسەن؟
«مىم» مەلائىكلەر مىنىڭ هالىمغە هەيران هەركىچە،
مىهرىبانىم، نۇكتەدانىم، غەمگۇزارىم سەنمۇسەن؟
«نۇن» نىيازىمدۇر مىنىڭ جانىمدىن ئۆزگە يوق نىياز،
شەمئىسەن، پەرۋانەدۇرمەن، جان نىسارىم سەنمۇسەن.
«ۋاۋ» ۋاهىكىم، قۇتۇلماس هەجر ئوتىدىن ئۆلمەيىن،
ۋايكىم ئارامى جان يا جان گۇزارىم سەنمۇسەن.
«هې» هىدايەت، لۇتفۇ تەۋفىقىن هەم ئۇممىدۋار،
هۇدهۇدىغە سەير ئېتەر باغۇ بەهارىم سەنمۇسەن؟
«لام ئەلىف»② لالە كەبى سىينەمدە يۈزمىڭ داغلار.
غەمگۇزارىم، گۈلئۇزارىم، لالەزارىم سەنمۇسەن؟
«يا» يا[ر] دەپ سالىھى كۆرسەڭ نەدۇر هەم يارىدىن،
يارنى رەسۋا ئەيلەگەن يالغانچى يارىم سەنمۇسەن؟

غەزەل *

بەندە مەنۇ سىزگە قۇلمەن، شاهۇ سۇلتان سەنمۇسەن،
يا پەرىسەن، هۇرمۇسەن يا ماهى تابان سەنمۇسەن،
قەددى ئەرئەرن، مويىدىن ئەنبەرمۇ، شەككەرمۇ سۆزى،
كۆزلەرى شەهلامۇدۇر، لەئلى بەدەخشان سەنمۇسەن.
ئارەزى رەخشان، ساچى سۇنبۇل، كۆزى بادامى تەر،
هەر سۆزى قەندىن لەزىزراق، شەككەر ئەفشان① سەنمۇسەن.
مەن ئۆلەر هالەتكە يەتتىم رەهىم قىل، ئەي ماهۋەش،
باغرى قاتتىغ سەڭگى دىل، ئەي نامۇسۇلمان، سەنمۇسەن.

① ئەسلى قولىيازمىدا «فە» (ف) «قاف» (ق) هەرپلىرى بىلەن باشلانغان مىسرالارنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئالمىشىپ كەتكەن، چاغاتاي ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەندى (م).

② بۇ بېيىت چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسىدىكى «لام ئەلىپ» (لا) هەرپى بىلەن باشلانغان (م).

③ بۇ سۆز ئەسلى قولىيازمىدا «شەككەرى ئەفشان» دەپ يېزىلغان. ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «شەككەر ئەفشان» دەپ ئېلىندى (م).

سەجدە قىلسام ئەگمە ـ ئەگمە قاشلارىن مىھراب ئېتىپ،
سەن ماڭا ھەم دىنۇ مەزھەب، نۇرى ئىمان سەنمۇسەن.
ھېچ ئىنسان ئىچرە كۆرمەدىم سىنىڭدەك ھەم يەنە،
يا بەشەرسەن يا پەرىسەن، ھۇرى رىزۋان سەنمۇسەن.
تەلئەتىڭ چۇن ۋەززۇھادۇر ساچلارىڭ مانەندى شەب①،
ھەم شەرافەت② ئەۋجىدە خۇرشىد رەخشان سەنمۇسەن.
بىر كۆرۈپ ۋەسلىڭنى جانىم بەرمەكىم ئاسان ئىدى،
جانمۇسەن، جانىمغە ئارام بەلكى جانان سەنمۇسەن.
يارۇ يار دەپ بىھۇدە، ئەي سالىھى، جان چەكمەگىل،
يوقسە مەقسۇدۇڭ ئۇچۇنكىم زارۇ ھەيران سەنمۇسەن.

مولا سالىھنىڭ روزگارىنىڭ بەيانى

دەرىغا، ئەي مۇسۇلمانلار، نېتەي سەرۋى جەھان كەتتى،
مەلاھەت گۇلشەنىدىن تۇتىئى شىرىن زەبان كەتتى،
نەزاكەت باغىدىن نەۋرەس نىھالى بوستان كەتتى،
ئۇنىسىم، مۇنىسىم، ئارامى جانىم قەدرىدان كەتتى،
قالىپ مەن داغۇ فۇرقەتدە، ئوزى دارۇلئەمان كەتتى.

ئىشىتىڭ دوستلار، بۇ كۇن جۇدا بولدۇم نىگارىمدىن،
رەفىقىم، ھەمدەمىم، ئول مېھرىبانىم، گۇلئۇزارىمدىن،
بۇزۇپمەن خانىمانىمنى، كېچىپدۇرمەن دىيارىمدىن،
يوزى ئايۇ كۆزى شەھلا، قەلەمقاش روزگارىمدىن،
مەلاھەت مىسرىسىدىن ئول زىلەيخائى زەمان كەتتى،

مۇسەخخەر بولسە ئىلماسمەن كۆززۇمگە شاھى دارانى،
مۇسەخخەر بولسە ئىلماسمەن قولۇمغە دۇررى يەكتانى،
نەزەرگە ئەسلى كەلتۇرمەسمەنۇ فىردەۋسى ئەئلانى،
كى بىر خالىغە ئالماسمەن سەمەرقەندۇ بۇخارانى،
قاراڭغۇ بولدى ئالەم، ئاھ خۇرشىدى جەھان كەتتى.

---

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز ئېنىق ئەمەس. مەنە ھەم ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «شەب» دەپ قىياس قىلىندى (م).

② ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «شەرافەتلىك» دەپ يېزىلغان. ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «شەرافەت» دەپ ئېلىندى (م).

جۇنۇنۇم هەددىن ئاشتىكىم، بولۇپ ئەقلىم مېنىڭ خىرە،
ئانىڭ هەجرىدە قان يىغلاپ، بولۇپدۇر كۆزلەرىم تىيرە،
ماڭا هەم روزگار ئېردى، ۋەلېكىن بەلكى هەمشىرە،
ئانىڭ هەر بىر سۆزى كەلدى قۇلاقىمغە بولۇپ زىرە،
بۇ كۆڭلۇم دەربەدەر ئىزدەر ئاپائالماي قايان كەتتى.

دەر ئېردى: «مەن سەفەر قىلسام قالۇرسەن مېهرىبانىمسەن،
بۇ ئالەم بىۋەفادۇر ئاڭلاغايسەن روزگارىمسەن،
كى بىر ۋەقتى بولۇر، تەدرىم ئۆتەلگەي غەمگۇزارىمسەن،
باشىڭغە ئىش كېلۇر، ياد ئەيلەگىل ئارامى جانىمسەن،»
بۇ سۆزلەر كەلدى بىر-بىر، ئاه، دېسەم تۇرلۇك فىغان كەتتى.

كۆرۈڭ، ئەي دوستلار، تىنماي زەمانە ئەمدى قان يىغلاپ،
كۆزۈمنىڭ مەردۇمىغە بەرمەيىن بىردەم ئەمىن يىغلاپ،
تۈگەنسە ياشىمەن ياش ئورنىغە يۈز قاتلە جان يىغلاپ،
مەزارىدا يېتىپ هەركۈن مۇهەببى خانىدان① يىغلاپ،
ئۇچۇپ پەرۋاز ئېتىپ ئول ئەرشىغە رۇهى رەۋان كەتتى.

②..................................................
كى خۇشخۇيلۇقدا يەكتا ئېردى زەررىن تاجدىن ئارتۇق،
ئانىڭ هۇسنى ماڭا ئېردى جەهان ئىخراجدىن ئارتۇق،
ئانى فەخر بىلۇر ئېردىم باشىمغە تاجدىن ئارتۇق،
پەرىدەك هەم ئۇچۇپ غايىب بولۇپ كۆزدىن نىهان كەتتى.

فەقىرى ياد ئەيلەپ، زار يىغلاپ ئۆزنىڭ هالىغە،
ئانىڭكى سەرۋ يا شەمشاددەك نازۇك نىهالىغە،
كۆڭۈلنى ئالدۇرۇپ ئېردىم ئانىڭكى ئىككى خالىغە،
رىزالىق ئەيلەرەم هەردەم ئانىڭ ياخشى فەئالىغە،
مېنىڭ خۇشنۇدلۇقۇمدىن ئول بىهىشتى جاۋىدان كەتتى.

تەخى ئۈچ يىل بولۇپ ئېردى فەقىرغە كەد خۇدا بولغان،

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «خانىدانلا» دەپ يېزىلغان، قاپىيە هەم ۋەزىن **ئېتىبارى** بىلەن «خانىدان» دەپ ئېلىندى (م).

② ئەسلى قولىيازمىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان (م).

جەھاندا بارمىدۇر مەندەككى ياردىن جۇدا بولغان،
بۇ فۇرقەتنىڭ ئوتىغە مەن كەبى ھېچ مۇبتەلا بولغان،
ۋۇجۇدى خىرمەننى كۆيدۈرۈپ، ئۆرتەپ ئەدا بولغان،
كى تاشلاپ جۇفتىنى، يارى، ئىنسى، دىلىستان كەتتى.

ئاناسىنىڭ بالا ھەجرىدە چەككەن فۇرقەتىن ئەيتاي،
تۇتاشقان جانىغە فۇرقەت ئوتىنىڭ ھىرقەتىن ئەيتاي،
تۈگەنمەس مېھنەتۇ دەردۇ ئەلەمنىڭ شىددەتىن ئەيتاي،
قەزا جەللادىنىڭ بۇ كۆندە قىلغان كۇلفەتىن ئەيتاي،
ئانىڭكى ئاغزىدىن يۈز نالە، مىڭ ئاھۇ فىغان كەتتى.

ئۆيۈمگە كەلگەن ئېردى نەچچە كۈن بىر خۇشلىقا مېھمان،
ئانىڭكى قەدرىنى بىلمەي بولۇپمەن نېئمەتى كۇفران،
باشىدىن ئەۋرۈلۈپ قىلسام ئىككەنمەن جانىمە قۇربان،
كېلىپدۇر رەببىلئىززەتدىنكى «كۇللۇمەن ئەلەيھافان»، ①
ئىشىتتى بۇ نىدانى باقىغە ئول شادمان كەتتى.

كى تەقدىر ئۆزگە بولمايدۇر پېتىلگەن سەرنەۋىشت ئىچرە،
قەرىغان چاغدا ئەل ئاغزىدا قالدىم ئىچرە زىشت ئىچرە،
كۆزىن ئاچتى، دېدى: كۆردۈم ئۆزۈمنى مەن بىھىشت ئىچرە،
دىماغىم پۇر مۇئەتتەر بولدىيۇ ئەنبەر سىرشت ئىچرە،
ۋىدائ ئەيلەپ كۆزىن يۇمدى، ئۇچۇپ قۇشتەك رەۋان كەتتى.

جانىن تاپشۇرىبان جانانغە ئانداغ مەردۇ مەردانە،
كۆزىنى ئاچتىيۇ بىر كۆلدى، كۆرگەن ئوخشە جانانە،
قاچان يانسۇن ئەگەر شەمئ ئوتىنى كۆرگەندە پەرۋانە، ②
نىھان ئولدى سەدەفدە گەۋھەرى بىر دۇررى يەكدانە،
بۇ دەھر بىبەقا دەپ، خۇشلاماي ئول لامەكان كەتتى.

مېنىڭكى روزگارىمغە ئەجەل چاڭگالىنى ئاچتى،
كى غۇنچە ئاچىلۇر ۋەقتىدە ئەزرائىل ئۈزۈپ قاچتى،

① «زېمىن ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ.» — «قۇرئان كەرىم» 27- پارە، سۈرە «رەھمان» 25 - ئايەتنىڭ تەرجىمىسى (م).

② ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «جانانە» دەپ يېزىلىپ قالغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «پەرۋانە» دەپ ئېلىندى (م).

بۇ سالىھ زارۇ زار يىغلاپ، باشىغە گەردلەر ساچتى،
ئاندىكى ئاھۇ فەريادۇ فىغانى ھەددىدىن ئاشتى،
ئاندىدەك كەلدىيۇ كەلمەس، ۋۇجۇدى ناگەھان كەتتى.

فەلەك ئول كۈن قارا كەيمىش گىرىبانىنى چاك ئەيلەپ،
تۇتۇپ ماتەم، تۆكۈپ كۆز ياشى بىرلە يەرنى پاك ئەيلەپ،
مۇسىبەت نەقدىدىن كۆڭلىنى ھەر كۈن دەردناك ئەيلەپ،
بۇ فۇرقەت بەھرىدە سالىھنى قويدىلار ھەلاك ئەيلەپ،
چىقالماي چەۋرۇلۇپ يىغلاپ باش ھەسرەتدە ئەمان كەتتى.

## غەزەل*

دىلبەرىم ئاي يۈزۈڭگە مەن بەندەئى مۇبتەلا بولاي،
ئەۋرۇلۇبانكى باشىدىن جانۇ تەنىم فىدا بولاي.
دىلبەرىما، فىراقىدا سىزدى كۆزۈم قاراغىدا،
كۆل بولۇپ ئىشتىياقىدا بىر يولى مەن ئەدا بولاي.
كەچمەيمەن ئول جانانەدىن، جانۇ جەھاندىن كېچەي،
دىلبەرى مېھرىبانىدىن قايداغ ئېتىپ جۇدا بولاي.
ھەجرىدە مەن ئوقۇپ غەزەل راك ئىلە مۇختەلىف نەئىن،
بەلكى نەۋادا قىچقىرىپ خەلق ئارا بىنەۋا بولاي.
رەھمىسى كەلسە شادمەن، قەھرىغە ھەم ئىلاج يوق،
ھەرنېچە قىلسە زۇلمۇ جەۋر ھەممەسىگە رىزا بولاي.
خەستەئى تەشنەدۇ[ر]مەن مەي تۇت ماڭا ساقى سۇزۇپ،
بولمەسە كاسەنى① بىرىك [مەي] تۇتغۇچى ساقىيا بولاي.
يار بىلە مەي ئىچكەلى تاپساق ئەگەر سىنۇق سەفال،
جامىيۇ جەمشىدى زەمان شەۋكەتى پادشاھ بولاي.
يار ئىشكىدە ياتغالى يەتسە بۇ بەندەگە بەھەم،
كۆز تۇتۇبانكى خىزمەتىن قىلغالى ئىنتىزار بولاي.
سالىھى يار كويىدە، گەۋھەرنى جۇستىجويىدە،
تەرك ئېتىبانكى دۇنيانى دەر-بەدەر گەدا بولاي.

① ئەسلى قولىيازمىدا «كەلسەنى» دەپ يېزىلىپ قالغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «كاسەنى» دەپ ئېلىندى (م).

مۇخەممەس*

تويمايمن ئۆمر ئوتكۇرۇرمەن بىۋەفا دۇنيا ئۇچۇن،
بەندەئى غافىل فەرىفتە ئۇشبۇ بەدكىردار ئۇچۇن،
كىمكى شەب بىدار، ئاگا مىھنەت سەئادەت يار ئۇچۇن،
بولدى ئىمان تازە جانىم زۇلفىدىن زۇننار ئۇچۇن،
ئىككى ئالەمدە بىرۇرمەن دەۋلەتى دىيدار ئۇچۇن.

كىملەگە قىلمىش① ۋەفا بەدمەھر بۇ گەنج دەھرەئى،
بۇ جەفاكەشنىڭ دىلىدىن ئەسلى كەتمىش مىھرەئى،
شاھى خۇبانى قاراقاشدىن ئالالماي بەھرەئى،
②................................................
ئەل ئىچىدە خار بولدۇم بارھا شول يار ئۇچۇن،
ئەيىۇھەنناس ئىشتىگىزلار بارچە بۇ ئەيىامدىن،
ھەم يېمەك ـ ئىچمەكدە فىكرى سۇبھى بىرلە شامدىن،
قىلماقى رويى' رىيا كۆڭلىدە خاسۇ ئامدىن،
نى تەراۋۇدۇر رەۋاجى رەۋنەقى ئىسلامدىن،
مۇلكى تۇركىستان زەمىنى سەربەسەر كۇففار ئۇچۇن.

ياد ئېتىپ يىغلاپ گۇناھىمنى سەھەر ئاھ ئۇرمىسام،
جۇرمۇ ئىسيان خىرمەنىن ئاتەت بىلە ساۋۇرمىسام،
مەن بۇ دەردىمنىڭ دەۋاسىنى تەبىبدىن سورمىسام،
نەچچە كۈن بۇ كۈھنە دىۋارى شەھەردە تۇرمىسام،
نىگە ھەقنىڭ تەقدىرى قويمايدۇر رىزقىم بار ئۇچۇن.

ھەر كىشى ھەق يادى بىرلە گىريە ئەيلەپ چەكسە جان،
ياد ئېتىپ دائىم سەھەرلەر ئەيلەسە ئاھۇ فىغان،
تەۋق ئېتىپ يۈرمەش ئىماملارنى بۇ كۆڭلۈم ھەر زەمان،
بارماقىمدۇر مەقسەدىم سۇلتان سۇتۇقى بۇغراخان،
تۇرماقىم بائىسى ئول [كىم] جەئفەرى تەييار ئۇچۇن.

① ئەسلى قولىيازمىدا بۇ سۆز «قالمىش» دەپ يېزىلىپ قالغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «قىلمىش» دەپ ئېلىندى (م).

② ئەسلى قولىيازمىدا بىر مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان. (م)

سايەدىن كۆڭلۆم سۆيۈندى سەرۋ قەد بولغايمۇ دەپ،
يۈز سەنەم دەپ ياد ئېتەردە بىر سەنەم بولغايمۇ دەپ،
تەڭرىگە بەندەڭ دېمەككە مەندە ھەد بولغايمۇ دەپ،
ھەزرەتى مەخدۇم ئەئزەمدىن دۇرۇد بولغايمۇ دەپ،
مىسرەئى جەردەستە باغلاپ خاجەئى ئەئرار ئۆچۈن.

ساقى، بول مەي تۇتغىلۇ ئەي گۇلرۇخان رۇمۇ ئىراق،
بەزم ئەيلەپ تۈزگىلۇ يۈزمىڭ ئەجايىپ تۇمتەراق،
مەجلىس ئەسبابىدا ھېچكىم قالماسۇن تەرزى سىياق،
سالىھى، بۇ خەستە ئۆچۈن گەردىشكە كەلتۈرگىل ئاياق،
ئەرغەنۇن چالغىل مۇغەننى بۇ زىلەيلىزار ئۆچۈن.

## غەزەل*

دىلرەبا، ۋەسلىڭنى ئىزدەپ بىنەۋا بولدۇم نېتەي،
بۇ كۆڭۈل ئاخىر فىراقىڭدا گەدا بولدۇم نېتەي.
ئاھكىم، ھىجران ئوتى ئاخىر مېنى قىلدى كەباب،
ھەجرۇ فۇرقەتدە كۆيۈپ ئەمدى ئەدا بولدۇم نېتەي.
گۇلدىن ئايرىلغان كەبى بۇلبۇل مەسەللىك ئۈن چېكىپ،
ۋادەرىغ، مەن يار ۋەسلىدىن جۇدا بولدۇم نېتەي.
مەن فەقىر دىلخەستەگە رەھم [ئەيلە] ئەي شاھى جەھان،
كۆرگەلى ۋەسلىڭغە زارۇ بىقەرار بولدۇم نېتەي.
ھەر كۈنى مەندىن ۋەفا، ئاندىن جەفا ئۆزرە جەفا،
مەن فەقىر ئول بىۋەفاغە مۇبتەلا بولدۇم نېتەي.
ئول پەرى رۇخسارىغە بولسۇن ئەگەر يۈزجان فىدا،
جانىمە بىردۇر ئەگەر، يۈزجان فىدا بولدۇم نېتەي.
سالىھى گۇلچېھرەنىڭ كويىدا بولمىش بىنەۋا،
دەردۇ ھىجرانىغە گىرىفتارى بەلا بولدۇم نېتەي.

### مولا سالىھنىڭ ئەيتقان غەزەللىرىنىڭ① بەيانىنى ئەيتۇرلار

بۇ كۆڭۈل ئاشۇفتە يا[ر]نىڭ كۆزلەرى شەھلاسىغە،

① ئەسلى قولیازمىدا «مۇخەممەسلىرىنىڭ» دەپ يېزىلغان. بۇ شېئىر ئەمەلىيەتتە غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بولغاچقا «غەزەللىرىنىڭ» دەپ ئېلىندى (م).

نە ھەدىم بار كىرگەلى① ئىزدەپ ئانىڭ مەئۋاسىغە.
ئاھۇ ۋاۋەيلا، بۇ فۇرقەتدە بەسى بولدۇم خەراب،
ئالدۇرۇپدۇرمەن كۆڭۈلنى ئول قەدى زىباسىغە.
قىلمە بىھۇدە نەسىھەتنى ماڭا، ئەي زاھىدا،
بۇ كۆڭۈل ھەيرانۇ زار ئولمىش گۈلى رەئناسىغە.
خەستە ئۇششاق ئەھلىنى تاراج ئېتەرگە ئول زەمان،
بۇ كۆڭۈل مۇلكى جەۋاب بەرسۇن قاچان نەئماسىغە.
ھەجرى غەم ئەندۇھ فىراق ئەيلەپ زەئىفى ناتەۋان،
نەچچە زار ئولسامكى كەلتۇرمەس داغى پەرۋاسىغە.
«ئاشىقى سادىقمە» دەپ لاف ئۇرماغىل، ئەي بۇلھەۋەس،
نە ھەدىڭ باردۇر، نە ئىخلاس ئىشقىلىغ دەئۋاسىغە.
ئىشقىلىغ دەئۋاسى قىلسە ھەركىشى بۇدۇر جەزا،
قەتل ئېتىپ ئەيلەڭ تەماشانى ئۇلۇس غەۋغاسىغە.
ۋائىزا، مەنئ ئەتمەگىل ئىلتىپ پەرى ئەيلەپ جۇنۇن،
يوق بۇ دەۋر ئوتىغە تەسكىن يا كۆڭۈل سەۋداسىغە.
بىھۇدە غەۋۋاس ناكام ئۇرماغىل لافۇ كەزاب،
كىرسە غەرق ئولماي قالۇرمۇ ئىشقىنىڭ دەرياسىغە.
ئەندەلىبغە خاردىن مەجنۇنغە ئەتفال تاشدىن ،
رازىدۇر يۈز جەۋرى يەتسە خار ئىلە خاراسىغە.
يۈز ۋەفا مەندىن، ئانىڭدىن مىڭ جەفا جەۋرى سىتەم،
مىڭ نىيازىم بار ئانىڭ بىر ناز ئىستىغناسىغە.
بادە ئىچ، ئەي سالىھى، ئالەم غەمىدىن بول خەلاس،
يا ئۆزۈڭنى تاشلاغىل ئەمدى جۇنۇن دەرياسىغە.

## غەزەل*

نېتەي بۇ ئىككى رەنج بىرلە گىرىفتارى جەھاندۇرمەن،
غەمى ئەندۇھۇ كۆپدۇر، دەرد بىرلە ھەمزەباندۇرمەن.
شەھىدى كەربەلا يەڭلىغ تۆكۈپ خۇن، بۇزغالى چېھرەم،
گەھى ئەخزەر گەھى ئەسفەر، بەمىسلى زەئفەراندۇرمەن.

---

① ئەسلى قولىيازمىدا «كۆرگەلى» دەپ يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «كىرگەلى» دەپ ئېلىندى (م).

② ئەسلى قولىيازمىدا مۇشۇ مىسرادىن كېيىنكى بېيىتلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قالغان. رەتلەپ ئېلىندى (م).

بۇ سەر بىرلە ئىت ئۇرۇشنى ئۆلتۇرمەي قاچان قويسۇن،
ئانىڭ ئۆلتۇرمەكىدىن مەن تۇتۇپ كۆز بىگۇماندۇرمەن.
بۇ ئىككى كىسەلۇ ئالدى① ئاراغە مەن نىچۇك ئەيلەي،
چىداپ زۇلمىغە گويا رۇستەمى ساھىبقىراندۇرمەن.
خۇدانىڭ سۇنئى تەقدىرى ئىرادە ئانداغ ئىرمەستۇر،
بىر ئاي بولسام كىسەل، بىر ئاي داغى ئەمنى ئەماندۇرمەن.
خۇداۋەندا، بۇ سالغان رەنجىگىزگە يۈز تۈمەن شۈكرى،
زىيادە مۇندىن ئولسە، مەن ئۇرۇپ ئاھۇ فىغاندۇرمەن.
ئاتام يوقتۇر، ئانام يوقتۇركى يارۇ مىھرىبانىم يوق،
ۋەفادار دوست يارمەنۇ زەئىفۇ ناتەۋاندۇرمەن.
ياتىبدۇرمەن دىيارىمدا سىياۋۇش بىرلە كەيخۇسرەۋ،
سىكەندەر [بىرلە] جەمشىدۇ فەرىدۇنى زەماندۇرمەن.
گۇنەھكار ئاسى جافىمەن، بىشەرم بىھەيا قۇلمەن،
تىلىم يوق قۇل، دىمەككى يوق نىشانىم، بىنىشاندۇرمەن.
نەمازۇ رۇزە مەندىن تەرك، زەكاتۇ ھەجكى يوقتۇر زەر،
ئۆتۈپ فىسقۇ فۇجۇر بىرلە بۇ ئۇمر رايىگاندۇرمەن.
يامانۇ ياخشىلىق كەلسە ئۆزىنىڭ سۇنئى تەقدىرى،
بولۇپمەن ھەممەگە خۇرسەند، ئەجايىب شادماندۇرمەن.
كى سۆزلەپ بىمەئانى سۆزنى، سالىھ، مەنما شائىر، دەپ،
كۆزۈم تىيرە، دىلىم خىرە، ئەجەب كوتاھ زەباندۇرمەن.

---

① ئەسلى قولىيازمىدا «كەسەلۇر ئالدىغە» دەپ يىزىلغان (م).




## قۇلئەلىم

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ ھاجى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە بۇ ساھەدىكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جاي - جايلاردىن نۇرغۇنلىغان يېڭىدىن يېڭى قوليازمىلار تېپىلىپ، مەتبۇئاتلاردا ئارقىمۇئارقا ئېلان قىلىنماقتا. بۇ ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق ئىش. يېقىندا تېپىلغان شائىر قۇلئەلىمنىڭ «تۆت نامە»سى بۇنىڭ دەلىل - ئىسپاتىدۇر.

شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى توغرىسىدا ھازىرچە قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت داستاندىكى:

«ئون ياشىمدىن ئۇشبۇ چاغقە خەت پۈتۈپ،
ياخشىلارنىڭ نەزەرىدىن ھەم ئۆتۈپ.»
«سەن ئۆزۈڭنى ئاسراغىل ئەي قۇلئەلىم.»
«سەن ئۆزۈڭنى ساقلا ئەي ئامى زەئىف.»

دېگەن مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئىسمىنىڭ قۇلئەلىم، تەخەللۇسىنىڭ ئامى زەئىف ئىكەنلىكىنى شۇنداقلا ھاياتىنى پۈتۈكچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ ئالالايمىز.

كونا جەمئىيەتتە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۇغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى پەقەتلا ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇلار سۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلاتتى. ئورتاقچىلار، ئاز - تولا يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كەمبەغەل دېھقانلار يەرلىرىنى سۇغىرالماي قاقغىر قاقشايتتى. ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت سۇ مەسىلىسى ئۈستىدە يۈرت ئارىسىدا جېدەل - ماجىرا تۇغدۇراتتى. يېغىلىقتا توقاچ ئوغرىلايتتى، بۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى قىلىۋالغانىدى.

شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئەينى چاغدىكى قارغىلىقنىڭ بەزى يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن سۇ ماجىراسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئارقىلىق زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەت ئۈس-

تىدىن شىكايەت قىلغان. قاتىمۇقات ئېغىر ئالۋان - ياساقنىڭ دەستىدىن پەرياد چېكىدۋاتقان خەلقنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى چۈشىنىپ چوڭقۇر ھەسرەت چەككەن. ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ قولچوماقلىرى بولغان مىڭبېگى، يۈز بېشى ۋە ئونبېشى قاتارلىق فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ سالغان زۇلمى، ئالدامچىلىقى ۋە ساختىپەزلىكىنى پاش قىلغان، بايلارنى ئىنساپقا دەۋەت قىلىپ، يېتىم - يېسىر، نامراتلارنىڭ ھالىغا ئېچىنغان.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلقلەرگە سىلىنغان سىلىقلارنىڭ خىلمۇ خىللىقى ۋە دېھقانلارنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى ئارقىمۇئارقا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلىرىنى مۆلچەرلەپ، داستاننىڭ XIX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا يېزىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ داستان بىزنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئوبدان ماتېرىيال بولالايدۇ.

شائىر قۇلئەلىمنىڭ بۇ داستاندىن باشقا يەنە قولىيازما پېتى ساقلانغان «دىۋان تەجرىد» ناملىق بىر غەزەللەر توپلىمى بار. بۇ دىۋانمۇ ھازىر نەشرگە سۇنۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا.

تۆۋەندە بىز شائىرنىڭ «تۆت نامە» ناملىق داستانىنى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى خىزمىتىگە ئاز - تولا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە، كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا ھاۋالە قىلدۇق.

مېنىڭ تىلىم بولسە دېسەم ھەقىغە سەنا،
كېچە - كۈندۈز شۈكرىدىن ئەيتسام مەن يەنا.
يوللارىمنى ياخشى يولدىن ئاچقانى،
رىزقۇ روزامنى تەرەپكە ساچقانى.
بەلكى يەتمىشغە بۇدەم يەتمىش ياشىم،
تاتمادى جەبرۇ جەفا مۈڭلۇغ باشىم.
كىشىغە بىئۇزرە مۇھتاج ئەتمەدى،
بارچە مۇھتاجلار قاشىمدىن كەتمەدى.
سالمادى باشىمغە دۇنيا خارلىقىن،
يۈگۈرۈپ ئوقەت تاپارنىڭ زارلىقىن.
سەرنەۋىشت قەلەمدە بۇ دۆۋەت-قەلەم،
قىسمەت ئولمىش ماڭا تارتماسغە ئەلەم.
ئون ياشىمدىن ئۇشبۇ چاغقە خەت پۈتۈپ،
ياخشىلارنىڭ نەزەرىدىن ھەم ئۆتۈپ.
ئاز - تولا ئىلىم بېرىپ، قىلمادى خار،
قىلدى كۈندىن - كۈن خېتىمنى ئېئتىبار.

بەئدە، بىر سۆز دوستلارىم سالسە قۇلاق،
ئەيتماقىم زەرۇر بولۇپ ئاچتىم بۇلاق.
ئۇشبۇ يۇرتدا بار ئىدى يۇرتنىڭ باشى،
كېرىم ھاجىم بىرلە تالىپ مىڭ باشى.
يۇرتنى باشلاپ قىلغۇلۇق ئىشنى قىلىپ،
چوڭ - كىچىك بارچەنى دەستىگە ئېلىپ.
يۇسۇف ھاجىم، سايىم ھاجىم يۇرت باشى،
شانەسىرباي، مۇھەممەد ئاخۇند يۈز باشى.
قادىر ھاجىم، ھۇسەين ھاجىم يۇرت باشى،
ئالماس ھاجىم، مىر ئەئزەم يۈز باشى.
ئۇشبۇلار ئىش قىلسە توسماس ھېچ كىشى،
ئامۇخاسغە مەقبۇل ئېردى ھەر ئىشى.
سايىد ھاجىم، بارات ھاجىم بەياتىم،
مېھمانباي باشلىغىن جەمائەتىم.
سالىك ھاجىم، قۇربان ھاجىم، توختى باي،
ئەھلى لايىقا ئۇلۇغ - ئۇششاق باي-گەداي.

ئابلا ھەسەن موللام بىلەن سابىت خاجە،
مۇھەممەد ھەسەن باي باشلىغىن ئابىت خاجە.
يوقارىدا بار ئىدى قاسىم خاجە،
مالنى ھەيدەپ ئۆزى سەيد ھاشىم خاجە.
مۇھەممەد ھاجىم بىرلە سالىك خەلفەتىم،
ئوسمان ئاخۇند باشلىغىن جەمائەتىم.
شىرىق ئاخۇند، سۇپۇرگە ئاچۇند باشلىغىن،
چىن چاقار نۇر خەلقى قەرى ياشلىغىن.
نەغمە بىرلەن يۈز تاپىپ سايىد سەتەر،
قاسىم دورغە بىرلە ئىردى دەر-بەدەر.
ئىشتىپ نەغمەنى تالىپ مىلك باشى،
تەربىيەت قىلغاچ كۆرۈك سۇ ئىچىشى.
ئوكچى باشلاپ سۇنى تالىپ مىلك باشى،
چالا قالماس ئىردى يۇرتتا ھېچكىشى.
بىردە فۇقرا ناگەھان قالسە چالا،
دېمەس ئىردى بىركىشى قالسە قالا.
بىرۆر ئىردى ئاگا ئۆزى سۇ تاپىپ،
سالىغ ئەتمەسدىن بۇ ناموسنى ياپىپ.
قىنى قايداغ بولدى قايداغ ئەمدى بۇ،
باغرى بىرلەن يەرگە چالدى قالدى سۇ.
ئىبرەت ئالمايمىز بىلىپ كۆرۈپ شۇنى،
كۆزىمىز كۆرمەيدۇ كۆرگەندە سۇنى.
بىللە ئىردى سەككىز-ئون كەتمەنچىسى،
ئاچچىغى كەلگەندە تەييار قامچىسى.
سۇنى ئۆزى باشلاتىپ ئىتىز - ئىتىز،
گەپ ئۇرالماس ئىردى ھېچكىم بىر ئىغىز.
توغقا نەۋبەت سۇ كېلۇردە ھەر قاچان،
قويار ئىردى پۇشۇرۇپ قاتلىما نان.
توغ باشىغە بىر چىلىم تەماكۇنى،
بىر ئاياق قېتىق بىلەن يەخ ئاب سۇنى.
مىلك باشىنىڭ ئالدىدا قويار ئىدى،
لەشكەرى بۇ ناننى يەپ تويار ئىدى.
يېمەس ئىردى ئۆزى تالىب مىلك باشى.
قولىدا چىلىم تەماكۇ چېكىشى.
ئۇشبۇلارنىڭ سۆيى ئازراق يېرى جىق،
يۈز بولۇپ تەماكۇسى بىرلەن قېتىق.
بىرى بولغاندا ئاچار ئىردى سۇنى،
مەن كىچىك ئىردىم كۆزۈم كۆرگەن شۇنى.
يۈز باشى بەرات خاجە سايىد پىشاب،
ئۆتتى بۇ يۇرتنى سوراپ دابىد مىراپ.
نىياز ئاخۇند، ئەبدۇرەھمان، توختى باي،
بىۋەفا ئالەم ئىكەن قايداغ قىلاي.
ئەئزەمشا باي بىرلە نۇرۇللا خاجە،
ھەر بىرىنىڭ ئۈچىدىن ئوغلى زور غەچە.
موللاشا باي، مۇھەممەد شاباي سەتمەنىم،
ھەربىرى بىر پاي چاپاي دەپ كەتمەنىم.
مىر ئابلاباي، ئەمرۇللا ئەھمەد خاجە،
بار ئىدى ھەممەسى ئۇشبۇ كۈنغەچە.
ئۆزىمۇ ئوغلانلارى نەبرە - چەۋرە،
فانى دۇنيادىن كېتىپ يوقتۇر ئۆرە.
مەشۇق موللام، چورۇق باي، مەنسۇر خاجە،
ئەزىم باي، سۇپۇرگە باي، كەنجۇر خاجە.
سايىد ئاخۇند، سىدىق ئاخۇند، تالى باي،
سىيىت ئاخۇند، سۇپۇرگە ئاخۇند سالى باي.
بەختى شا باي، مۇسا موللاملار قەنى؟
مۇساق باي، ئەشۇرموللاملار قەنى؟
مەتنىياز باي، توختى مەھرەملەر قەنى؟
توختى شاباي بىرلە بەھرەملەر قەنى؟
يەر، سۇغـە، پۇل،مالغە چۆمگەنلەر قەنى؟
كەمبەغەل تەگلىككە كۆمگەنلەر قەنى؟
ئۇشبۇ يەگلىغ نەچچە يۈزمىڭ كىشى فەۋت،
ھېچكىمە بەرمەس ئەمان جەللادى مەۋت.
موللا ئىمىن، موللا چاۋار باي، توختى باي.
ھەم فاسار بايۇ ئەشۇر باي، بەختى باي.
بەلكى ئەھمەد باي، سەلىم باي ئون باشى،
ئۇشبۇلاردىن كۆرەلى سۇ ئالىشى.
ئەييۇب باي ئەھلىيەسى ھەلىمەش خاجە،
سابىت باي، خاتۇنى چولپاك ئاغاچە.
ئۇشبۇلارنىڭ بارچەسى كۆرگەن مېنى،

يا يامان ـ ياخشى دېمەي يۈرگەن مېنى.
ماڭا خەت قىلدۇرماغان ئەر قالمادى،
خەت قىلىپ پۇل ئالماغان يەر قالمادى.
يۇرتىمىزدىن ھېچكىشى ئېرمەس يامان،
ئەيلەسۇن ئەۋلادىنى تەڭرىم ئەمان.
ھەممەنى ئەيتاي دېسەم ئۇزاپ كېتەر،
بالا-بارقە نەبرەسى يىغلاپ كېتەر،
بۇ جىھەتدىن ئازغىنە ياد ئەيلەدىم،
رۇھلارىنى بارچەنىڭ شاد ئەيلەدىم.
قالادۇر لەڭگەر ئېرىق توغراق ئېرىق،
يىڭىچكە ئېرىق بىلەن لايغا ئېرىق.
نەچچە يىلدىن بارى ئاقغان سۇيى شۇ،
پەند ئۇرۇپ مەغرۇر قىلغان ھۇيى شۇ.
ھېچكىشى ئۆلمەدى ئاچلىق تارتىبان،
رىزقى كەم زىيادە بولماس ھېچ قاچان.
ئۇشبۇلارىنىڭ ۋەقتىدە مەن بار ئىدىم،
خېتى بولسە قىلىپ ئېئتىبار ئىدىم.
شۇ بۇلارىنىڭ بالا ـ بارقە نەبرەسى،
قالدى ئوقەت يەر-سۇيىنىڭ جەبرەسى.
باش كۆتەردى ئەلى بەگ ھاجىم بۇ ھال،
ئىمىن ھاجىم ھەزرەتىم بۇ ئۇچ ئوغال.
يۇنۇس ئاخۇند، ئىسلام ئاخۇند تۆرت ئوغۇل،
ئازغىنە بەيان قىلاي ئاگاھ بول.
مەمەد ئايۇب يۈز باشىم يەككە ئوغۇل،
قۇدرەتى باردۇر خۇدايىم قىلسە غول.
مەمەد ھاجىم، ئەبدۇرەشىد ئاخۇندلار ياباش،
قۇددۇس ئاخۇند نەبرەسىمۇ بولدى باش.
يۇنۇس ھاجىم بالدىرىمۇ باش ئىدى،
بولۇپ پاششاب ئەيساخانمۇ باش ئىدى.
ئۇشبۇ چاغقە ئېردى بىر سائەت سۇيۇم،
كۆكەرۇر ئېردىم يېتىپ نەۋبەت سۇيۇم.
يۇرت ئۆزىچە يەنە بىر سائەت سۇنى،
بېرۇر ئېردى ئىچىپ ئالغىل دەپ مۇنى.
باغ ئاراغۇ يەر ـ زېمىن گۈلزارلىق،
يوق ئىدى سۇ توغرادىن ھېچ خارلىق.

بۇ سەبەبدىن قالدى نىم سائەت سۇيۇم،
قالمادى بۇ يۇرتدا ھېچكىمدە كۈيۈم.
سۇيى ئازلارىنىڭ سۇيى بىردگە ئون،
سۇيى جىقنىڭ ئاز قالىپ ھالى زەبۇن.
مانا ئەمدى سۇ بېرەي دەپ كىشى يوق،
ھېچكىشىنىڭ كىشى بىرلەن ئىشى يوق.
ھەق ئىگەم بەرگەنگە قەنائەت قىلىپ،
بىلگەنىمچە تەڭرىگە تائەت قىلىپ.
ھېچكىشىغە خار ئولۇپ سۇ دېمەدىم،
رىزقى بەردى ھەق ئىگەم ئاز يېمەدىم.
يىگى ئۆستەڭگە چىقىپ بولدى شېرىك،
يەتتە يىل بىللە ئىچىپ بولدى تىرىك.
بىر كۈنى توما باشىغە ئىككى يۇرت،
چىقتى ئىشلەيلى دەبان گوياكى قۇرت.
ئىككى يۇرت گەپ تالاشىپ بولدى جەدەل،
يېرىق ئەھلى ياندى بايۇ كەمبەغەل.
دېدى: بەرمەيمىز ئېرىقنى ئۆلگۈچە،
ھەممەمىز ئۆلۈپ-تۇگەپ كۆمۈلگۈچە.
توپلاشىپ زاكۇلارىنى چاقىرغۇ،
سۇ كېلىپ يېرىق تەرەپكە ئاقىغۇ.
ئۇشبۇ يۇرت باشلىقلارىغە بولدى قەرز،
قىلدى دەئۋانى قىلىپ شەنجاڭغە ئەرز.
سۆدرەلىپ ئاقماي بۇ دەئۋا ئىككى يىل،
خەت قىلىپ قولۇم قاپاردى مۇنى بىل.
بىرى قىلغان گەپ بىردگە ئەرزىمەي،
خەت قىلۇرمەن كېچە ـ كۈندۈز نان يېمەي.
ئاخىرىدا يېرىق ئەھلى ئۇنىماي،
ئالدى ئون بەش يامبۇ پۇل قايداغ قىلاي.
بىر كۈنىدە ئەلى ھاجىم باشلىغىن،
تازە قىش كۈن ئېردى قەرى ياشلىغىن.
تاڭ سەھەر كەلدى ئۆيۈمگە توپلاشىپ،
ئۇلۇغ ـ ئۇششاق مەن دېگەنلەر جۇغلاشىپ.
قارغىلىققە، ياركەند، كاشقاغىچە،
باركىمەنسەبدارغە ئەرز يەتۋاغىچە.
ھەربىرى بىر تاختا كاغەزدە بۇ ئەرز،
قادالىپ ئولتۇردى يۇرت زىممەمدە قەرز.

قىش سۇغاقدا قوللارىم بولدى ياغاچ،
بايلارىمنى بولمادى قويغالى ئاچ.
ئۇشبۇ خەتلەرغە قاراپ بولۇپ خىجىل،
زاھىرىغە مېنى قىلماقغە بېھىل.
ئەلى بەگ ھاجىم تۇرۇپ سۆز باشلادى،
بىر ئاغىز گەپنى ئاراغە تاشلادى.
ئاخۇنۇمنىڭ بار ئىكەن ئۆيىدە گوشت،
توڭدۇرۇپ سۇغاقغە بىز قىلدۇق دۇرۇشت.
ئانى يەپ بولغۇنچە بىر پاقلاننى بىز،
بېرەلى كىم ئۆلدۇرۇپ يېسۇن سېمىز.
ئۆزگەلەردىن بىر ئاغىز ئۇن چىقمادى،
ئۇشبۇ گەپنى قۇلاقغە تىقمادى.
ماڭا بىر پاقلاننى سۆزلەندى ئۆزى،
كۆڭلىدە يوق خەتنى قىلسۇن دەپ كۆزى.
ئۆزلەرىدىن ئالماغايمىز ھېچ چىقىم،
ئۇردى كۆزۈمگە توپانى بىر سىقىم.
قايدا پاقلان مېنى پاقلان ئەيلەدى،
مېنى قازانغە تىقارنى پايلادى.
ئۇنىمۇ بەك خاتىرىمغە ئالمادىم،
قېنى پاقلان دەپمۇ قىلتاق سالمادىم.
خەت قىلۇردا يۈزباشىلار كەلمەدى،
ھاجەتى يوق گەردەنى ئېگىلمەدى.
يۇرتتا خىزمەتكار فەقىر تۇغمە قۇلى،
بىللە بارساق كۆيىدۇر ئالبان پۇلى.
بۇ نىيەتدە يۇرتنى باشلاپ قويادۇر،
خەت پۇلنى يۇرتغە تاشلاپ قويادۇر.
قەنى ماڭا ۋەئدە قىلغان پاقلانى،
كۆرمەدىم بۇ يۇرتدا سۆزى ساقلانى.
بالدىرى قىلغانكى خەتلەر بىر سارى،
يېڭى ئۆستەڭ توغرالۇق خەت بىر سارى.
غەللەمىز بىر دەنۇ بەش دۇفازە بار،
يەرلەرىمنىڭ تولاسى تۇرار بىكار.
نەغمەچىچە بولمادۇق بىز خەت قىلىپ،
باشىمىزغە جىق مەزەممەتنى ئالىپ،
ھەر قاچان قاراڭغۇدۇر چىراغ تۈبى،
قەدرى يوقتۇر ئۆيدە ئولتۇرغان بۇبى.
ئىشىك تۈبدە جايى كۆتەك پالتۇسى،
بىر كۆتەكنى يايۇر چاغدا تاپغۇسى.
ئۆزگە چاغدا كىشى يوق قارلاغالى،
قايدا قالدى پالتۇ دەپ چارلاغالى.
بۇ تەمەئنى كۆڭلۈم ئىچرە كۆچۈرۈپ،
ھەقتەئالادىن ئۈمىدنى ئۆچۈرۈپ.
ماڭا كەلگەن پۇلنى بۇ يۇرت كۆتەرۈر،
ئون بەش يامبۇدىن كېلىشلىكنى بېرۈر.
خېتى بولسە ھەر قاچان قىلىپ بېرىپ،
ھالەتىم يەتتى بۇ يەرگە مەن قېرىپ.
بۇ تەمەئدە بىتورۇق تۇرۇپ ئىدىم،
دورغە كەلدى پۇلنى دەپ ئەفسۇس يېدىم.
كاتتەلەرغە خەت ئىبەردىم ئىلتىماس،
مېنى ئەيىبلەپ سۆزنى بۆلدى تىڭلاماس.
دېدى: كۆڭلۈم ئىبەرىپدۇر يۈزباشى،
خەبەرى يوق ئولتۇرۇپ يۇرتنىڭ باشى.
بۇ تەمەئنى قىلماس ئېردىم چاغلاسام،
تېخى ماڭا كۆز قويۇپدۇر ئاڭلاسام.
ئاخىرىدا نېمە دەپدۇر يۇرتىمىز،
ئۇشبۇ گەپنى بىز قاچان ئۇنۇتىمىز.
كىمگە جۇغلايدۇر بۇ ئوقەتنى تاپىپ،
تەڭگە-داچەن پۇلنى شورتاغە ساپىپ.
بىزمۇ ماڭدۇق ياركەند، كاشقاغىچە،
بارمادى بىز بىرلە كۈندۈز يا كېچە.
ئېرىق - ئۆستەڭ بويىغە ھەيدەمەدۈك،
ھەركۈنى دەئۋاغە كىرىڭ دېمەدۈك.
يەنە تەڭگەمنى كۆتەرسۇن دەپمىدۇر،
بەندەدە ئىنساپمۇ يوق شۇ گەپمىدۇر.
ئۆتنە بەرسۇن يۇرت ئۈچۈن ئاق تەڭگەنى،
ئىككى ئۆيدە ساقلاپ ئىككى يەڭگەنى.
ئۇشبۇ سۆزنى خالتا ئەيلەپدۇر ماڭا،
مەن دېدىم كۆڭلۈمدە بۇ گەپ ھەق ساڭا.
سەن ئۆزۈڭدە باردۇرۇر ئۇشبۇ گۇناھ،
نەسەبەب تىلەيسە مەخلۇقدىن پەناھ.

هەقتەئالانى فەراموش ئەيلەدىك،
بەرمەسە رىزقىنى تەكرىم نەيلەدىك.
تۇتماغىل مەخلۇقغە ھەرگىز كۆز دېدى،
ھەقدىن ئۆزگەدىن تەمەئنى ئۈز دېدى.
تەۋبە قىلدىم بارچە ئۆتكەن فىسقىغە،
ھەق ئىگەم ئۆزى كېپىلدۇر رىزقىغە.
قىلمە مەخلۇقغە خۇشامەدنى پەقەت،
ئەجرە ئالغىل ھەر قاچان قىلدۇرسە خەت.
ئانا سۈتىدىن ھەلال ئەجرى قەلەم،
ساڭا كەلگەن رىزقىدۇر تارتماي ئەلەم.
ئويلادىڭمۇ ھەقنى دائىم زىكرى قىل،
ھەق ئىگەم ھەر نەرسە بەرسە شۈكرى قىل.
ئەمدى كەلدىم ماھۇۋەل ۋاقىئغە مەن،
ئىككى يۇرتغە مەن بولۇپدۇرمەن تىكەن.
يېرىق ئەھلى ماڭا بۇزدى نىيەتىن،
تۆبەن ئوراڭنىڭ قىلىپ بەردى خېتىن.
ئورلاشىپ بارىپ قىلۇر كۈندە سەلام،
كۈندە - كۈندە ئۆرگەنىپ باشقە كەلام.
بىزنى مۇنداغ سۆدرەگەن شول موللاسى،
بىر تۇتۇپ يېسەك قوساقۇ كاللاسى.
ئىككى ئېردى بىرىسىدىن قۇتۇلۇپ،
ئەمدى قالدۇق بىز بىرىگە تۇتۇلۇپ.
بىر بەھانە قىلالى بىر تۇتالى،
ئۆلدۇرۇپ كۆمۈپ ئېتىپ قۇتۇلالى.
ئۇشبۇ گەپلەرنى قىلىپ ئەھلى يېرىق،
چىقمادى ياخشى باشىمغە بۇ ئېرىق.
ئۇشبۇ يۇرتمۇ ماڭا ئەيلەپدۇر نەزەر،
ئەمدى قىلماق يۇرتنىڭ ئەھلىدىن ھەزەر.
بۇ ئەزىز جان تەندە بولسە ھەر قاچان،
بەندەسىغە ھەق بېرۇر ئەلبەتتە نان.
يۇرتىمىزنىڭ ئىش - كۈشىنى چاغلادۇق،
كۆڭلى كىر بولماسغە بەلنى باغلادۇق.
خاپا بولماس ئەمدى بىزدىن يۇرتىمىز،
ئىلتىماس يىلدىزلاردىن قۇرۇتىمىز.
ھەق ئىگەم بەرگەننى يەپ شۈكر ئەيلەبان،
كېتەدۇر ئۆتۈپ — ئۆتۈپ فانى جەھان.
دورغە كەلدى ھەر كۈندە ئون باشى،
مېنى سىخلاپ يۇرتنى يۇتقان يۈزباشى.
تەڭگە بەرسۇن دەپ قاراپ پايلاتمادى،
تاكى مەندىن ئالماغۇنچە ياتمادى.
ئالدى تۆرتسەر كەلدى دەپ ئاق تەڭگەدىن،
ھەق ئىگەم ئۆزى چىقاردى تەڭگەدىن.
تۇغقانى يوقنىڭ يوق ئېرمىش دۇشمەنى،
كوھنە تەمسىل ئەيب قىلماڭلار مېنى.
تەۋبە قىلدىم تەمەئ قىلماي خەلقدىن،
تاكى جانىم چىقسەمۇ بۇ ھەلقدىن.
يېرىق ئۆستەڭدىن سۇنى ئىچمەك ھەمان،
ئۇشبۇ يۇرت بولۇپ ئىكەن كۆڭلى يامان.
يېرىق ئەھلى چوڭ—كىچىك ئەيىيار ئىدى،
موللا ئالىم يېرىق ئىچرە زار ئىدى.
يېرىق بىرلەن شېرىك ئىچكەچ سۇيىنى،
بۇرنا ئالىپدۇر يېرىقنىڭ خۇيىنى.
ئۆتسە كۆبرۈكدىن بۇيان باقماي قاچۇر،
كۆرمەسۇن دەپ كۆزىگە تۇپراق ساچۇر.
تۆبەن ئوراڭ خەلقىمۇ مىسلى يېرىق،
خۇيۇ ئەفئال رەۋىشىدۇر بىر تېرىق.
ھەقدىن ئۆزگە خەلقدىن ئۈزدۇم تەمەئ،
ھەق رەسۇلۇم دېدى: «ئەززەمەن قەنەئ».
خۇش، خۇدايىمغە ئەمانەت چوڭلارىم،
ئۆپكەدەك ئىششىپمۇ كەتتى سوڭلارىم.
بالدىرقى يۇرتىمىز يەڭگىش بولۇپ،
بەئزەسى گاس، بەئزى تەلەڭگۇش بولۇپ.
بىرسى بىلمەس بولۇپ گۇلى شۇمۇپ،
بىرسى ئۆز نەفئىگە ھەقنى كۆمۈپ.
بىرسى مەندىن بۆلەك فەلانى بار،
بىركۈن ئېرمەس بىركۈنى غەۋغا چىقار.
بىرسى جان باقغانىغە خۇش بولۇپ،
خورەكى مۇردارۇ كەلىم گۇش بولۇپ.
بىۋە ئاجىز تۇل خاتۇن يېتىم ئەسىر،
يۇرت ئىچىندە خارۇ زار فەريادگىر.
ئۇشبۇلارنىڭ ھالىدىن ئالماي خەبەر،
يۇرتدەكى دەررەندىلەر قىلسە زەرەر.
سۇيىنى باشلاپ بېرىپ ئورتاق بولۇپ،
شېرىك ئەتمەي تېرىسا قىرتاق بولۇپ.

ساڭا مۇنداغ كەلدى دەپ ئالبان سالىغ،
قورقۇشۇپ بىچارەلەر پىششىغ بەلىغ.
ئالماسا مۇنى خەبەر يۇرت چوڭلارى،
پىشادۇر دەۋزەخ ئوتىدا توڭلارى.
سۆزى ئۆتمەسلەر بولۇپ يۇرت باشلىقى،
پاتماسا چات ئاراسىغا..........

نىمە دەپ خىزمەت ئوتىدا كۆيگۈلۈك،
ۋاي پالانچىم،ۋاي چوڭام دەپ سۆيگۈلۈك.
بورنا ئۆتكەن يەتتە باش يەلمۇڭگۇزى،
ھىچكىشىدىن ئالبان ئالماپدۇر ئۆزى.
بۇ زەماندا بولدى پەيدا يۈزباشى،
يۇتقالى بىر يولى يۇرتنى ھەر باشى.
توقسان ئۈچ باش بولدى ئارتۇق يۇتغالى،
يارۇدەم ئون باشى قوغلاپ تۇتغالى.
جەمئ يۈز ئون باش بولۇپ يۇرتنى تالاپ،
ھەر باشىدا يەلمۇڭگۇز ئاغزىن يالاپ.
يۈز باشى بار يىگەلى يۈز ئاغزى بار،
ھەر ئاغىزنىڭ چوڭلۇقى گويا كى غار.
ھەر باشىدا يىگەلى يۈز ئاغزى بار،
ھەر ئاغىز دەم تارتغالى ئەژدەرچە بار.
ئون باشى ئىت يۈز باشلار ئىت قۇشى،
يۇرت بۇلارنىڭ ئالدىدا ئىشەك گۆشى.
بۇرنا بىر فىرئەۋن ئۆتۈپ ئالەمدە بىل،
ئەمرىنى تۇتتى قەبۇل دەريايى نىل.
ئەي سۇ تۆبەندىن يانىپ يۇققارى ئاق،
قاي تەرەپكە ئەمرى قىلسام شۇڭا باق.
ئاقار ئىردى قايدا ئەمر ئەتسە بۇ سۇ،
ھىچكىشىنىڭ مۇلكى ئىرمەس ئىردى بۇ.
بولدى پەيدا بۇ زەماندا يۇرت ئارا،
ئۇند توزۇپ غەللە ساناپ ئۇندغە ئاكا.
تۇل خاتۇن يىتىم ئوغۇلغە بۇ ۋەكىل،
سۇيىغە ئىگە بولۇپ ئاڭا كىيىل.
بولدى بىر يۇرت ئىچىدە ئوتتۇز ئاكا،
سۇنى قولىغە ئىلىپ تاككا تاكا.
ھەر بىرى فىرئەۋن ئورنىدا بولۇپ،
قايدا ئەمرى ئەتسە سۇنى ئاندا تولۇپ.
سۇيى ئازلارنىڭ قاراپ يەتمەس كۆزى،
سۇ دىيەلمەي ئىرگەشىپ سەرىغ يۈزى.

سۇ دىسە ئالبان پۇلۇم بار سەندە دەپ،
مۇشت بىلەن پەشۋار سالىپ بىرۇر ئەدەپ.
ئاشلىقىغە قىلسە ئورتاق سۇ بىرۇر،
قىلماسا ئورتاق قۇرۇتۇپ كۆيدۇرۇر.
كەمبەغەللەرنىڭ سۇيىنى ئاپارىپ،
كىمدە بولسا ياخشى يەر ئانى تارىپ.
تۇل خاتۇن يىتىم ئوغۇلنىڭ ھەققىنى،
يەپ ئىچىپ كۆپ ئەزدى ئاجىز خەلقنى.
كەلسە ئالبان كەمبەغەللەردىن ئالىپ،
تۇل خاتۇنغە رەھم قىلماي مۇشت سالىپ.
قۇرۇتۇپ دەرەخت، ئوتان، ئاشلىق، پىچان،
كەمبەغەللەر ئاھ خۇدا دەپ يىغلاغان.
ئۇشبۇ فىرئەۋنلەر يۈرەكنى سەمرۇتۇپ،
ئالبانى يوق دەردى يوق تولۇپ پۈتۈپ.
سۇ دىگەن ئالتۇن كۈمۈشتىن يوقارى،
ئاكابولدۇق دەپ بۇ فىرئەۋنلەر بارى.
خەلقنىڭ سۇيىنى ئالدىغە سالىپ،
خاھلاغان يىرىغىچە ئۆزى ئالىپ.
بىۋە ئاجىزلارغە بەرمەي يىغلاتىپ،
كەمبەغەلنىڭ ئاھى ئەللاھغە يىتىپ.
بۇرناقى فىرئەۋن بولۇپ دەريادە غەرق،
زۇلمىدىن تاپتى نىجاتنى بارچە خەلق.
ئىھتىيات قىلماق يىتىملار ئاھىدىن،
قەھرى گەر كەلسە خۇدا دەرگاھىدىن.
كەمبەغەللەر تۇز توشۇپ، ياntاق توشۇپ،
يىرى بار ئاشلىقى يوق ئىچى پۇشۇپ.
ئۇشبۇ فىرئەۋنلەر سۇيىنى بەرمەگەن،
قىلماسە ئورتاق يىرى كۆكەرمەگەن.
يەپ ئىچەرگە ئۆيىدە ئارپا-تىرىغ،
جۇل چاپان، ياماغ چورۇق، يۈزى سىرىغ.
ئۇشبۇ فىرئەۋنلەر مىنىپ بۇلۇتدەك ئات،
كۆرپە مەخمەل ئۆيىدە زىلچە بىسات.
كالا ئەللىك، قويى مىڭ، ئوتتۇز ئىشەك،
ئۆيدە تورۇس بىرلە تەڭ يوتقان تۆشەك.
نەچچە ساڭ بۇغداي، قوناق، زاغۇن، زىغىر،
جۇغلاغان ئالتۇن كۆمۈش تاشتىن ئىغىر.
ئەڭلى چىغەرقۇت، رەفىز، دۇردۇن، تەۋار،

سالىشى خاتۇن-قىزى زەر گۇشۋار.
ئوتاقلارىن قۇۋۋەتىدە باي بولۇپ،
ئاتغە، تونغە ئۇلاشىپ هاي-هاي بولۇپ.
قوشنە، ئورتاقچى، ئاجىزلارنى ئېزىپ،
ئۆتسە بىر پۇل ئۇنى دەپتەرگە يېزىپ.
كېچەۋۇ كۈندۈزدە خىزمەتكە سالۇر،
مۇزدە بەرمەي هەققىنى قويماي ئالۇر.
يەرنى ئورتاققە بېرۇر تۆرت تۈبەگە،
ئۆتنە بۇغداي پۇل ئالۇر هەم تۈپەگە.
بىخۇدۇك قىلىپ شۇبۇ جەزانەنى.
شەرئى هۆكمىن تۇتماغان يامانەنى.
يېمەك-ئىچمەك كەيمەكى دائىم هەرام،
بۇ جەزانە شۇملۇغى قىل ئېهتىمام.
سۇرەتى سوفىنەما موللا ئۆزى،
بەئزى هاجى، بەئزى باي ئۆتكۈن سۆزى.
بىر تەرەف جەزانەسى ئۇندغە ئاكا،
گەپنى بەرمەس كىشىگە جاككا — جاكا.
يادىغە كەلمەي ئۇشاقلار نالەسى،
مىڭ زەبۇن دەرد ئىچرە خاتۇن-بالەسى.
كەمبەغەللەر ئاهىنىڭ ئوتى تۈشۈپ،
ئەهلى فىرئەۋنلەرنى بىر-بىر كۆيدۈرۈپ.
خارۇ زارلىق ئوتىدا قىلسە هەلاك،
ئۆزى قۇدرەتلىك ئىگەم يەزدانى پاك.
بۇ سۆزۈمنى تازا ئويلاپ فەهم قىل،
ئاجىزۇ بىچارەلەرگە رەهم قىل،
جاهۇ مەنسەب، پۇلغە مەغرۇر بولماغىل،
خەلقى ئالەم ئۈستىگە زور بولماغىل.
فانى دۇنيادىن ساڭا كەلمەس ۋەفا،
ئاقىبەت ئالغاي سېنى تۇپراق توپا.
ياد ئېتەرگە سېنى يوقتۇر هېچكىشى،
سەن بىلەن بىللە كېتەر دەۋلەت ئىشى.
شۇبهەلىك مال-پۇللارىڭ توزۇپ كېتەر،
بالا-بارقاڭ فىسقىغە بۇزۇپ ئېتەر.
زۇلمىدىن ساچقان ئۇرۇغ بىر-بىر ئۈنۈپ،
ئاڭلاغىل بۇ سۆزنى ياخشى تۈشۈنۈپ،
چىقادۇر ئەۋلادىنىڭ ئالدىغە تۈز،
تارتادۇر ئەۋلادلارى بىرىگە يۈز.

قىلسە هەركىم ياخشىلىق ئۆچمەس ئاتى،
كەتمەگەي ئەۋلادىدىن هەم دەۋلەتى.
ئۇشبۇ فىرئەۋنلەرگە يۈزلەنگەي بەلا،
غەرق ئولۇپ دەريايى غەمگە مۇبتەلا.
تاپتى ئەۋقەتنى يەتىملەر سۈيىدە،
يوق بولۇر ئاخىر بۇ سۇنىڭ تۈبىدە.
يەتىم هەققى قوشۇلۇپ بۇ سۇ بىلەن،
بولدى قامغاق ئەۋقەتى پوقۇ بىلەن.
ناگەهان قويۇنلار چۆيرۈلۈپ،
ئۇشبۇ قامغاق بىللە كەتكەي ئۆيرۈلۈپ.
ئۇشبۇ فىرئەۋنلەر قالۇرلار هاڭ باقىپ،
مىڭ نەدامەت ئەيلەشىپ تامغاق قاقىپ.
كۆتەرىپ ماڭسا قۇيۇن قامغاقلارىن،
هاڭ باقىپ قالغاي چېكىپ تامغاقلارىن.
كەمبەغەل ئاجىز يەتىم هەققىنىڭ قۇلى،
سۇنىڭ سۇغە قالۇر قېتىقنىڭ پۇلى.
قىلماغاي ئەۋلادىغە هەرگىز ۋەفا،
شور ساتۇر جاڭگالدا يۈز كۆزى توپا.
كەلسە تۇمشۇقلۇق شۇنى تاپىپ چوقۇر،
هەرقاناتلىقلار كېلىپ شۇنى قاقۇر.
بالدىرى شۇڭا كېلۇر ئالبان ئېلىش،
هەر ئېلىش كەلسە بارۇر سىدق قىلىش.
كەلسە ئالبانىنى بېرۇر بالدۇر ئەلى،
تۈزچىگە ئالبانىنى دەپ ئۆتتۈم هېلى.
دارىسى ساچقان ئۇرۇغ ئەي ئامۇخاس،
ئەمدى ئۇندىن بالاسىغا بۇ قىساس.
هەركىشىغە زۇلم ئېتىپ يىغلاتسە ياش،
بالاسى قان يىغلاغاي زۇلم ئىچرە پاش.
كۆز ئالايتىپ كۆرسە ئاجىزلارنى خار،
تاپقۇسى ئەۋلادى نومۇس بىشۇمار.
راست ئەمەسمۇ بۇ سۆزۈم ئەي ئامۇخاس،
كىم يامانلىق ئەيلەسە هەقدۇر قىساس.
سەن ئۆزۈڭنى ساقلا ئەي ئامۇ زەئىف،
بۇ غەرىبلىق شەهرىدە بولدۇڭ نەهىف.
سەن ئۆزۈڭنى ئاسراغىل ئەي قۇلئەلىم،
بۇ غەرىبلىق شەهرىدە باغرىڭ تىلىم.
بولمە ئەي ئامۇ زەئىف خەلق ئېئتىماد،
ئەيلە كۆڭلۈڭنى ئىگەم بەرگەنگە شاد.

# شېئىرلار

## موللا داۋۇت

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار رەھمى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

مەن 1985 - يىلى «موللا داۋۇت شېئىرلىرى» ناملىق بىر قولىيازمىنى مەھەممەتئىمىن جۇمە ئىسىملىك بىر ھەۋەسكار بالىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن قولۇمغا كەلتۈردۈم. 78 بەتلىك بۇ كىتاب خوتەن قەغىزىگە خەتتى پارس نۇسخىسىدا يېزىلغان. توپلام 90 پارچە غەزەل، مۇخەممەس، مۇستەھزات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 2044 مىسرادىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلارنىڭ ھەر بىر تۈگەنچىسىدە شائىرنىڭ ئىسمى زىكرى قىلىنغان بولسىمۇ تەرجىمىھالى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن. پەقەت ئۆز ئۇستازى ھەققىدە يازغان مەرسىيەسىنىڭ ئاخىرقى بىر كۇپلېتىدىكى:

قەمەرىددىنخان ھەزرەت پىرىم بەيان ئەتدىم،
داۋۇد پەقىر يارانلارگە ئەيان ئەتدىم.
بىر مىڭ ئۈچيۈز ئەللىك ئالتە ھېساب ئەتدىم،
پىر ھەققىدە خەتمە قۇرئان قىلماق ئۈچۈن.

دېگەن مىسرالار بىلەن بۇ توپلامنىڭ ھىجرىيە 1356 - (مىلادى 1937 - 1938 ) يىلى يېزىلغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

ئىزدىنىش ئارقىلىق شائىر داۋۇتنىڭ تەرجىمىھالىنى مۇنداق ئىزاھلاپ بېرىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم:

ئۇيغۇر شائىرى داۋۇت 1890 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئالا سايغان يېزىسىدا ساۋۇت ئاخۇن خەلپىتىم ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1963 - يىلى يەتمىش ئۈچ يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ھاياتىنىڭ بىردىنبىر ئىزى ئۆز قەلىمى بىلەن پۈتكەن بۇ توپلامنى 1960 - يىلى قاراقاشلىق دوستى مەخسۇت ئاخۇنۇم دېگەن كىشىگە يادىكار قىلغان. ئۇ توپلامنى مەخسۇت ئاخۇنۇمغا سۇنۇپ تۇرۇپ: «بۇ كىتاب مەندىن ئۆزلىرىگە يادنامە بولۇپ قالسۇن. ماڭا قازا يېتىپ ئۆلۈپ كېتىپ قالسام مېنى دۇئادا ياد ئەيلەپ، كىتابىمنىڭ نامىنى مەشھۇر قىلغايلا» دېگەنلىكىنى مەخسۇت ئاخۇنۇم ماڭا ئۆزى ئېيتىپ بەردى.

AltunOq

شائىر داۋۇت ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئۆز مەھەللىسى ئالا سايغاندىكى كىچىك دىنىي مەكتەپتە، ئۇنىڭدىن كېيىن 1916 - يىلى نەمەنگاندىن قاغىلىقتا كېلىپ دىنىي مەكتەپ ئاچقان قەمەردىددىنخان ھەزرىتىم دېگەن كىشىنىڭ سوفىزم تەلىماتى سىڭدۈرۈلگەن دىنىي تەربىيىسى ئاستىدا ئۆتكۈزگەن. شائىر بۇ جەرياندا سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز، نەۋائى، مەشرەپ، نەۋبىتى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلغان ئىستېتىك زوق بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ كۆپلىگەن شېئىر - غەزەللەرنى يازغان. لېكىن شائىرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە شائىرانە ھېسسىياتى ئەينى زاماندىكى يەرلىك ئىشانلار ۋە چەت ئەلدىن ئېقىپ كەلگەن تەسەۋۋۇپ تەرغىباتچىلىرىنىڭ تەربىيىسى بىلەن سۇغىرىلغانلىقتىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ باشتىن ئاياغ سوفىزم ئىدىيىسى ئېنىق.

موللا داۋۇتنىڭ قولىمىزدىكى مەزكۇر شېئىرلىرىنى گەرچە شېئىرىي سەنئەت يېرىقىدىن پىشىپ يېتىلگەن دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى، شەكلىنىڭ يەڭگىل بولۇشى 30 - يىللاردىكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى قېزىپ رەتلەش، ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى ئىنكاسىنى تەتقىق قىلىپ، بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىجابىي ئوزۇق ئېلىپ، يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتى بىلەن، شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى كىتابخانلارغا سۇندۇم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شائىر ئۆز دوستلىرىغا يازغان كۆپلىگەن سالامنامىلەر، ھەزىل-چاقچاقلار ۋە باشقا شېئىرلىرىنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم. شائىر داۋۇتنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىدىغان تەتقىقاتچى خادىملار ۋە كىتابخانلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. يەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كىتابنى ساقلاپ كەلگەن مەقسۇت ئاخۇنۇمغا ۋە كىتابنى مەلۇم قىلغان مەھەممەتئىمىن جۇمەگە رەھمەت ئېيتىمەن.

**1**

يىغلاپ سەھەرلەر قىلسام فىغانە،
كەلگەيمۇ يارىم قاشىمغە يانە،
باردۇر باشىمدا تۈرلۈك فەسانە،
يارىم قاشىغە بولسام رەۋانە،
بولسا مۇيەسسەر ئۇل ئاستانە.

كەتسەم يارىمنى ئەمدى سوراغلاپ،
ھىممەت كەمەرنى مەن بەلگە باغلاپ،
تاپسام مەكانىن مەن ئاندا يىغلاپ،
ياتسام ئىشىكىن ئەرزىمنى ئەيلەپ،
كەلگەيمۇ رەھمى بۇ ئاسىيانە.

يارىم يولىدا تارتسام مۇشەققەت،
بارسام قىلۇرمۇ يارىم مۇھەببەت،
قىلمە خەلايىق ھەرگىز مەلامەت،
يار ئىشقىدە بۇ جانىمغە راھەت،
ئۇچرارمۇ قۇلغا ئۇل ئاستانە.

تاپسام ۋىسالىن قويسام باشىمنى،
ئەفغانە ئەيلەپ تۆكسەم ياشىمنى،
يارىم ئىشتىسە بۇ تاۋۇشۇمنى،
قىلغايمۇ رەھمى ئالسە قولۇمنى،
قىلسە نەزارە بۇ ئاسىيانە.

ئەرزىم تۇرۇركى يەتسەم ۋىسالىڭ،
قىلساڭ خۇدايا نەسىب جەمالىڭ،
باردۇر خۇدايا قۇدرەت كەمالىڭ،
ياندۇرمە يارەب مەندىن خىيالىڭ،
راھەت بۇ قۇلغە ئۇل ئاستانە.

ئىبرەت كۆزۈڭ ئاچ، پەرۋانەنى كۆر،
ئاتەشكە ئۆزىن ئۇرغانىنى كۆر،
جانىن يولىدا بەرگەنىنى كۆر،
ئەسلى ۋەتەنگە بارغانىنى كۆر،
جاننى بەرگەي بۇ ئاشىقانە.

كىرسەڭ بۇ يولغە مۇھەبەتلى بولغىل،
غەفلەتتە ياتمە شىددەتلى بولغىل،
فىش ئەيلە تەقۋا قۇربەتلى بولغىل،
يارىڭ يولىدە مەقسەدلى بولغىل،
ئاھىڭ ئوقى چۇن يەتسۇن نىشانە.

باردۇر بۇ يولدا چەندان خەتەرلەر،
قىل ئىھتىياتى شامۇ سەھەرلەر،
ھۇشىڭ بىلەن تۇر تارتمە زەرەرلەر،
نەفىسى ھەۋا چۇن يولدىن قويارلەر،
ئىخلاس بىلەن بول يولغە رەۋانە.

چىقار دىلىڭدىن سەن خارۇ خەسنى،
زايىئ چىقارما سەن ھەر نەفەسنى،
تۇتىغە تەييار ئەيلە قەفەسنى،
قىلمە دىلىڭدا چەندان ھەۋەسنى،
كىرگەيمۇ تۇتى بۇ ئاشيانە.

شەھتۇتى كىرسە ئۇشبۇ قەفەسگە،
كەتمەس خىيالىڭ تۇرلۇك ھەۋەسگە،
قىلغاي نەزەر چۇن ئەللاھ فەرەسگە،
توشقازما ئۆينى سەن خارۇ خەسگە،
دىل ئۆيىگە بول سەن پاسبانە.

ئەي ئاسىي داۋۇد كىرسەڭ بۇ يولغە،
تاغۇ بەيابان ھەم دەشتۇ چۆلغە،
قويساڭ قەدەمنى سەن راستى يولغە،
ئاخىر ئالۇرسەن مەقسەدنى قولغە،
تەسدىق بىلەن بول، باقمە جەھانە.

2

ياردىمنى ئىزلەپ قالدىم بەلاغە،
قىلغايمۇ رەھمى بۇ مۇبتەلاغە،
ئۇچرات قولۇڭنى بىر ئاشناغە،
يەتكۈزسە ھالىم ئۇل دىلرەباغە،
يەتسەم جەھاندا مەن مۇددەئاغە.

تۈشتى دىلىمغە كۆپ ئىشتىياقى،
يىغلاپ كويىدە سىزدى قاراقى،
كۆيدۈردى دوستلار يارىم فىراقى،
ئۆرتەپ دىلىمنى دەردى فىراقى،
رەھم ئەيلەگەيمۇ مىسكىن گەداغە.

دەرددە ھەردەم تۆكسەم يېشىمنى،
ئاستانەسىغە قويسام بېشىمنى،
تۇھفە ئىبەرسەم ئاققان يېشىمنى،
يارىم ئىشتكەي بۇ نالىشىمنى،
يەتكەيمۇ ئاھىم قادىر خۇداغە.

كۆرسەت جەمالىڭ كۆڭلۈمنى شاد ئەت،
ئاسى قۇلۇڭنى رەد قىلمە ياد ئەت،
بەرگىل خۇدايا ئىنساب دىيانەت،
ئاخىردە بەرگىل مەئۋايى جەننەت،
يارەب نەسىب ئەت ئاخىر لىقاغە.

جان ئاچچىغىنى سەن ئەيلە ئاسان،
مۇندا ئەمان بەر ئاخىردا ئىمان،
سەكراتدە بەرگىل دەردىمگە دەرمان،
قىلغان گۇناھىم سەن ئەيلە پىنھان،
يەتكۈز قۇلۇڭنى سەن مۇددەئاغە.

بۇ ئاسى داۋۇد ئىمان تىلەيدۇ،
قاراڭغۇ گوردىن ئامان تىلەيدۇ،
شەيتان قولىدىن ئامان تىلەيلەيدۇ،
رازىلىقىڭنى سەندىن تىلەيدۇ،
رەھىم ئەيلە يارەب مىسكىن گەداغە.

3

ھەجرىڭدا كۆيدۈر، ئەي يارى جانىم،
كۆرسەت يۈزۈڭنى، ئەي، مىھرىبانىم،
شامۇ سەھەرلەر زىكرىڭنى ئەيتاي،
زىكرىڭدە لەززەت ئالسۇن بۇ جانىم.
غەفلەتدىن ئويغات بىچارە قۇلنى،
زىكرىڭغە گويا بولسۇن زەبانىم.
بىچارە داۋۇد ئاسى قۇلۇڭدۇر،
ئازدۇرمە يولدىن قادىر خۇدايىم.

4

ۋەسلىنى ئىزدەپ دىۋانە بولدۇم،
ئەقل - ھۇشۇمدىن بىگانە بولدۇم،
ئالەم كۆزىگە ئەفسانە بولدۇم،
ئىشقىدا يىغلاپ پەرۋانە بولدۇم.

ئاقتى كۆزۈمدىن ئەشكى رەۋانىم،
يەتكەيمۇ ھەققە ئاھۇ فىغانىم،
رەھىم ئەيلەگەيمۇ ئول مىھرىبانىم،
ئىزلەپ جەمالىن گىريانە بولدۇم.

داۋۇد قۇلۇڭغە قىلغىل ئىنايەت،
مەقسەدگە يەتكۈز قىلغىل سەلامەت،
باشىمدا باردۇر چەندان مەلامەت،
ھەققە يېتەلمەي ھەيرانە بولدۇم.

### مۇخەممەس

دوستلارىم، ئەيب ئەيلەمەڭ مەن بىر بەلاغە ئۇچرادىم،
داغۇ ھەسرەت ئىچىدە بىر مۇبتەلاغە ئۇچرادىم،
چۈن رەقىبلەر ئىچرە ماجەراغە ئۇچرادىم،
ئەھلى دىللار ئىچىدە قىممەت بەھاغە ئۇچرادىم،
ئەرزى ھالىم ئەيغالى بىر پادىشاھغە ئۇچرادىم.

يارى ۋەسلىن ئىزلەسەڭ، بار گىرانىڭنى ئۇنۇت،
ئەسلى ۋەسلىن ئىزلەسەڭ، كويىدە جانىڭنى ئۇنۇت،
يارى مىھمان چىرلاساڭ، پەرزەندە، مالىڭنى ئۇنۇت،
يارنىڭ ئىشقىدا سەن سۇدۇ زىيانىڭنى ئۇنۇت،
بۇ دىلىمنى ئۆرتىگەن بىر مەھلىقاغە ئۇچرادىم.

جىلۋە بىرلە ناز ئېتىپ، چىرلار مېنى ئۆز ئالدىغە،
ئىشتىياق بىرلە قەدەم ئۇرغۇم يار كېلۇر ئالدىغە،
چۈن قەدەم قويسا كىشى بارغايمۇ دىلدار ئالدىغە،
يا ئۆزى كەلگەيمۇكىن ئەۋۋەلدە بەرگەن ۋەئىدىغە،
يارىغە ۋەئىدە بېرىپ كەتكەن سەنەمگە ئۇچرادىم.

ئۇشبۇ داۋۇد ئاسى قۇل ئۆزگىل دىلىڭنى ھەممەدىن،
يار ۋەسلىنى سوراپ يىغلا سەھەرلەر دەردىدىن،
ئەفۋى قىلغىل ھەرگۇناھ ئۆتتى مەنۇ شەرمەندەدىن،
رازى بولغايمۇ خۇدايىم مەن كەبى بىر گەندەدىن،
ئەرزى ھالىم سورغەلى بىر دادخاھغە ئۇچرادىم.

6

دوستلارىم، گەر يىغلاساڭ سەن يىغلاغىل يار ئالدىدا،
تۆكمەگىل بىھۇدە ياشىڭ يار ـ ئەغيار ئالدىدا.

بەندە سەن خامۇشى بولغىل ئەيلەمە سىررىڭنى فاش،
يىغلامە بىگانەگە سەن، يىغلا جەببار ئالدىدا.

ياخشى بىرلە سۇھبەت ئۇلغىل، بول يامانلاردىن يىراق،
ئۆتكۇسى بىھۇدە ئۇمرۇڭ ئەھلى نادان ئالدىدا.

ياخشىلارنىڭ سۇھبەتىدىن بىر نەفەس ئايرىلماغىل،
باشقە مەقسەد ئۇندا يوقتۇر بىر خۇدا بار ئالدىدا.

كېچە ـ كۇندۇز يىلاغىل قادىر خۇداغە يالبارىپ،
بارچە مۇشكىللەر سېھەلدۇر پادشاھنىڭ ئالدىدا.

دائىما ئىزلە ۋىسالىن، ئەسلى مەقسەد ئۇشبۇدۇر،
ئېتىقاد بىرلە، بولۇپ سەن يىغلا دىلدار ئالدىدا.

بارچەدىن ئۆزگىل ئۈمىدىڭ ئۇشبۇ داۋۇدى غەرىب،
قىلماغىل رەسۋا مېنى تاڭلا خۇدا دار ئالدىدا.

7

ۋەئدە بەرگەن ئېردى ئەۋۋەل ئول نىگارىم،
قاراپ تۇردۇم ۋەئدە بەرگەن قەرارىغە.
قاچان كېلۇر مېنىڭ ئۇشول گۈلئۇزارىم،
يىغلاپ بارسام يەتكەيمەنمۇ ۋىسالىغە.

ئالغىل دېدى، باغىڭدەكى تىكەنلەرنى،
ئاندا ئۈندۈر گۈل ياسمەن، رەيھانلەرنى،
يار يولىغە ساچقىل ئۈنچە ـ مارجانلەرنى،
سەير ئەتكەلى يارىڭ كېلۇر گۈلزارىغە.

دىل ئۆيىنى پاكىزە قىل، دېدى ئېرسە،
ھېچكىشىگە بىلدۈرمەگىل سىررىڭ ئېرسە،
يامان بولۇر خەلقى ئالەم سىررىڭ بىلسە،
ئۆزۈڭ دانا بەندىلەرنىڭ ئەخبارىغە.

مېنى مۇنچە يىغلاتمىغىل شاھىم سەنسەن،
دىل ئۆيىنى رەۋشەن قىلغىل ماھىم سەنسەن،
قەبۇل قىلغىل ئىشتكۈچى ئاھىم سەنسەن،
مۇنتەزىرمەن مىساقدەكى① قەرارىغە.

ھادىدۇرسەن ئۆزۈڭ ئەيلە يولۇم ئاسان،
ئالەم ئىچرە سىرلارىمنى قىلغىل پىنھان،
زاتىڭ ئۇلۇغ خوجامدۇرسەن ئادىل سۇلتان،
مېنى قوشقىل ياخشىلارنىڭ قەتارىغە.

داۋۇد ئاسى ۋىسالىغە يېتەلمەدىم،
ھەق ئەمرىنى ئۆز ۋەقتىدە قىلالمەدىم،

① قولىيازمىدا «مىشاق» يېزىلىپ قالغان.

بەندەلىكغە لايىق خىزمەت قىلالمەدىم،
يىغلاپ كەلدى ئۇشبۇ قۇلۇڭ ئىسيانىغە.

8

تۆشتى مەينىڭ فىراقى ساقى سۇنغىل فىيالە،
ئۇشول مەينىڭ فىراقى قىلدى دىلىمنى لالە،
چىقماس دىلىمدىن ھەرگىز مەينىڭ فىكرى خىيالە،
ئىچمەگۆنچە بىر كاسە يوقتۇر مەندە مەجالە،
مەيخانەنىڭ يولىدە قىلدىم ئۆزۈمنى ۋالە.

ئىچسەم بىر كاسە مەيدىن ساف ئەيلەگەي دىلىمنى،
ئول مەي ئۈچۈن سەرف ئەتسەم بۇ تەن بىلە جېنىمنى،
مەي ئالغىلى كەلتۈردۈم ئۇشبۇ سۇنۇق دىلىمنى،
مەيخانە ئىچرە كۆرسەم مەن ئىزلەگەن يارىمنى،
ساقى بولۇپ سۇنارمۇ يارىم ماڭا فىيالە.

مەيخانەغە باشىمنى قويۇپ ياتسام بولۇرمۇ،
رەھم ئەيلەبان فەقىرغە بىر قەترە مەي بېرۇرمۇ،
ئىچەرمەن دەپ ئول مەيدىن يىغلاپ يۈرسەم بولۇرمۇ،
ساقى بولۇپ مەھبۇبۇم بىر كاسە مەي بېرۇرمۇ،
مەست ئەيلەدى دىلىمنى سۇنغىل ماڭا فىيالە.

داۋۇد غەرىبنى يەتكۈر مەيخانە ئىچرە يارىم،
ئىچمەگۆنچە ئول مەيدىن كەتمەس فاسىدخىيالىم،
ئەي ساقى، مەي بەرمەسەڭ ساڭا بولۇر ۋەبالىم،
نەزەر قىلغىل ھالىمغە مەلۇم بولۇر بۇ ھالىم،
بىر كاسە مەي ئىچۈرگىل يېتەي يارىم ۋىسالە.

9

زۇلمەت ئىچىدە قالدىم، خۇدايا،
بىلمەي جەھاندا ياخشى ـ يامانىم.
غەفلەت داۋانى ئاستىدە قالدىم،
دۇنيايى مەككار بولدى خىيالىم.

بارسام ئۆلۆبان مەھشەر كۈنىگە،
ئاندا نە بولغاي مېنىڭ بۇ ھالىم.
يوقدۇر دىلىمدە ۋەھمى قىيامەت،
يولدىن چىقاردى شەيتانى زالىم.

قۇتقار، خۇدايا، شەيتان يولىدىن،
يەتسەم خۇدايا فىكرى خىيالىم.
داۋۇد قۇلۇڭدۇر ئاسى گۇناھكار،
كەتتى قولىدىن بۇ ئىختىيارىم.

**10**

باغۇ بوستان ئىچىگە ئول گۈلئۈزارىم كەلدىمۇ،
يار مەھبۇبىن سوراپ ئول شەھسەۋارىم كەلدىمۇ.
باغنى زىننەت بەرمەيدىن چىرلاپ ئىكەنمەن يارىنى،
باغ تەماشا قىلغالى ئول پادىشاھىم كەلدىمۇ.
باغ ئىچى ياخشى ئەمەس باردۇر تىكەنلەر باغىدە،
بۇ تىكەن سوندۇرغىلى ئول پەھلەۋانىم كەلدىمۇ.
يار يەنە مۇلزەم قىلۇر كەلسە بۇ باغىڭ كۆرگىلى،
گۈلغە پەرۋىش قىلغىلى ئول باغبانىم كەلدىمۇ.
جاينى تەييار ئەيلەگىل مەن بارۇرمەن خىلۋەت ئارا،
جايى خىلۋەت ئىچىگە باقغىل نىگارىڭ كەلدىمۇ.
قىچقىرۇر بولساڭ مېنى سەن بارچەنى تەرك ئەيلەگىل،
«بىر مېنىڭدىن ئۆزگىنى تاشلا» دېگەن يار كەلدىمۇ.
پات يېقىن يارىڭ كېلۇر، بولغىل يولىغە ئىنتىزار،
يار ھەمدەم بولغىلى ئول مېھرىبانىم كەلدىمۇ.
ئۇشبۇ ۋەئدە ھەق ئېرۇر ھەرگىز ئۇنىڭ يالغانى يوق،
يارغە ۋەئدە ئەيلەبان كەتكەن نىگارىم كەلدىمۇ.
مەندىن ئۆزگە سۆزلەمە داۋۇد، پەقىر خامۇش بول،
يار يولىغە مۇنتەزىر بولغىل نىگارىڭ كەلدىمۇ.

**11**

بارغۇم كېلۇر ئالدىغە مەن يارىمنى سېغىندىم،
رازى دىلىم ئېيتۇرغە دىلدارىمنى سېغىندىم،
سىلاغۇچى باشىمنى سەردارىمنى سېغىندىم،
بېرىپ ئەرزىم ئېيتۇرغە مەن شاھىمنى سېغىندىم،
رەھم ئەتكۇچى ھالىمغە سۇلتانىمنى سېغىندىم.

باراي دېسەم بىلمەيمەن ئول مەكاندىن مونەززەھ،
يەككە يالغۇز خۇدادۇر بىنەمۇنە بىشۇبھە،
يوقتۇر ئۇنىڭ شېرىكى دائىم ھاياتۇ زىندە،
رىزالىقىڭ ئىزدەيدۇ ئاجىز - غەرىب بۇ بەندە،
جانىم بېرەي يولىدە جانانىمنى سېغىندىم.

ئاشىقلارنىڭ ئىشىدۇر دۇنيا ئىچرە مەلامەت،
ھەركۇن كېلۇر باشىغە چەندان نەچچە ئەلامەت،
مەلامەتكە سەبر ئەتكەن قۇللار بولۇر سەلامەت،
ئاشىقلارغە بولغۇسى خۇدا ئىشقى ھەلاۋەت،
مەلامەتكە ئىشىم يوق دىلدارىمنى سېغىندىم.

مەلامەت بىر سابۇندۇر يۇغاي ئاشىق كىرىنى،
تەئىنە بىرلە ساف ئېتۇر ماسەۋادىن دىلىنى،
كۆرسەت ماڭا، بارۇرمەن، دىلدارىمنىڭ يولىنى،
يوقلىغايمۇ خۇدايىم ئاسى جافى قۇلىنى،
ئىنشائەللاھ، بارۇرمەن، مەن يارىمنى سېغىندىم،

مۇرادىمغە يەتكۇرگىل مۇنچە مېنى زار ئەتمە،
بەرگىل جامى مۇھەببەت ئەل ئىچىندە خار ئەتمە،
گۇناھىمنى كەچۇرگىل بارۇر جايىنى نار ئەتمە،
داۋۇد ئاسى قۇلۇڭغە ئىشقىڭنى بەر، ئار ئەتمە،
مەن تەماشا قىلغىلى گۇلزارىمنى سېغىندىم.

**12**

سەھەرلەر خىيالىمغە يارىم كېلۇر،
تەماشا ئۇچۇن گۇلئۇزارىم كېلۇر،

دىلىمنى ئۆيىمگە مىھمانىم كېلۇر،
نىقابىن ئېچىپ گۇلئۇزارىم كېلۇر.

ماڭا قاي كۆنى تۆشتىلەر بۇ فىراق،
دەۋام ئۆرتەدى بۇ دىلىم ئىشتياق،
نەزەرىڭ سىلىپ يۈزىمە ئەمدى باق،
مىنى ئۆرتىگەن شەھسۇۋار كېلۇر.

تۇتۇپ ئىلكىدىن گۇلى رەيھانىنى،
مۇئەتتەر قىلىپ بۇ كۆڭۈل باغىنى،
تەسەللى بېرىپ بۇ دىلىم داغىنى،
كى مەن ئىزلىگەن ئۇشبۇ يارىم كېلۇر.

بۇ داۋۇد ئۆزى ئاسىيۇ پۇر گۇناھ،
مۇنى قىلمە مەھشەردە رويى سىياھ،
كى لۇتفۇ كەرەم ئەيلەگەيسەن خۇدا،
بۇ ھالىم سوراپ پادىشاھىم كېلۇر.

13

دىلدارىمنىڭ يولىغە قەدەم قويسام بولۇرمۇ،
كېلىڭ ئايا دوستۇم دەپ مىھرىبانلىق قىلۇرمۇ،
پىرى مۇغان رەھىم ئېتىپ مىنى يولغە سالۇرمۇ،
بارسام دىلدار ئالدىغە قاراپ نەزەر سالۇرمۇ؟

قەدەم قويغىل بۇ يولغە ۋەقتىڭ ئۆتەر تۇرماغىل،
ھېچكىم ئاگاھ بولماسۇن ھەرگىز سىررىڭ ئېيتماغىل،
مىھمان كىرەر جان ئۆيىگە كۆدۈرەتدىن خالى قىل،
ئىخلاس بىرلە چىرلاساڭ ھەرگىز كەلمەي قويارمۇ؟

ئايا تالىب، بۇ يولدە بىۋەفالىق ئەيلەمە،
دىل ئۆيۈڭنى پاك قىلماي ئاندا مىھمان چىرلامە،
پاك ئەيلەبان چىرلاساڭ مىھمان كېلۇر غەم يېمە،
ياخشى بولسە ئەقىدە قولۇڭ ئالماي قويارمۇ؟

دىلدارىڭنى ئىزلەسەڭ دائىم قىلغىل قىيامە
رىيازەتنى لازىم تۇت قىلىپ يۈرگىل سىيامە،
باشىڭ قويۇپ سەجدەگە باشقە مەقسەد ئىزلەمە،
مەقسەد بولسا ۋىسالى ھەرگىز نەۋمىد قويارمۇ؟

ئۈمىد ئۈزۈپ غەيرىدىن بىر خۇدانى ئىزلەگىل،
دىلىڭ بەرمە ھەر قايان مەقسەدىڭنى ئىزلەگىل،
ئىخلاس بىرلە قەدەم قوي، يالغۇزلۇقدىن قورقماغىل،
داۋۇد ئاسى قۇلغە ئەللاھ نەزەر قىلۇرمۇ؟

## 14

رەھىم ئەيلەگەيمۇ ئول گۇلئىزارىم،
كۆرمەي يۈزىنى يوقتۇر قەرارىم،
كويىدە يىغلاپ تۆكسەم ياشىمنى،
ئەرزىم سورارمۇ ئول دادخاھىم.
كۆز ئۇچى بىرلە قىلسە نەزارە،
ئاجىز غەرىبغە ئول پادىشاھىم.
كۆرسەم يۈزىنى دەۋزەخ ئىچىندە،
ۋەسلىغە يەتسەم شولدۇر مۇرادىم.
بۇ ئاسى داۋۇد ئىسيان ئىچىندە،
يىغلاپ يۈرۈرلەر تىلەپ گۇناھىم.

## 15

يارانلىرىم، بارۇرمەن ئول يارىمنىڭ ئالدىغە،
جاندىن ئەزىز مېھرىبان دىلدارىمنىڭ ئالدىغە،
جانۇ دىلىم كۆيدۈرگەن خۇمارىمنىڭ ئالدىغە،
ئەيب ئەيلەمەڭ، بارۇرمەن شول يارىمنىڭ ئالدىغە.

دائىم چىرلار مەھبۇبۇم بۇ فەقىرنى ئۆزىگە،
بارسام نەزەر قىلۇرمۇ رەھمى كېلىپ قۇلىگە،
پەرۋاز قىلۇر بۇ كۆڭلۈم يار باغىنىڭ گۇلىگە,
ئەيب ئەيلەمەڭ بارۇرمەن دىلدارىمنىڭ ئالدىغە.

نەزەر سېلىپ تۇرادۇر كەلگىل، مېنى دېگىل، دەپ،
ئارا يولدا قالماسۇن دەبان مېنىڭ غەمىم يەپ،
فانى ئۆيدە ئولتۇرماي، باقى ئۆيگە كېلىڭ، دەپ،
ئەيب ئەيلەمەڭ، بارۇرمەن ئول يارىمنىڭ ئالدىغە.

داۋۇد ئەيتۇر خۇدايا، ئاجىزلىقىم كەلتۇردۇم،
گۇناھىمنى تۇھفەدەپ دەرگاھىڭغە كەلتۇردۇم.
سەندەك ئۇلۇغ سۇلتانغە ئەرزى ھالىم بىلدۇردۇم،
ئەيب ئەيلەمەڭ بارۇرمەن دىلدارىمنىڭ ئالدىغە.

**16**

ۋەئدە قىلدى ئول ماڭا: يارۇ ھەمراھىڭمەنەم،
ھەر قاچان ياد ئەيلەسەڭ ئول يەردە ئاگاھىڭ مەنەم،
سىدق ئىلە ياد ئەيلەسەڭ بىشەك سېنىڭ زارىڭ مەنەم،
زەررە غافىل بولماغىل ئەلبەتتە چىن يارىڭ مەنەم.

ھەر قايان بەرمە كۆڭۈل ئۆزگىل دىلىڭنى غەيرىدىن،
ئىيتماغىل سىررىڭنى فاش، فەرھىز قىل ئەغيارىدىن،
گەر ئۇمىد ئەيلەر ئىسەڭ، مەندەك ۋەفالىق يارىدىن،
چۇن سەياھەت باغى ئىچرە سەيرى گۇلزارىڭ مەنەم.

كېچە - كۇندۇز ئىزلەسەڭ يارىڭ قېشىغە بارەسەن،
چىن ئەقىدە ئەيلەسەڭ ئاخىر جەمالىن كۆرەسەن،
دىلدە قورقۇپ يىغلاساڭ ۋەسلىغە لايىق بولەسەن،
فىكرى يادىڭ مەندە بول بىشەك سېنىڭ يارىڭ مەنەم.

كىمكى تەسدىق ئەيلەسە، باتىن ئىشكىن ئاچەمەن،
تاڭلا مىھمان ئەيلەبان جەننەت يۈزىگە ئاچەمەن،
دىلدا دەردى بولمىسە، ئاشىق ئەمەسدۇر، قاچەمەن،
ھەشت جەننەت ئىچىدە چۇن باغى گۇلزارىڭ مەنەم.

ئۇشبۇ داۋۇد ئاسى قۇل بەرمە كۆڭۈل فانى جەھان،
خەلقىغە فاش ئەيلەمەي سىررىڭنى، بەس، تۇتقىل نىھان،

يار كويىدە يىغلاغىل پىنھانە يەردە بىگۇمان،
ۋەئىدە قىلغان ھەق ئۆزى كۆپ ئىزلەسەڭ يارىڭ مەنەم.

**17**

ئىشقىڭدە كۆيدۈم، ئەي يار، جانىم،
ھالىمغە رەھم، ئەت ئەي، مېھرىبانىم.
تۈن كېچىلەردە بىدار قىلغىل،
ھەمدىڭغە گويا بولسۇن زەبانىم.
ئۈزگىل دىلىمنى فانى جەھاندىن،
چىقسۇن دىلىمدىن فاسىد خىيالىم.
قاقتىم ئىشىكىڭ، ئاچغىل يۈزۈمگە،
ۋەسلىڭغە يەتكۈر بۇدۇر خىيالىم.
داۋۇد قۇلۇڭدۇر ئاسى گۇنەھكار،
ئىمان نەسىب ئەت چىقاردا جانىم.

**مۇستەھزاد**

تۇردۇم ئىشىكىڭ ياستانىبان، ئەي يارى، ۋەفادار،
سالغىل نەزەرىڭنى.
ياندۇرمە قۇرۇق بەندەڭنى ئىشىكدىن سەنكى سەتتار،
ياپقىل قۇسۇرىمنى.
بوينۇمنى قىسىپ كەلدىم بۈگۈن تەۋبە قىلاي، دەپ،
سەن راھىمۇ رەھمان،
ئۈممىد بىلە كەلدى بۇ قۇل ئەرزىنى ئەيلەپ،
سىلاغىل بېشىمنى.
سالمە يۈزىمە قىلمە، خىجىل كۆپدۇركى گۇناھىم،
ھەممە ساڭا رەۋشەن،
ئەفۋ ئەيلە بۈگۈن ئاسىغە سەن فۇشتۇ فەناھىم،
رەد قىلمە قۇلۇڭنى.
باردۇركى كەلامىڭ ئىچىدە «لاتەقنەتۇ» ئايەت،
باردۇركى ئۈممىدىم،
بەندەڭغە غەزەب قىلمە، خۇدايا، قىل ئاڭا رەھمەت،
سەن تۈزگىل يولۇمنى.
بۇ داۋۇد قۇلۇڭ كەلدى بۈگۈن سەندىن ئۈممىد ئەيلەپ،
فەزلىڭغە تىكىپ كۆز،
مەھشەر كۈنىدە قوغلامە تەۋبەمنى قەبۇل ئەيلەپ.
سالغىل نەزەرىڭنى.

## 19

ئۆلۈپ كەتسەم بۇ ئالەمدىن، ئەي دوستلارىم،
جىنازەمگە تاشۇ سەفال ئاتقايسىزلەر.
نەسىھەتىم بۇدۇر سىزگە، ئەۋلادلارىم،
قەبرىستانغە مېنى سۆدرەپ بارغايسىزلەر.

دۇنيا ئىچرە ئىنسانلاردىن كۆپ يامانمەن،
نەفس ئىلكىدە ئەسىر بولغان بىر نادانمەن،
گۇناھىمغە① ھېچ قىلمىدىم فۇشايمانمەن،
ئۇرۇپ، مۇشلاپ مېنى گوردە قويغايسىزلەر.

بەندەلىكنىڭ لازىمىن ئۇردۇم تائەتىم يوق،
زۇھدە تەقۋا ھەم قەنائەت قىلغانىم يوق،
دۇنيا ئىچرە بىر سەخاۋەت قىلغانىم يوق،
يامان دەبان مېنى شۇھرەت بەرگەيسىزلەر.

ئاسى داۋۇد بەندىلەرنىڭ يامانى سەن،
ئۆلۈپ كەتسەڭ ھەق ئالدىدا نە قىلۇرسەن،
رەھىم ئەيلە، دەپ دەرگاھىڭغە يىقىلۇرسەن،
ئەي دوستلارىم، مەندىن ئىبرەت ئالغايسىزلەر.

## 20

ساڭا دوستلۇق باغلادىم مۇرادىمنى بەر ئۆزۈڭ،
دەرگاھىڭدىن قوغلامە ماڭا كۆرسەت سەن يۈزۈڭ.
بىئەدەبلىك ئەيلەدىم قىلغانلارىم خەتادۇر،
رەھىم ئەتكۈچى ئاسىغە مېھرىبانىم سەن ئۆزۈڭ.
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاسام كۆرەرمەنمۇ جەمالىڭ،
يەتكۈر مېنى ۋىسالىڭ لەتىفىدۇرسەن سەن ئۆزۈڭ.
داۋۇد، ئاسى نە دەرسەن، نادانلىقدا يۈرەرسەن،
خامۇش بولغىل سۆزلەمە ئاسى رەسۋاسەن ئۆزۈڭ.

---

① قولىيازمىدا «گۇناھىمغە» يېزىلىپ قالغان.



# «نادىر ھېكايەتلەر»دىن



**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

نىزامىي ئەرۇزى سەمەرقەندى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ ئىجاد قىلغان XII ئەسىرنىڭ يېتۈك ئەدەبىياتشۇناسى ۋە بۈيۈك ئالىمى. ئۇنىڭ «نادىر ھېكايەتلەر» («مەجمەئۇننەۋادىر») ناملىق ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىم-پەن تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەر تارىختىن بېرى شەرق پەن-مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك پەن-مەدەنىيىتىدە زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلگەندى. ئۆتكەن ئەسىرلەردىن باشلاپ بۇ ئەسەر ئىلىم-پەن دۇنياسىدىكى ئالىملارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە فىلولوگلارنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزبېكچە نۇسخىسى 1985-يىل تاشكەنتتە نەشر قىلىندى. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا ئەنە شۇ ئۆزبېكچە نۇسخىدىن ژۇرنىلىمىز سەھىپىسىگە مۇناسىپ ھالدا، مۇئەللىپنىڭ ھاياتى-پائالىيىتىگە دائىر بىر ماقالە بىلەن «شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە شائىرلارنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە»، «شائىر ۋە شېئىرنىڭ قانداق بولۇشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىلەرنى، شۇنداقلا يەنە كىتابتىكى ھېكايىلەردىن بىر قانچىسىنى تاللاپ ئېلان قىلدۇق.

ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئەينى زامانلاردا تۈركىي خەلقلەر پەن-مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ قانداقراق بىر سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن شېئىر ۋە شائىرغا قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ قانداقراق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. XII ئەسىردە ياشىغان بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ شېئىرىيەت ۋە شائىرلار توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە قاراشلىرى ھازىرمۇ ئىلمىي قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. بىز بۇنىڭدىن قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

## نىزامىي ئەرۇزى سەمەرقەندى

زامانىسىنىڭ يېتۈك شائىرى ۋە ئالىمى
نىزامىي ئەرۇزى XI ئەسىرنىڭ 90 - يىلـ
لىرىدا سەمەرقەندە تۇغۇلغان. بالاغەتكە
يەتكەندىن كېيىن ئانا يۇرتىنى ئەجنەبىي
باسقۇنچىلارنىڭ قولىدا كۆرۈپ، غۇر
شەھىرى خانلىرى خىزمىتىگە كەتكەن. ئۆـ
زىنىڭ شاھ ئەسىرى «مەجمەئۇننەۋادىر»
نى مۇئەللىپ شۇ سۇلالە شاھزادىلىرىدىن
ئەبۇلھەسەن ھىسامىددىن ئەلىگە بېغىشلىغان.
مەزكۇر ئەسەر كېيىن «چەھار ماقالە»
دەپمۇ ئاتىلىپ يۈرگەن.

غۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ شەنسابىيە
خانلىرىنى ئالىي شەنساب دەپمۇ ئاتاشقاـ
نىدى. ئۇلارنىڭ ئەجدادى شەنساب ـــ ئەلى
ئىبن ئەبۇ تالىبنىڭ زامانىدىشى بولغان.
شەنسابىلەر ئىككى تەبىقەگە بۆلۈنەتتى. ئۇـ
لارنىڭ بىرى غۇر پادىشاھلىرىنىڭ پايتەخـ
تى فىرۇزكوھتا ھۆكۈمرانلىق قىلغان
(1148 ـــ 1215 - يىللاردا) بۇ شاھلارنىڭ
ئەڭ مەشھۇرى جاھانسوز لەقەملىك ئەلاـ
ۋۇددىن ھۆسەين بولۇپ، نىزامىي ئۆز ئەـ
سىرىدە ئۇنى بىرنەچچە قېتىم تىلغا ئالغان.
ئەسەر يېزىلىۋاتقاندا ئۇ ھايات ئىدى. ئەـ
لاۋۇددىن ھىراتنىڭ يېنىدا سۇلتان سەنـ
جەر (1118 ـــ 1158) بىلەن 1152 - يىـ
لى بولغان جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىرگە
چۈشكەن. ئەنە شۇ جەڭدە نىزامىي ئەرۇـ
زى ھەم ئەلاۋۇددىن بىلەن ھەمراھ
بولغان.

نىزامىي ئەرۇزى ئۆز ئەسىرىنى
1156 -، 1157 - يىللىرى بامىيانىدا،
شەنسابىلارنىڭ كىچىك ھۆكۈمدارلىرى ھۇـ
زۇرىدا پۈتكەن.

ئەسەر يېزىلغان دەۋردە ئەلاۋۇدـ
دىن ھۆسەين ھاكىمىيەت ئۈستىدە بولغان.
ئۇ ئىززىددىننىڭ 3 - ئوغلى بولۇپ،
1150 ـــ 1154 - يىللىرى («مەجمەئۇنـ
نەۋادىر» نىڭ يېزىلىشىدىن بەش - ئالتە
يىل ئىلگىرى) غەزنە شەھىرىگە ئوت قويـ
غىنى ئۈچۈن «جاھان سوز» لەقىمىنى ئالـ
غان. نىزامىي ئەرۇزى بۇ ۋەقە تەپسىلاـ
تىنى كەلتۈرمىگەن. ئەلاۋۇددىن ھۆسەينـ
نىڭ غەزنىگە يۈرۈشى ۋە ئاگا ئوت قويۇـ
شى تەپسىلاتلىرىنى نىزامىددىندىن كېيىنـ
رەك ئۆتكەن تارىخچى مىنھاجىددىن
جۇزجانىي ئەسىرىدە بايان قىلىنغان، نىزاـ
مىي ئەرۇزىگە زاماندىش مۇئەررىخ سەدـ
رىددىن ئەلى ئەلھۇسەينىنىڭ «ئەخبار ئەد
دەۋلەت ئەسسەلجۇقىيە» دېگەن ئەسىرىدـ
مۇ ۋەقە ئەسلەپ ئۆتۈلگەن.

سەلجۇقلارغا تەۋە غەزنەۋى ھۆـ
كۈمدارلىرىدىن بەھرامشاھ (1118 ـــ
1152) دەۋرىدە غەزنە شەھىرى بىر ئاز
ئاۋات ئىدى.

شائىر ۋە پازىللاردىن سەنائىي،
سوزەنىي، «كەلىلە ۋە دەمنە» نىڭ تەرـ
جىمانى ئەبۇل مەئالى نەسرۇللا شۇ يەردە
ياشاپ ئىجاد قىلغان. غۇرىي ھۆكۈمدارـ
لار بەھرامشاھ بىلەن يېقىن مۇئامىلىدە
بولغان، ئەلاۋۇددىننىڭ ئاكىسى قۇتبىددىن
ئىنىلىرى بىلەن ئارازلاشقان. غەزنىگە كېـ
تىپ، بەھرامشاھ سارىيىدا ياشىغان. نامۇناـ
سىپ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن بەھـ
رامشاھ ئۇنى ئۆلتۈرگەن. قۇتبىددىننىڭ
ئىنىسى سەيپىددىن سۇرىي ئىنتىقام ئېـ
لىش نىيىتىدە چوڭ قوشۇن بىلەن غەزنـ

گه يۈرۈش قىلدۇ. بەھرامشاھ ھىندىس-
تان تەرەپكە قاچىدۇ. لېكىن قوشۇن
بىلەن تېزلا قايتىپ كېلىپ سەيپىددىننى
قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇنى ۋەزىرى مۇسا-
ۋىي بىلەن بىرگە دارغا ئاستۇرىدۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن غەزنىگە ئەلاۋۇددىن لەش-
كەر تارتىدۇ. قاتتىق جەڭدە بەھرامشاھ
قوشۇنلىرى تارمار كەلتۈرۈلىدۇ. ئەلاۋۇددىن
شەھەرگە ئوت قويۇشنى ۋە ھېچكىمگە
شەپقەت قىلماسلىقنى بۇيرۇق قىلىدۇ. ھې-
كايە قىلىنىشىچە شەھەرنى شۇ دەرىجىدە
تۈتەك قاپلىغان ئىدىكى، كۈندۈز قاراڭغۇ
كېچىگە ئايلانغان. كېچىلىرى غەزنە شەھى-
رى ئوت ئىچىدە قالغان. يەتتە كۈن دا-
ۋامىدا غەزنىنىڭ بارلىق ئەركەكلىرى ئۆل-
تۈرۈلۈپ، خوتۇن - قىز ۋە بالىلار ئەسىر
ئېلىنىدى. ئالاۋۇددىن غەزنەۋىلەردىن سۇل-
تان مەھمۇد، سۇلتان مەسئۇد، سۇلتان
ئىبرايىمدىن باشقا ھەممە قەبرىلەرنى ئاس-
تىن - ئۈستۈن قىلدۇرۇپ تاشلايدۇ. تا-
رىخچى سەدرىددىن ئەلى ئەلھۇسەينىنىڭ
مەلۇمات بېرىشىچە، يانغىن پەيتىدە مەشھۇر
ئېنسىكلوپېدىست ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى
سىنانىڭ 1136 - يىلى ئىسپىھاندىن ئې-
لىپ كېتىلگەن ۋە غەزنىدە ساقلانغان بۈ-
يۈك كۇتۇپخانىسى كۈلگە ئايلاندۇرۇلغان.
بىر ھەپتە داۋامىدا ئەلاۋۇددىننىڭ ئۆزى
سارايدا كەيپ - ساپا بىلەن مەشغۇل بول-
غان. سەيپىددىن ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى سەي-
يىد مەجدىددىن مۇساۋىي، قۇتبىددىننىڭ
خاكلىرىنى ① ساندۇقلارغا جايلاپ،
يەتتە كۈندىن كېيىن قوشۇنى بىلەن ما-
تەم تۇتىدۇ. يەتتە كۈن قۇرئان — تىلاۋەت

① قەبرە توپىسى مەنىسىدە.
② دەبىر — كاتىپ، مىرزا.

قىلدۇرىدۇ. ئاكىلىرىنىڭ خاكى سېلىنغان
ساندۇقلارنى مەپىلەرگە جايلاشتۇرۇپ، غەز-
نىدىن داۋەر ۋە بوست دېگەن يەرگە
قاراپ يولغا چىقىدۇ. بوست دېگەن جايغا
يەتكەندە سۇلتان مەھمۇد قۇردۇرغان ۋە
گۈزەللىكتە ئالەمدە تەڭدىشى بولمىغان بار-
لىق ساراي، بىنالارنى ۋەيران قىلدۇرىدۇ.
مەھمۇد ئەۋلادىغا قاراشلىق بارلىق ۋىلا-
يەتلەرنى خاراب قىلىدۇ. غور شەھىرىگە
يېتىپ كېلىپ ئاكىلىرىنىڭ خاكىنى ئەج-
دادلىرى مازارىغا دەپنە قىلىدۇ. غەزنە
توپىسىنى خالتىلارغا ئېلىپ ئۇلارنى كۆتۈ-
رۈپ كەلگەن بىر تۈركۈم سەيىدلەرنى
فىروزكوھقا — پايتەختكە يېتىپ كەلگەندىن
كېيىنلا سەيد مۇساۋىي خۇنى ھېسابىغا
ئۆلتۈرگۈزىدۇ. قانلىرىغا ئۆزلىرى كەلتۈر-
گەن توپىنى ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتىپ،
لايدىن فىروزكوھ تاغلىرىدا بىرقانچە مۇ-
نار قۇردۇرىدۇ.
كىتابنىڭ باش قىسمىدا ئەسەر كىم-
گە بېغىشلانغانلىقى ۋە بېغىشلانغۇچىنىڭ
سۈپىتى، نەسەبلىرى بايان قىلىنغان. مۇ-
قەددىمىدە كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرى
ۋە مەقسىتى ئېيتىلغان. ئۇنىڭدىكى تۆت
پەسىل ۋە بىر ھېكايەتتە دۇنيانىڭ تۈ-
زۈلۈشى — يەر سېفىراسى، ماددا ئالماشتۇ-
رۇش، سەزگۈ ئەزالىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ
فۇنكسىيىلىرى، ھېسسىياتلار، تۇيغۇ، تە-
پەككۇر ھەم بىلىش ھەققىدىكى نىزامىي
ئەرۇزىنىڭ تەلىماتلىرى بېرىلگەن.
كېيىنكى تۆت ماقالىنىڭ مۇندەرى-
جىسى مۇنداق:
1. دەبىر②لىك ئىلمىنىڭ ماھىيى-

تى ۋە يېتۇك دەبىر سۆپەتلىرى.
2. شېئىر ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە
شائىر سالاھىيىتى.
3. يۇلتۇز ئىلمىنىڭ ۋە مۇنەججىم-
لىكنىڭ ماھىيىتى.
4. تىب ئىلمىنىڭ ماھىيىتى،
تېۋىپلەر.

چۈنكى نىزامىي مۇنداق دەيدۇ:
مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى دە-
بىرگە، شاھ شۆھرىتى ۋە ئۇنىڭ نامىنىڭ
تارقىلىشى شائىرغا، تۇرمۇش تەدبىرلىرىنىڭ
ئوڭدىن كېلىشى مۇنەججىمگە، بەدەن سا-
لامەتلىكى تېۋىپقا باغلىق. ھەربىر ماقالىدە
مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن
غايىلەر، پىكىرلەر، مەشھۇر كىشىلەر ھايا-
تىدىن ئېلىنغان مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر،
ۋاقىئىي ھېكايىلەر ھىكمىتى بىلەن مۇس-
تەھكەملىنىدۇ. ھەربىر ماقالە ئون-ئون
ئىككى ھېكايەت بىلەن زىننەتلەنگەن.
مەزكۇر ھېكايەتلەردە بۇ تۆت كەسىپ ئې-
گىسىنىڭ مەملىكەت ئاۋاتلىقى ھەم خەلقنىڭ
پاراۋانلىقى ئۈچۈن، كۆپرەك مەنپەئەت
كەلتۈرۈشلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىجادىي
مېھنىتى ھەر تەرەپلىمە ماددىي تەمىنلەن-
گەن بولۇشى لازىملىقى دەلىللەر ئارقىلىق
ئىسپاتلىنىدۇ. نىزامىي ئارۇزى ھەربىر كە-
سىپكە تەرىپ بېرىپ شۇ كەسىپ ئىگىسىنىڭ
مەنىۋى قىياپىتى ۋە بىلىم سەۋىيىسى قايسى
دەرىجىدە بولۇشى لازىملىقىنىمۇ ئۇقتۇرى-
دۇ. ئەڭ مۇھىمى شۇ يەردىكى مۇئەللىپ
تەرىپىدىن قويۇلغان مەزكۇر تەلەپلەر بۈ-
گۈنكى كۈندىمۇ ئۆز قىممىتى بىلەن جا-
راڭلايدۇ. بۇنداق بولۇشى نىزامىي ئەرۇ-
زىنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئۆز زامانداشلىرى-
دىن خېلى ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكى ۋە ما-
تېرىيالىست ئالىم بولغانلىقىدىن دالالەت
بېرىدۇ.

«مەجمەئۇننەۋادىر» ئوتتۇرا ئاسىيا
ۋە خۇراسان خەلقلىرى ئىلىم-پېنى،
مەدەنىيىتى، ئەدەبىي ئىستېتىك قاراشلىرى،
تارىخى، ئۇ ياكى بۇ يازغۇچىنىڭ ھاياتى
ھەمدە ئىجادىي مىراسىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم
مەنبە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇئەللىپ كى-
تابتا ئالدىن ئۆتكەن ھەمدە ئۆزىگە زا-
منداش بولغان كۆپلىگەن ئاسترونوم، ما-
تېماتىك، تىببىي ئالىملار، ئەدەبىياتشۇ-
ناسلار، تارىخچىلار، شائىرلار ھەم ئىلىم-
پەننىڭ باشقا ساھەلىرىنىڭ نامىنىمۇ تىلغا
ئالىدۇ. ئەسەرلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قى-
لىدۇ. تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئەسلەپ
ئۆتىدۇ، باھالايدۇ. شۇنداقلا رىسالىدە «شې-
ئىر ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە شائىرنىڭ سا-
لاھىيىتى»، «شائىر ۋە شېئىرنىڭ قانداق
بولۇشى» قاتارلىق ماقالىلىرىدە مۇئەللىپ
ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئەھمىيەتلىك مەسىلە بو-
لۇۋاتقان ئىجادكارنىڭ بۇرچى، مەسئۇ-
لىيىتى، ئۆزىگە تەلەپچان، ھەمىشەم ئىز-
لىنىشتە، ئۆگىنىشتە بولۇشى خۇسۇسىدا
جىددىي پىكىرلەرنى يازغان. «ئەگەر شا-
ئىر ياشلىق مەزگىلىدە ۋە يىگىتلىك دەۋ-
رىدە، — دەپ يازىدۇ نىزامىي ئەرۇزى، —
ئۆتكەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن يىگىر-
مە مىڭ بېيىتنى خاتىرىسىدە تۇتمىسا، زا-
مانداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئون مىڭ
مىسرانى ياد بىلمىسە، ئۇستازلار دىۋانى-
نى دائىم مۇھاكىمە قىلمىسا، سۆزنىڭ نا-
زۇك تەرەپلىرى ۋە قىيىن تەرەپلىرىنى
قانداق يول بىلەن ھەل قىلغانلىقلىرىنى
ئۆگىنىپ بىلمىسە يۇقىرى دەرىجىگەيەتمەيدۇ
ھەمدە شېئىر ناۋالىرى ھەم يوللىرى ئۇنىڭ

تەبىئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپمايدۇ. شې‍ـ
ئىـرنىڭ ياخـشى ياكـى نۇقـسانـلىـق تە‍ـ
رەپلىرى ئەقلىنىڭ سەھىپىسـىدە ئۆز ئەك‍ـ
سىنى كۆرسەتمەيدۇ. سۆزلىرى بۈيۈكلـۈك
تەرەپكە، ئۆزى كامالەتـسىـرى قاراپ يۈ‍ـ
رەلمەيدۇ.» ئىجادقا پەرۋاسىز قارايدىـغان
يارىماس شائىرلارنى كـۆرەلـگەن ئالىـم،
ياش ئىجادكارلارغا، ئىستىبداتلىق قەلەمكەش‍ـ
لەرگە غەمخورلۇق قىلـش، ئۇلارنىڭ تەر‍ـ
بىيىسىگە جىددىي ئېتىبار بېرىش لازىـم‍ـ
لىقىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ ئۆتـىدۇ. «شا‍ـ
ئىر ياش بولسىمۇ شېئىرلىرى ياخشى بول‍ـ
مىسا، ئەمما، قابىلىيەتـلىك بولـسا، ئۇنىڭ
ياخشى شائىر بولۇشىغا ئۈمىد باغلىسا بولـ
دۇ. ئالىيجانابلىق قائىدىسى بويىچـە بۇن‍ـ
داق شائىرنىڭ تەربىيىسىگە كىرىشـىش ۋا‍ـ
جىپ. ئۇ ھەقتە قايغۇرۇش پەرز. مېھرى‍ـ
بانلىق كۆرسىتىش شەرتـىدۇر»، — دەپ تە‍ـ
كىتلەيدۇ. مۇئەللىپ شۇندىن كېيىن، ئاپ‍ـ
تور، ياش ئىجادكارلار شېئىرىيەت نەزە‍ـ
رىيىسىگە دائىر ئۆتمۈش ئەجدادلار ياراتـ
قان ئەسەرلەرنى پۇختا بىلىشى، خۇسۇسەن
ئەرۇز ۋە قاپىيە مەسىلىلىرىگە دائىـر كى‍ـ
تابلارنى ئۆگىنىـش زۆرۈرلۈكى ھەقـقىـدە
پىكىر يۈزگۈزىدۇ ھەمدە مۇھاكىمە قىلىش
لازىم بولغان ئىلمىي رىسالىلەرنىڭ ناملىرىنى
ساناپ ئۆتىدۇ.

بەدىئىي ئەسەردە شەكىل ۋە مەز‍ـ
مۇن بىرلىكى، شېئىرىيەتنىڭ ئىنسان تە‍ـ
پەككۇرىغا تەسىرى، بەدىئىـي، ئىستېتىك،
تەلىم - تەربىيەۋى ئەھمىيىتى، ئۆتمـۈش
ئەجدادلارنىڭ ماددىـي، ئەدەبىـي مىراس‍ـ
لىرىـغا ھـۆرمەت بىلەن قاراش، ئۇلارنـى
توپـلاش، كۆچۈرۈپ كىتاب قىلىش خۇسۇ‍ـ
سىدىكى مۇلاھىزىلىرى چوڭ ئەھـمىـيەتكە
ئىگە. شائىر ۋە شېئـىـرنىڭ قانـداق بو‍ـ
لۇشى، ياخشى بەدىئىي ئەسەرنىڭ قەدرى،
مەڭگۈ ھاياتىي كۈچكە ئىـگە بولۇشى خۇ‍ـ
سۇسىدىكى بۇ خىل مۇلاھـىزىـلەر بەكىمۇ
قىزىقارلىقتۇر. مۇئەللىپنىڭ پىكرىچـە، ھۆ‍ـ
كۈمرانلار ئىجادكارلارغا، شائىـرلارغا ئېتىـ
بار بېرىشى لازىم. ئۇلارنـى ئەزىز كۆرۈ‍ـ
شى، ئەسەرلىرىنى قەدىرلىشى زۆرۈر. «چۈنـ
كى، پادىشاھ... ئۆلۈم پەرمانىنى ئالـغاندا،
ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن، خەزىنىسى ۋە قىم‍ـ
مەت باھا نەرسىلىرىدىن ھېچبىر ئىز قال‍ـ
مايدۇ. پەقەت نامىلا شائىرلارنىڭ شـېئى‍ـ
رى ئارقىلىق مەڭگـۈلـۈك قالـىدۇ. شائـىر
مەجلىسلەردە شېـرىـن كالام ۋە دوسـتـلار
ئولتۇرۇشلىرىدا ئوچـۇق كـۆڭـۈل بولۇشى
لازىم. شېئىرلىرى بولسا، ھايات سەھىپى‍ـ
سىدىن ئورۇن ئالىدىغان، پاكـىز تەبىـئەتـ
لىك كىشىلەر تىلىدىن چۈشمەيدىغان، باياز‍ـ
لارغا يېزىپ ئېلىنـىدىـغان ۋە شەھەرلەردە
ئوقۇلىدىغان دەرىجـىگە يەتـكـەن بولۇشى
زۆرۈر».

ياخشى بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئەبەدىي‍ـ
لىكى، ئىنـسان كامالىتىگە، ئىستېتىك دى‍ـ
تىغا تەسىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگەنـ
دە نىزامىي ئەرۇزى: ھەنزەلەئى بادغىسى
ئەبۇ ئابدۇللا رۇداكىي ۋە ئەبۇلقاسىم فىر‍ـ
دەۋسىلەرنىڭ نامىنى ھەمدە ئەسەرلىرىنىمۇ
ھۆرمەت بىلەن تىـلغا ئالـىدۇ. مەسـىلەن،
ئاددىي قوشچى ئەخمەد ئىبـنى ئابـدۇلـلا
ئەل خوجەستانى بادغىسنىڭ ئىككى بېيى‍ـ
تى تەسىرىدە جەڭگىۋار سـىپاھىـي، مەش‍ـ
ھۇر لەشكەر بېشى، ئاقىۋەت - نەتىجىدە ھۆ‍ـ
كۈمدار دەرىجىسىگە يېتىدۇ. پارسى تىلىدى‍ـ
كى شېئىرىيەتنىڭ ئاساسچىسى رۇداكىـي‍ـ
نىڭ «بويى جويى مۇلـيان ئايەد ھەمى»

دەپ باشلىنىدىغان مەشھۇر قەسىدىسى ئەمىر ناسىر ئىبنى ئەھمەد باشچىلىقىدىكى ئەربابلارنىڭ ۋەتەنگە مېھرىنى جۇشقۇنلىتىدۇ. سۇلتان مەھمۇد شاھنامىنى قەدىرلىمىدى، فىردەۋسىنى تەھقىرلىدى. لېكىن بۇ ئەسەر ھامان كىشىلەرنى گۇمانىزىم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق روھىدا تەربىيىلەپ كەلمەكتە. مۇئەللىپ ئۇنلىغان شائىر، ئالىملارنىڭ ئىجادىي مىسالىدا ئەنە شۇ خىلدىكى مۇلاھىزىلەرنى بايان قىلىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە، نىزامىي ئەرۇزىي سەمەرقەندىنىڭ ئىلمىي قاراشلىرى، بولۇپمۇ ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر نەزەرىيىۋى مۇلاھىزىلىرى ھامان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

«مەجمەئۇننەۋادىر» نىڭ تۆت قوليازمىسى بار. بۇلاردىن ئىككىسى لوندوندىكى بىرىتانىيە مۇزېيىدا. بىرى تېھراندا ۋە يەنە بىرى ئىستامبۇلدا ساقلانماقتا. 1432 ـ يىلى ھىراتتا بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ئىستامبۇل نۇسخىسى ئەڭ نوپۇزلۇق نۇسخىدۇر.

نىزامىي ئەرۇزىدىن كېيىن ئۆتكەن كۆپلىگەن ئالىملار ئۇنىڭدىن پايدىلانغان بولۇشلىرىغا قارىماستىن، ئەسەرنى ئۆگىنىش ۋە نەشر قىلىش ئىشى ئۆتكەن ئەسىردە باشلانغان، ئىنگلىز ئالىمى ئېدۋارد بىرون ئايرىم تېكىست نۇقسانلىرى بولغان ئاشۇ ھىرات نۇسخىسىدىن ئىنگلىز تىلىغا ئاغدۇرۇپ 1899 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان. 1905 ـ يىلى ئۇ ئىران ئالىمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇۋاھاب قەزۋىنىگە «مەجمەئۇننەۋادىر» نىڭ تەنقىدىي تېكىستىنى تەييارلاپ، كىرىش سۆز ۋە ئىزاھلار بىلەن 1910 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان. 1957 ـ يىلىدا ئىران ئالىمى مۇھەممەد مۇئىنمۇ ئۆز تەنقىدىي مەتىنىنى (تېكىستىنى) باسمىدىن چىقارغان. ئەسەرنىڭ 1887 ـ يىلى ۋە 1888 ـ يىللىرىدىكى تاش باسما نەشرلىرىمۇ بار. لېكىن بۇلارنى ئىشەنچلىك دېگىلى بولمايدۇ. 1921 ـ يىلى ئېدۋارد بىرون ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى تۈزىتىشلەر بىلەن قايتا نەشر قىلدۇردى.

ئەسەرنىڭ ئوردۇ ھەم ئوسمانلى تۈرك تىللىرىغا ئۆرۈلگەن نەشرلىرىمۇ بار. مۇھەممەد مۇئىن تەييارلىغان تېكىست ئاساسىدا «مەجمەئۇننەۋادىر» نىڭ س. بايىۋسكى ھەمدە ز. ۋوروۋزىكىنا تەييارلىغان رۇس تىلىدىكى ئاكادېمىك نۇسخىسى 1963 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. مەزكۇر نەشرىدە ئاتاقلىق شەرقشۇناس، پروفېسسور ئا. بولدىرېۋنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئېلان قىلىنغان. ئاپتور ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ھۆكۈمران بولغان بىر زاماننىڭ ئىجادكارى سۈپىتىدە ئايرىم چەكلىمىلىككە ئۇچرىغان. تەرجىمە ۋە تەھرىرلەش جەريانىدا دىنىي چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلىگەن ئايرىم سۆزلەر، ئىبارە ۋە جۈملىلەر، شەخسىي كەچۈرمىلىرى بىلەن باغلىق تەپسىلاتلار ئىخچاملاشتۇرۇلدى. مەزكۇر تەرجىمە ئاممىۋى نەشر بولغانلىقتىن، بەزى ھېكايەتلەر قىسقارتىلدى ياكى قالدۇرۇلدى. «مەجمەئۇننەۋادىر» نىڭ بەزى ھېكايەتلىرىدىكى شەخسلەر نامى ۋە ۋەقەلەردە ئېنىقسىزلىقلار بار. بۇ ئەھۋاللار نەشر قىلىش جەريانىدا سادىر بولغان بولۇشى ياكى ئاپتورنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلمىگەنلىكى بىلەن ئىزاھلىنىشى مۇمكىن.

بۇ خىل مەسىلىلەر ئىزاھلاردا قەيىت
قىلىندى.
ئەسەر ھازىرغىچە ئۆزبېك تىلىغا
تەرجىمە قىلىنمىغانىدى. بۇنى ئىستېداتـ
لىق شەرقشۇناس مەھمۇد ھەسەنى ئەسلى
پارسى نۇسخىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىـ
لىپ بۇ خەيرلىك ئىشنى ئەمەلگە
ئاشۇرغان.
نەئىم نارقۇلوۋ (تارىخ پەنلىرى كاندىـ
داتى).
ھەممىدجان ھامىدوۋ (فىلولوگىيە پەنلىـ
رى كاندىداتى، دوتسېنت).

## شېئىر ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە شائىرنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدا

شائىرلىق شۇنداق سەنئەتكى، (شائىر)
بۇ سەنئەت ئارقىلىق ھاياجانلاندۇرغۇچى
چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ، تەسىرچان
قىياسلارنى بىر - بىرىگە ئۇلايدۇ. ئۇ شۇنـ
داق يول بىلەن، مەسىلەن: كىچىك مەنىـ
نى چوڭغا، چوڭ مەنىنى بولسا كىچىككە
ئايلاندۇرىدۇ. چىرايلىقنى خۇنۈك لىباستا
كۆرسىتىدۇ. خۇنۈك نەرسىنى چىرايلىق
سۈرەتتە جىلۋىلەندۈرىدۇ. ئىلھام سەنئىتى
بىلەن غەزەپ ھەمدە ھېسسىي كۈچلەرنى
قوزغىتىدۇ. نەتىجىدە كىشىلەر تەبىئىتىدە
قايغۇ ياكى خۇشاللىق پەيدا بولىدۇ. بۇبولـ
سا ئۇلۇغ كىشىلەر پائالىيىتىدە دۇنيانى تەرـ
تىپكە سېلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

## بىرىنچى ھېكايەت

ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللا ئەل خۇجەسـ
تانىدىن: «سەن ئاددىي ئىشەك باققۇچى
ئىدىڭ، قانداق قىلىپ خۇراسان ئەمىرى
بولدۇڭ؟»— دەپ سورىدى. ئۇ دېدى:
«خوجەستاندىكى بادغىستا ھەنزەلەئى بادـ
غىسىنىڭ دىۋانىنى ئوقار ئىدىم، كۆزۈم
مانا بۇ ئىككى بېيىتكە چۈشتى:
نەسۋەڭ يىرتقۇچ شىر ئاغزىدا بولسا،
ئاغزىدىن تارتىپ ئال، قورقما، بەردەم بول!
يا ئىززەت، ئۇلۇغلۇق، شەۋكەتۇ شان تاپ،
يا جەڭدە يۈزمۇ-يۈز مەردلىك بىلەن ئۆل.
شۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭلۈمدە شۇنداق
بىر ئىشتىياق پەيدا بولدىكى، مەن ئەمدى
ئۆزۈم ياشاپ تۇرغان بۇ ھالەتكە زادىلا
رازى بولالماس ھالغا كەلدىم. ئېشەكلەرـ
نى سېتىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئات ئالدىم.
ۋەتىنىمدىن كېتىپ، ياقۇپ ئىبنى ئەللەيس
ھەمدە ئەمرۇ ئىبنى ئەللەيسنىڭ خىزمىتىدـ
گە كىردىم.
سەففارىلار دۆلىتىنىڭ قۇدرەت لاچىنى
توققۇزىنچى ئاسماندا پەرۋازدا ئىدى.
ئەلى ئەڭ كىچىك ئۇكا بولغانلىقى ئۈچۈن
ياقۇپمۇ، ئەمرۇمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈشەر
ئىدى.
ياقۇپ خۇراساندىن تاغ ئارقىلىق
غەزنىگە كەلگەن ۋاقتىدا ئەلى ئىبنى
ئەللەيس مېنى راباتى سانغۇنىدىن چاقىرـ
تىۋېلىپ، خۇراساندىكى ئۆز مۈلۈكلىرىگە

شىھنە① قىلىپ تەيىنلىدى. مەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن يۈز ئاتلىق ئەسكەر ئالدىم. ئۆزۈمنىڭ ئەسلى يىگىرمە ئىدى. ئەلى ئىبىن ئەللەيسىنىڭ مۈلۈكلىرىدىن بىرى ھىراتقا يېقىن يەردىكى كارۇھ، ئىككىنچىسى بولسا، نىشاپۇرنىڭ خەۋاف يۇرتى ئىدى.

كارۇھقا يېتىپ كېلىپ، پەرماننى كۆرسەتتىم ۋە قولۇمغا نېمىكى كىرسە، لەشكەرلىرىم بىلەن ئورتاق بولدۇم. ئاتلىقلىرىم سانى ئۈچ يۈزگە يەتتى. خەۋافقا يېتىپ كېلىپ پەرماننى كۆرسەتسەم خەۋافنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىرى رازى بولۇشمىدى. «بىزگە ئون كىشىلىك شىھنە يېتەرلىك» دېيىشتى.

شۇندىن كېيىن سەففارىلارغا بويۇن ئەگمەي، خەۋافنى تالىدىم. پۇشت قىشلىققا يول ئېلىپ، ئۇ يەردىن بەيھەققە كىرىپ باردىم. ئاتلىقلىرىم سانى ئىككى مىڭغا يەتتى. لەشكەر تارتىپ بېرىپ، نىشاپۇرنى ئالدىم. ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كەتتى ۋە پۈتۈن خۇراساننى ئۆزۈمگە تەسلىم قىلدىم. بۇ ئىشنىڭ ئەسلى سەۋەبچىسى ئاشۇ ئىككى بېيىتلىق شېئىر بولدى.

سۇللامىينىڭ تارىخ كىتابىدا زىكىر قىلىنىشىچە، ئەھمەد ئىبىن ئابدۇللانىڭ دۆلىتى زىيادە، مەرتىۋىسى يۇقىرىلاپ كەتتى. ئۇ بىر كېچىسى نىشاپۇردا ئۈچ يۈز مىڭ دىنار، بەش يۈز ئات ۋە مىڭ دانە لىباس ھەدىيە قىلغان. شۇ كۈنگىچە ئۇ تارىختا غالىب پادىشاھلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى بولسا، ئاشۇ ئىككى بېيىتلىق شېئىر ئىدى. ئەرەب ۋە پارسلاردا بۇنداق ۋەقەلەرگە مىساللار كۆپ، لېكىن بىز شۇ كىچىك بىر مىسال بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

دېمەك، پادىشاھقا ئۇنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرىدىغان، قىلمىشىنى بولسا دىۋان ھەم كىتابلاردا مەڭگۈ قالدۇرىدىغان سالاھىيەتلىك شائىرغا ئىگە بولۇشتىن باشقا چارە يوق. چۈنكى، پادىشاھ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئۆلۈم پەرماننى ئالغاندا ئۇنىڭ لەشكىرىدىن، خەزىنىسىدىن ۋە قىممەت باھا نەرسىلىرىدىن ھېچ ئىز قالمايدۇ، پەقەت نامىلا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق مەڭگۈ قالىدۇ.

شەرىف مۇجەللەدى كورگانى ئەيتىدۇ:

بۇ دۇنيادا ساسانىي، سامانىيلار توپلىغان، شۇنچە مۈلكۈ نېمەتتىن نېمە قالدى بۇ زامان ۋە لېكىن رۇداكىنىڭ قەسىدەيۇ، مەدھىيىلىرى ھەمدە باربەت قوشىقى ياشاپ كەلمەكتە ھامان!

ئەسىر پادىشاھلىرىنىڭ ۋە زامان. ئۇلۇغلىرىنىڭ نامىلىرى مەزكۇر شائىرلار جامائىتىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە غارايىپ نەزمىلىرى ئارقىلىقلا مەڭگۈلۈك بولۇپ قالىدى. ئوخشاشلا سامانىيلارنىڭ نامىلىرى ئۇستاد ئەبۇ ئابدۇللاھ جەئفەر ئىبىن مۇھەممەد ئەررۇداكىي، ئەبۇ ئەبباس ئەررابىن جانىي، ئەبۇل مۇسائەل بۇخارىي، ئەبۇ ئىسھاق جۇيبارىي، ئەبۇل ھەسەن كىسايىلەر ئارقىلىق ئەبەدىي بولۇپ قالدى.

ناسىرىددىن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ نامىلىرى ئۇنسۇرىي، ئەسجەدىي، فەررۇخىي، بەھرامىي، زىينەتىي، بۇزۇرج مېھىرقانىي، مۇزەففەرىي، مەنشۇرىي، مەنۇچېھرىي، مەسئۇدىي، قەسسارىي ئۇممىي، ئەبۇھەنىفەئىي ئىسكاف، رەشىدىي، ئەبۇل فەرەج رۇنىي مەس-

---

① شىھنە — بىرەر ئورۇننىڭ ئىشلىرى ۋە سىياسىتىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن تەيىنلىنىدىغان قوشۇن باشلىقى، ھەربى قوماندان.

مۇدىي سەئدى سەلمان، مۇھەممەد ناسىر، شاھ بۇرىجا، ئەھمەدىي خىلاف، ئوسمان مۇختارىي ۋە مەجدۇدى سەنائىي تۈپەيلى مەڭگۈ قالغان.

خاقان سۇلالىسىنىڭ نامىلىرى لۇئلۇئىي، كۇلابىي، نەجىبىي، فەرغانىي، ئەمئەق بۇخارىي، رەشىدىي سەمەرقەندىي، نەجىھار ساغەرجىي، ئەلى بانىزىي، پىسارى دەرغۇش، ئەلى سىپپىھرىي، جەۋھەرىي، سوغرى پىسارى تىشە، ئەلى شەترەنجىلەر ئارقىلىق مەڭگۈ قالغان.

بۇۋەيھىلەر سۇلالىسىنىڭ نامىلىرى ئۇستاد مەنتىقىي، قىياغەزائىرىي ۋە بۇندار ئارقىلىق مەڭگۈ قالغان.

سەلجۇقلار سۇلالىسىنىڭ نامىلىرى فەررۇخىي گۇرگانىي، لامىئىي، دىھىستانىي، جەئفەر ھەمەدانىي، دەرفىروز فەخرىي، بۇرھانىي، ئەمىر مۇئىززىي، ئەبۇل مەئئالىي رازىي، ئەمىد كەمالىي ۋە شىھابىيلار ئارقىلىق مەڭگۈ قالدى.

تەبەرىستان پادىشاھلىرىنىڭ نامىلىرى قەمەرىي گۇرگانىي، رافىئىي نىشاپۇرىي، كىفائى گەنجەۋىي، كوسەفالىي ۋە پۇرىي كەللەلەر ئارقىلىق مەڭگۈ قالدى.

شەنساپ ئەۋلادىدىن بولغان غۇرىي پادىشاھلىرىنىڭ نامىلىرى... ئەبۇلقاسىم رەفىئىي، ئەبۇبەكرى جەۋھەرىي، پەقىرۇ ھەقىر كەمتەرىن نىزامىي ئەرۇزىي ۋە ئەلى سۇفىيلەر ئارقىلىق مەڭگۈ قالدى.

بۇ جامائەتنىڭ شېئىر دىۋانلىرى مازى① پادىشاھلىرىنىڭ ۋە ئۆتمۈش مېھنەتلىرىنىڭ كامالى ۋە جامالى، جىھازى ۋە قۇرالى، ئادالىتى ۋە سەخىيلىكى، ئالىيجانابلىقى ۋە بىلىمدانلىقى، ئەقلى ۋە تەدبىرى، كۈچى ۋە تەسىرى ھەققىدە ئاخبارات بېرىدۇ. تولا كۆپ پادىشاھلار دەۋرى - دەۋران سۈرۈشكەن ۋە شائىرلارغا قىممەت باھا سوۋغىلارنى ئىنئام قىلىشقان. شەۋكەتلىك پادىشاھلاردىن بىرەر يادىكارلىق ھەم خادىم ۋە خىزمەتكارلىرىدىن نە بىرەر ئۆي ۋە نە بىرەر ئابادلىق قالدى؟ ئۇلار بىنا قىلغان قانچىلىغان نەقىشلىك ئوردا، راۋاقلار ۋە دىلكەش باغلار يەر بىلەن تەڭ ۋە سەھرالار بىلەن باراۋەر بولۇپ يېتىپتۇ!

مۇئەللىپ ئېيتىدۇ:

مەھمۇد بەرپا قىلغان قانچىلاپ بىنا،
ئاي بىلەن يۈكسەكلىك قىلاتتى دەۋا؛
نەزەر سال، قالمىغان بىرەر خىشىمۇ،
ئۇنسۇرىي شېئىرلىرى بەرقارار ئەمما.

مۆمىنلەر ئەمىرىنىڭ ئىشەنچىلىك ئورۇنباسارى، جاھان سۇلتانى ئەلا ئۇد دۇنيا ۋەددىن ئەبۇ ئەلى ئەلھۇسەين ئىبن ئەلھۇسەين... شاھىد ۋە زالىم پادىشاھنىڭ قەسىرىنى ئېلىش ئۈچۈن غەزنىگە كەلدى. سۇلتان بەھرام شاھ ئالدىراق قېچىپ كەتكەندى. ھېچكىمنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولالمىغان، بەلكى ئەلەم چەككەن بۇ ئىككى شاھىد ئۈچۈن غەزنىنى تالاشقا بۇيرۇدى ۋە مەھمۇد مەسئۇد ھەمدە ئىبراھىم تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلدى. ئۇلار ھەققىدىكى مەدھىيىلەرنى ئالتۇن پۇلغا سېتىۋېلىپ خەزىنىگە قويدى.

لەشكەر ئىچىدە ۋە شەھەردە ئۇلار -

① مازى — ئۆتكەن زامان، ئۆتكەندىكى دەۋر.

نىڭ نامىنى ئاتاشقا ھېچكىم جۈرئەت قى-
لالمىدى. پادىشاھنىڭ ئۆزى ئەبۇلقاسىم
فىردەۋسىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقار ئىدى!

گۆدەك ئانا كۆكسىن تەرك ئەتكەن زامان
«مەھمۇد»دەپ ئەيلىگەن ئىدا شۇ ھامان.
قامىتى پىل مىسال، جانى جەبرائىل،
تۇرقى ياز بۇلۇتى، دىلى خۇددى نىل.
جاھاندار مەھمۇد شاھ دەۋرىدە بىر ئۆي،—
ئىچرە تىنچ ياشايدۇ بۆرى بىلەن قوي.

ھەممە ئەقىللىق كىشىلەر بىلىدىكى
دۇنيادا مەھمۇدنىڭ شان-شەۋكىتىدىن ھېچ-
نەرسە قالغىنى يوق. فىردەۋسىنىڭ ھۆرمى-
تى ۋە نەزمىلىرى بولسا، ھامان ساقلىنىپ
تۇرۇپتۇ! ئەگەر سۇلتان مەھمۇد شۇلارنى
بىلگەندە ئىدى، بۇ ئالىيجاناب كىشىنى
كەمسىتمىگەن ۋە مەيۈسلەندۈرمىگەن
بولاتتى!

## شائىر ۋە شېئىرنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدىكى پەسىل

شائىرنىڭ روھى پاك، پىكرى كەڭ،
تەبىئىتى يېقىملىق، كۆڭلى تۈز ۋە زېھنى
ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك. ئۇ يەنە تۈرلۈك
پەنلەردىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. ھەر
خىل ئادەتلەر بىلەن تونۇشقان بولۇشى
لازىم. چۈنكى، شېئىر ھەر بىر ئىلىمغا مۇ-
ۋاپىق كېلىشى ۋە ھەر خىل ئىلىم شېئىر-
دا ئىپادە قىلىنىشى مۇمكىن.
شائىر مەجلىسلەردە شېرىن سۆزلۈك
ۋە دوستلار ئولتۇرۇشلىرىدا ئوچۇق كۆڭۈل
بولۇشى لازىم. شېئىرلىرى بولسا ھايات
سەھىپىسىدە مەڭگۈ قالىدىغان، پاك تەبىئەت-
لىك كىشىلەر تىلىدىن چۈشمەيدىغان، با-
يازلارغا يېزىلىدىغان ۋە شەھەرلەردە ئوقۇ-
لىدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولۇشى لازىم.
شېئىردىن كۆزلىنىدىغان مۇھىم مەقسەت
ۋە بۈيۈك نىيەت بۇ نامنى ئەبەدىيلەشتۈ-
رۈشتىن ئىبارەت. شېئىر ئوقۇلمىسا، ھەم
كۆچۈرۈلمىسە، بۇ مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ.
بۇ دەرىجىگە يەتمىگەن شېئىرنىڭ تەسىر
كۈچى بولمايدۇ. ئەگەر شېئىرنىڭ ئۆزى
مەڭگۈلۈككە ئىگە بولمىسا، ئۇ قانداقمۇ
باشقا كىشىلەرنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرە-
لىشى مۇمكىن؟!
ئەگەر شائىر ياشلىق مەزگىلىدە ۋە
يىگىتلىك دەۋرىدە، ئۆتكەن شائىرلارنىڭ
شېئىرلىرىدىن 20 مىڭ بېيىتنى خاتىرىسىدە
تۇتمىسا، زامانداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن
10 مىڭ بېيىتنى يادقا بىلمىسە، ئۇستاز-
لارنىڭ دىۋانىنى داۋاملىق ئوقۇمىسا،
سۆزنىڭ نازۇك تەرەپلىرى ۋە قىيىن جاي-
لىرىنى قانداق يول بىلەن ھەل قىلغانلىق-
لىرىنى ئۆگەنمىسە، بۇنداق يۇقىرى سەۋىيى-
گە يېتەلمەيدۇ ھەمدە شېئىر خىللىرى
ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپمايدۇ.
شېئىرنىڭ ساز ياكى نۇقسانلىق تەرەپلىرى
ئەقىل سەھىپىسىدە ئۆز ئەكسىنى كۆرسەت-
مەيدۇ. سۆزلىرى يۈكسەكلىككە، ئۆزى
بولسا ماھارەتكە يۈزلەنمەيدۇ.
ھەركىمنىڭ شېئىرغا بولغان ئىنتىلىشى
كۈچلۈك، سۆز ئىشلىتىشى راۋان بولسا، ئۇ
شېئىر ئىلمىنى ئۆگىنىشكە، ئەرۇز ۋەزنىنى
ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇستاز ئەبۇل ھەسەن
ئەسسەرەخسى ئەلبەھرامىنىڭ «غايەتەلئەرۇ-
زەيىن» ئەسىرىنى ھەمدە «كەنزۇل قاپىيە»،
«نەقدى مەئانىي»، «نەقدى ئەلفاز»،

«سەرىقات» ۋە «تەراجىم» كىتابلىرىنى
مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر پەننىڭ ھەر
بىر تۈرىنى ئاشۇ پەننى ياخشى بىلگۈچى
ئۇستاز قولىدا، ئۆزى ئۇستازلىق دەرىجە-
سىگە يەتمىگۈچە، يۇقىرىدا بىر ساناپ ئۆت-
كەن ئۇستازلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ نامىمۇ
ھايات سەھىپىسىدە پەيدا بولمىغۇچە تەلىم
ئېلىشنى توختاتمايدۇ. ئۇ ئۆز ھامىيسى
ۋە مەدھىيىسىدىن نېمىنى ئالغان بولسا،
ئۇلارنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش بىلەن
بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ، پادىشاھمۇ شائىرلار-
نىڭ خىزمىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە
ئۆزلىرى شائىرنىڭ مەدھىيىسىدىن شۆھرەت
تېپىشى ئۈچۈن شائىر بولغۇچىنىڭ تەربى-
يىسىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.
ئەگەر شائىر بۇ سەۋىيىگە يەتمىگەن
بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇل چىقىم قىلىشقا
ۋە شېئىرلىرىغا ئىلتىپات قىلىشقا ھەم ئەر-
زىمەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇ قېرىپ كەتكەن بول-
سا! مەن بۇ ئىشنى كۆپ تەكشۈرۈپ كۆر-
گەنمەن. بۇ دۇنيادا قېرى شائىردىنمۇ
بەتەرراقىنى كۆرمىگەنمەن، ئۇنىڭغا بېرىل-
گەن پۇلدىنمۇ ئارتۇق زايە كەتكەن پۇل
بولمايدۇ. ئەللىك يىل ئىچىدىمۇ مېنىڭ
ئېيتقان گەپلىرىمنىڭ راستلىقىنى بىلىپ،
شۇ سەۋىيىگە يېتەلمىگەن يارامسىز كىشى
ئەمدى قايسى چاغدا يېتەلەيدۇ!؟
شائىر ياش بولۇپ، شېئىرلىرى ياخ-
شى بولمىسا، لېكىن قابىلىيەتلىك بولسا،
ئۇنىڭ ياخشى شائىر بولۇشىغا ئۈمىد باغلى-
سا بولىدۇ. ئالىيجانابلىق قائىدىسى بويىچە
بۇنداق شائىرنىڭ تەربىيىسىگە كىرىشىش
ۋاجىپ، ئۇ ھەقتە قايغۇرۇش پەرز، مېھرى-
بانلىق كۆرسىتىش شەرتتۇر!
پادىشاھنىڭ ئالدىدا بەدىھە① ئېيتىش-
تىنمۇ ياخشىراق نەرسە يوق! بەدىھە بىلەن
پادىشاھنىڭ كۆڭلى شاد بولىدۇ. مەجلىسلە-
رى قىزىيدۇ، شائىر بولسا، مەقسىتىگە يې-
تىدۇ. بەدىھە ئېيتىش ۋە تېز شېئىر ئوقۇش
بىلەن سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە رۇدا-
كىي ئېرىشكەن بەختكە ھازىرغىچە ھېچ-
كىم ئېرىشكەن ئەمەس!

## سەككىزىنچى ھېكايەت

خىزىر ئىبن ئىبرايىم زامانىدا
خاقانىيلار مۈلكى يۈكسەك يېڭىلىق ۋە
كۈچلۈك سىياسەتكە ۋە قۇدرەتكە ئېرىش-
كەنىدى. پادىشاھ ئەقىللىق، ئادالەتلىك ۋە
يۇرتنى ئاۋات قىلغۇچى ئىدى. ماۋەرائۇن-
نەھرى ۋە تۈركىستان ئۇنىڭ قول ئاستىدا
بولۇپ، خۇراسان تەرەپتىن كۆڭلى تىنىچ
ئىدى. ئارىدا قېرىنداشلىق، دوستلۇق
بىتىملار مەۋجۇت ئىدى.
دۆلەتنىڭ شانۇ-شەۋكىتىدىن بىر نى-
شانە شۇ ئىدىكى، ئۇ ئاتقا مىنىپ كېتىۋات-
قان پەيتتە، باشقا قوراللاردىن تاشقىرى يەتتە
يۈز ئالتۇن-كۈمۈش گۇرزىنى ئۇنىڭ ئال-
دىدا كۆتۈرۈپ باراتتى. ئۆزى بولسا،
شائىرلارنى سۆيەتتى. ئۇستاز رەشىدىي،
ئەمىر ئەمئەق، نەجىبىي پەرغانىي، نەج-
جار ساغەرجىي، ئەلى بانىزىي، پىسارى
دەرغۇش، پىسارى ئىسفەرانىي ۋە ئەلى

---

① بەدىھە — تەييارلىقسىز سۆزلەنگەن ھازىر جاۋاب شېئىر.

سىپىھرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە قىممەتلىك ئىنئاملار ئالغان ۋە ياخشى تەقدىرلەنگەندى.

ئەمىر ئەمئەق بولسا، ئەمىرۇششۇئەرا① ئىدى. ئۇ دۆلەتتىن يۈكسەك ئىلتىپات كۆرگەن ۋە كاتتا زىبۇزىننەتكە شۇنداقلا تۈرك غۇلاملىرى، گۈزەل كېنىزەكلەر، چاپقۇر ئاتلار، ئالتۇن بېزەكلەر، ھەشەمدار لىباسلار ۋە باشقا سانسىز جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرگە ئىگە بولدى. پادىشاھ مەجلىسىدە كاتتا ئىھتىرامغا ئىگە ئىدى. باشقا شائىرلارمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ ئۇستاز رەشىدىينىڭمۇ باشقىلاردەك بولۇشىنى خالايتتى، بىراق مۇۋەپپەق بولالمايتتى.

رەشىدى ياش بولسىمۇ، دانىشمەن كىشى ئىدى. بۇ سەنئەتتە ئۇنىڭ ھامىيىسى سىتتى زەينەپ بولۇپ، خىزىرخان ھەرىمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ پەرمانىدا ئىدى. پادىشاھقا يېقىن سىرداش ئىدى. ئۇ رەشىدىينى پادىشاھقا ماختايتتى ۋە پەزىلىتىنى تىنماستىن سۆزلەيتتى. نەتىجىدە رەشىدىينىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كېتىپ، ئۇ «سەييىدۇششۇئەرا»② دېگەن لەقەمنى ئالدى. پادىشاھتىمۇ ئاڭا نىسبەتەن ئىشەنچ ھاسىل بولدى ۋە ئۇنى قىممەتلىك ھەدىيەلەر بىلەن تەقدىرلەپ تۇردى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى رەشىدى [ئوردىغا] تېخى كەلمىگەن پەيتتە پادىشاھ ئەمئەقتىن: «ئەبدۇسسەييىد رەشىدى شېئىرلىرى ھەققىدە قانداق پىكىردىسەن؟» دەپ سورىدى. ئەمئەق ئۇنىڭغا: «شېئىرلىرى ناھايىتى راۋان ھەم ياخشى يېزىلغان. لېكىن سەل تۇزى كەمرەك!» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن سەل ۋاقىت ئۆتەر-ئۆتمەستىنلا رەشىدى كىرىپ كەلدى ھەم تازىم قىلىپ جايىغا ئولتۇرماقچى بولغانىدى، پادىشاھ ئۇنى ئالدىغا چاقىردى-دە، پادىشاھلارغا خاس ئادەت بىلەن كۈشكۈرتىش نىيىتىدە: «رەشىدىينىڭ شېئىرلىرى قانداق، دەپ ئەمىرۇششۇئەرادىن سورىغانىدىم، ئۇ: «ياخشى، ئەمما تۇزسىز» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭغا قارىتا سېنىڭمۇ بىر-ئىككى بېيىت ئېيتىشىڭغا توغرا كېلىدۇ»، -دېدى.

رەشىدى تازىم قىلىپ، جايىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى ۋە بەدىھە تەرزىدە مانا بۇ قىتئەنى ئېيتتى:

مېنىڭ شېئىرلىرىمنى تۇزى يوقلۇقتا،
ئەيىپكە بۇيرۇپسەن، بۇ راس بىگۇمان!
شېئىرلىرىم شەكەرۇ ھەسەل كەبىدۇر،
ھەسەلۇ، شەكەردە تۇز بولسا يامان!
سېنىڭكى شالغامۇ③، لاۋىيە④كەبى،
تۇز، دېمەك سەن ئۈچۈن كېرەك، ئەي نادان!

يۇقىرىدىكى قىتئە پادىشاھقا ياقتى.

ماۋەرائۇننەھرى ئۇلۇغلىرى سارىيىدا شۇنداق بىر ئادەت رەسمىيلەشكەن ئىدىكى، پادىشاھ مەجلىسىدە ياكى باشقا يىغىلىشلاردا ئالتۇن ياكى كۈمۈش سېلىنغان تاۋاقنى مېھمانلار ئالدىغا ئېلىپ كېلىشەتتى. بۇنى «كۈمۈش تاقىمۇ ياكى جۈپمۇ» دەپ ئا-

---

① ئەمىرۇششۇئەرا — شېئىرىيەت پادىشاھى، شائىرلار سۇلتانى.
② سەييىدۇششۇئەرا — شېئىرىيەت خوجىسى، شېئىرىيەت پېشۋاسى، شائىرلار ئۇستازى.
③ شالغام — چامغۇر.
④ لاۋىيە — تاماققا ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

تىشاتتى. خىزىرخاننىڭ مەجلىسىنىڭ ھەر-
بىردە ئىككى يۈز ئەللىك دىناردىن بول-
غان تۆت تاۋاقتا قىزىل ئالتۇن قويۇلغان
ۋە بىر سىقىمدىن تەقسىم قىلىنىدىغانىدى.
بۇ قېتىم ھەر تۆتىلا تاۋاقنى پۈتۈنلەي
رەشىدىيگە بېرىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ ھۆر-
مەت ۋە شۆھرىتى ئېشىپ كەتتى. چۈنكى
ئۇ ياكى بۇ ئىجادكارنىڭ ھامىيسى ئۇنىڭ
ياخشى ئەسەرلىرى تۈپەيلى مەشھۇر بولسا،
شائىر ئاشۇ ھاكىمنىڭ ئەتىۋارلىشى ۋە ئىنى-
ئامى بىلەن ئەلگە تونۇلىدۇ. بۇ ئىككى
نەرسە بىر-بىرى بىلەن ئۆزئارا باغلىقتۇر.

## توققۇزىنچى ھېكايەت

ئۇستاز ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى تۇس
دېھقانلىرىدىن بولۇپ، تەبەران ناھىيىسى-
نىڭ «باج»دەپ ئاتىلىدىغان قىشلىقىدىن
ئىدى. بۇ ناھايىتى چوڭ قىشلاق بولۇپ
ئۇ يەردىن مىڭلاپ ئەسكەر چىقاتتى.
فىردەۋسى قىشلاقتا ھەممە نەرسىگە ئىگە
ئىدى. يەر ۋە سۇيىدىن كېلىدىغان دارامەت
تۈپەيلى ئۆزىگە ئوخشىغانلارغا قارام ئە-
مەس ئىدى. بىرلا قىزىدىن باشقا پەر-
زەنتى يوق ئىدى. ئۇ «شاھنامە» نى
نەزمە بىلەن يازار ۋە پۈتۈن ئۈمىدى
كىتابىدىن كېلىدىغان ھەدىيە بەدىلىگە قى-
زىنىڭ غېمىنى ھازىرلاش ئىدى.

فىردەۋسى كىتابنى تۈگىتىش ئۈچۈن
يىگىرمە يىل تەر تۆكتى. راستىنلا يې-
زىلمىغان ھېچنەرسىمۇ قالمىدى. سۆز شۆھ-
رىتىنى ئەرشئەلاغا يەتكۈزدى. لەززەتتە
بولسا، زىلال سۇغا ئوخشاش قىلدى.
ئاخىر قايسىبىر قەلەم ساھىبى سۆزنى
شۇ قەدەر يۇقىرى دەرىجىگە يەنى «زال»
نىڭ مازەندەرانغا — سام نارىمانغا خەۋەر
يوللاپ، ئۆزىنىڭ كابۇن شاھىنىڭ قىزى
رۇدابە ئىتتىپاقچى بولۇش نىيىتىدە ئى-
كەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن مەكتۇپى-
دىكىدەك بۈيۈك سەۋىيىگە يەتكۈزەلىدى!
سام ئۈچۈن بىر مەكتۇپ يوللىدى دەرراۋ،

ئىچىدە لىق تولغان، خۇشخەبەر، ماختاۋ.
ئۆزى ئادىل، ئەمرى ئادىللىق بولغان،
تەڭرى نامىن قويۇپ، شۇنداق ئاتالغان.
«جەڭ ئىچىرە ئوق، ئاتىن يەلدەك ئۇچارغان،
كەركەسكە دۈشمەننىڭ قېنىن ئىچۈرگەن.
مەيداندا زەربىدىن كۆتەرگەن توزان،
بۇلۇتنىڭ باغرىدىن تۆككەن قارا قان.
مەردلىك ئارا مەردلىك كۆرسىتەلىگەن مەرد،
مەردلىك بىلەن بېشى بولغان سەر بەلەند.
قىلچۇ ساۋۇتۇ قالقان ئىگىسى،
سامغا ياغسۇن تەڭرى لۇتفىن سەرەسى!

مەن پارس شېئىرىيىتىدە مۇنداق
گۈزەل شېئىر كۆرمىگەنمەن ۋە ئەرەب
نەزمىسىنىڭ كۆپچىلىكىدىمۇ!

فىردەۋسى «شاھنامە» نى يېزىۋاتقان
ۋاقتىدا ئەلى دەيلەم كاتىپى، ئەبۇ دولەف
راۋىيىسى ۋە تۇس ھاكىمى قۇتەيبە بولسا
ھامىيسى بولۇپ، فىردەۋسىگە ياردەم
بېرەتتى. ئۇ بۇ ئۈچ كىشىنىڭمۇ نامىنى
كىتابىدا زىكىر قىلىپ ئۆتىدۇ:

كىتابىمدا باردۇر شەھەر سەرەسى،
ئەبۇ دولەف، ئەلى دەيلەم ھەسسەسى!
ماختاش بىلەن مېنى ئەيلەدىلەر شاد،
شادلىقتىن يۈرىكىم بولاي دەر بەرباد!
ھۇيەيىيى قۇتەيبە-ساخاۋەتكە كان،
شېئىرىمنى بىكارغا تىڭشىماس بىر ئان.

يۇمشاق بولۇش ئۈچۈن ياسىنىپ ھەردەم.
سىلىق نېمە ئۆزى، بىلمىگەيمەن ھەم!

تۇس ھاكىمى ھۇيەيى قۇتەيبە شۇنچىلىك ياخشىلىقلارنى كۆرسەتكەنكى، ھەتتا فىردەۋسىنى بارلىق سېلىقلاردىن ئازاد قىلدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ نامى تاكى قىيامەتكىچە باقىي قالدۇ ھەم كېيىنكى پادىشاھلىرى ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالدۇ.

شۇندىن كېيىن ئەلى دەيلەم «شاھنامە»نى يەتتە جىلد قىلىپ كۆچۈردى. فىردەۋسى ئەبۇ دولەفنى ئېلىپ پايتەخت غەزنە تەرەپكە ئاتلاندى ۋە كەلگىنى ھەققىدە ئۇلۇغ خوجا ئەھمەدى ھەسەن كاتىپ ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ، قوبۇلغا ئىجازەت ئالدى، سۇلتان مەھمۇدنىڭ خوجىغا قارىتا مايىللىقى بار ئىدى. ئەمما خوجىنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار دائىما خوجىنىڭ ئابروي قەدەملىرىگە ئىغۋا توپىسىنى چاچاتتى. مەھمۇد ئاشۇ دۈشمەن جامائەت بىلەن مەسلىھەت قىلىپ: «فىردەۋسكە نېمە بېرىمىز» دەپ سورىدى. ئۇلار شۇنداق جاۋاب بېرىشتى «ئەللىك مىڭ دەرھەم! بۇمۇ ئۇنىڭغا كۆپلۈك قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ مۇئتەزىلى① مەزھەپ ۋە رافىزىيدۇر② ئۇنىڭ مانا بۇ بېيىتلىرى مۇئتەزىلىكىگە دەلىلدۇر:

ياراتقۇچى زاتىنى كۆرمىگەچ كۆزلۈك،
ئىككى كۆزلۈك مۇنچە قىينىما ئۆزلۈك.

ئۇنىڭ رافىزىيلىكىگە بولسا، مانا بۇ بېيىتلار دەلىلدۇر:

دۇنيانى دېڭىزدەك يارىتىپ دانا،
دولقۇن سالدى ئاڭا باددىن ھامانا.
ئۇندا يەتمىش دانە كېمە ياساركەن،
ھەر بىر كېمىسىدە كۆتەردى يەلكەن.
ئىچىدە بىر كېمە — كېلىنىنىڭ ئۆزى،
چىرايىدا گوياكى ئاھۇنىڭ كۆزى!
ئۈستىدە پەيغەمبەر ۋە ئەلى تۇرار،
ئەۋلادى يېنىدا قاتار ئولتۇرار.
جەننەتكە چۈشمەكنى ئەيلىسەڭ خىيال،
نەبى ۋە ئەلىنىڭ يېنىدىن جاي ئال!
زەرەر كۆرسەڭ ئەگەر مەن ئەيىبدار،
بۇ يول، مېنىڭ يولۇم، قوي بىلىپ زىنھار!
شۇنداق تۇغۇلدىمۇ، شۇنداق ئۆلەرمەن،
ئەلىنىڭ بىل، خاكى پايى بولارمەن!

سۇلتان مەھمۇد مۇتەئەسسىپ كىشى بولۇپ، بۇ بوھتان ئاڭا دەرھال تەسىر قىلدى ۋە راستتەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئاخىرى فىردەۋسكە يىگىرمە مىڭ دەرھەم پۇل ئەۋەتتى. فىردەۋسى بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدى. ھاممامغا كىرىپ قايتىپ چىقىۋېتىپ، بوزا ئىچتى ۋە ئەۋەتىلگەن كۈمۈش پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بوزىچى بىلەن ھاممامچىغا بۆلۈپ بېرىۋەتتى.

فىردەۋسى مەھمۇدنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى ياخشى بىلەتتى. كېچىدە غەزنىدىن يۈرۈپ كەتتى. ئەزرەقىينىڭ ئاتىسى ئىسمائىل ۋەرراھنىڭ ھىراتتىكى دۇكىنىغا كېلىپ چۈشتى. مەھمۇدنىڭ كىشىلىرى تۇس دېگەن يەرگە ئىزدەپ كېلىپ، يەنە قايتىپ كەتكۈچە ئىسمائىل ۋەرراھنىڭ ئۆيىدە ئالتە ئاي يوشۇرۇنۇپ تۇردى.

فىردەۋسى خەتەردىن قۇتۇلغانلىقىنى

① مۇئتەزىلى — ئىسلام دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ نامى («ئايرىمىچى، بۆلۈنگۈچى» دېگەن مەنىگە ئىگە.

② رافىزىي — شىئە مەزھىپىدىكى كىشى.

سىزىپ، ھىراتتىن يەنە تۇس دېگەن يەرگە
يۈرۈپ كەتتى. «شاھنامە» نى ئېلىپ
تەبەرىستانغا — باۋەند سۇلالىسىدىن بولغان
شەھرىيار ھۇزۇرىغا راۋان بولدى. شەھرىيار
بولسا تەبەرىستان پادىشاھى ئىدى. بۇ ئۇ-
لۇغ سۇلالىنىڭ نەسلى يەزدىگەرد شەھرىيارغا
بېرىپ تاقىلىدۇ. فىردەۋسى كىتابىغا يۈز
بېيىت كىرىش سۆز يېزىپ ئۇنىڭغا مەھ-
مۇدنى ھەجۋىي قىلدى ۋە شەھرىيارغا
ئوقۇپ بەردى. كېيىن ئۇنىڭغا: «مەن بۇ
كىتابنى مەھمۇدقا ئەمەس، ساڭا بېغىش-
لايمەن، چۈنكى ئۇنىڭدىكى ھېكايە، رىۋايەتلەر
سېنىڭ بوۋىلىرىڭ ھەققىدىدۇر!» دېدى.

شەھرىيار ئاڭا كۆپ مېھرىبانلىقلار-
نى كۆرسەتتى. ئاخىرىدا: «ئەي ئۇستاز!
مەھمۇدنىڭ كىشىلىرى مەھمۇدنى ئالداشقان،
كىتابىڭنى بۇزۇپ كۆرسىتىشكەن، ساڭا
تۆھمەت قىلىشقان! بۇنىدىن تاشقىرى
سەن ھەققەتەنمۇ شىئە مەزھىپىدىكى ئا-
دەمسەن، كىمكى پەيغەمبەر ئەۋلادىغا مېھىر
قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يېتەل-
مىگەندەك، مۇنداق كىشىمۇ دۇنيا ئىشلىرى-
دا ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ! مەھمۇد
مېنىڭ ھۆكۈمدارىم، كىتابنى ئۇنىڭ نامىدا
قالدۇرۇۋەر! ھەجۋىينى ماڭا بەر، مەن ئۇنى
يىرتىپ تاشلاي، سېنىڭ بۇ ئىشىڭغا بىرەر
نەرسە بېرىمەن! مەھمۇد سېنى يەنە ئەل-
ۋەتتە چاقىرتىدۇ. سېنى رازى قىلىدۇ. كى-
تاب ئۈچۈن چەككەن زەخمەتلىرىڭ بىكار
كەتمەيدۇ»، - دېدى.

بىر كۈنى ئۇ فىردەۋسىگە تۆۋەندى-
كى سۆزلەر بىلەن يۈزمىڭ دەرھەم ئەۋەت-
تى: «ھەر بىر بېيىتىڭ ئۈچۈن مىڭ
دەرھەم تۆلىدىم. ئۇشبۇ يۈز بېيىتىڭنى
ماڭا ئەۋەتكىن ۋە كۆڭلۈڭنى مەھمۇدقا
نىسبەتەن بولغان ئاداۋەتتىن پاك قىل!»

فىردەۋسى بېيىتلىرىنى ئۇنىڭغا ئە-
ۋەتىپ بەردى. شەھرىيار بۇ بېيىتلارنى
يوقىتىشقا بۇيرۇدى. فىردەۋسىمۇ ئۇنىڭ
قارىلىمىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. شۇنداق قى-
لىپ بۇ ھەجۋىيە تامامەن يوقالدى. ئۇلار-
دىن پەقەت ئالتە بېيىتلا ساقلىنىپ
قالغان.

ئەيىبلەپ دېدىلەر: «ئەقلىدىن ئازغان،
نەبىيۇ ئەلىنى ئۇيلاپ قارىغان!»
سۆيگۈمنى راستىنلا قىلسام ھېكايەت،
ئۇنىڭدىن يۈز مەھمۇد تاپار ھىمايەت.
ئاتىسى بولسا ھەم ھەتتا شەھرىيار،
ئەسلى قولدىن چىقماس ياخشىلىق زىنھار!
بۇ ھەقتە قانچىلىك سۆزلىسەم، بىراق،
سۆزۈمگە دېگىزدەك ھەد يوق، نە قىرغاق!
ياخشىلىق بولغاندا پادىشاھ ئىشى،
لازىم ئىدى ماڭا تەختىن بېرىشى.
زاتىدا ئۇلۇغلۇق بولمىغاچ ئۇنىڭ،
قانداق بىلسۇن ئۇلۇغ كىشى قەدرىنى؟!

دەرۋەقە، شەھرىيار مەھمۇد ئۈچۈن
بۈيۈك بىر ئىش قىلدى. مەھمۇد بۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدار
بولۇشى لازىم!

مەن بەش يۈز تۆتىنچى يىلى
(1120 — 1121) نىشاپۇردا مۇئىززىيدىن
تۆۋەندىكىلەرنى ئاڭلىدىم، ئۇ ماڭا شۇنداق
دېدى، تۇس دېگەن يەردە ئەبدۇرەززاق
ماڭا شۇنداق ھېكايە قىلىپ بەردى: مەھ-
مۇد ھىندىستاندا بىر نەچچە مۇددەت
بولغاچ، ئۇ يەردىن قايتىپ، غەزنە تەرەپ-
كە قاراپ يولغا چىققاندى. لېكىن يولدا
مۇستەھكەم قەلئەگە جايلاشقان بىر ئىسيان-
چى بارلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى. مەھمۇد
بولسا ئەتىسى دەل شۇ قەلئە ئالدىغا چۈ-

شۇشنى كۆزلىگەنىدى. ئۇ ئىسيانچىنىڭ ئالدىغا: ئەتە ھەدىيىلەر بىلەن ھۇزۇرىمىزغا كەل، قوبۇل كۆرۈشمىزگە ئىگە بولۇپ خىزمىتىمىزنى قىل. ئىنئام تونلىرىنى كىيىپ، يەنە قايتىپ كېتەرسەن!، — دەپ ئەلچى ئەۋەتتى.

ئەتىسىگە مەھمۇد ئوڭ تەرىپىدە ئۇلۇغ خوجا بىلەن ئولتۇرغان بىر پەيتىدە ئەلچى قايتىپ كەلدى ۋە سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كىلىپ تۇرۇپ، ۋاقىئەنى ئېيتتى، سۇلتان ئۇلۇغ خوجىدىن: «نېمە دەپ جاۋاب قىلىمىز؟» دەپ سورىدى. خوجا فىردەۋسىنىڭ مانا بۇ بېيىتىنى ئوقۇدى:

بولماسا رايىمغا لايىق بىر جەۋاب،
مەنۇ گۇرزى، مەيدانۇ ئەفراسىياب!

مەھمۇد خوجىدىن: «كىشىدە مەردلىك ئويغىتىدىغان بۇ بېيىت كىمنىڭكى؟» — دەپ سورىدى. خوجا: «بىچارە ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭكى، ئۇ يىگىرمە يىل جاپا چەكتى. شۇنداق كىتابنى تۈگەتتىبۇ ئەمما مېۋىسىنى كۆرمىدى!»، — دېدى. شۇ چاغدا مەھمۇد: «بۇ ھەقتە ئەسلىتىپ ياخشى ئىش قىلدىڭ. ئۆزۈممۇ بۇ ئىشىمدىن پۇشايمان قىلغانمەن. ئۇ ئالىيجاناب زاتنى ھەقتىن بىھۇدە مەھرۇم قىلدىم! غەزنىدە يادىمغا سال. مەن ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ئەۋەتىمەن!» — دېدى.

غەزنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خوجا ئاشۇ گەپنى مەھمۇدنىڭ سەمىگە سالدى. سۇلتان ئۇنىڭغا: «ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۈچۈن يىگىرمە مىڭ دىنار ھەق ئاجرىتىشقا تاپشۇرۇق بەر. ئۇنى مېنىڭ تۆگىلىرىم بىلەن تۇسقا ئېلىپ بارسۇن ھەم ئۇنىڭدىن ئۆزرە سورىسۇن!» — دېدى.

خوجا بىر قانچە يىللاردىن بۇيان شۇ مەقسەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلغانىدى، ئاخىرى ئۇنى ئەلا دەرىجىدە بەجا كەلتۈردى.

ئەۋەتكەن تۆگىلەر ھەدىيە بىلەن سالامەت تەبەران دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. لېكىن تۆگىلەر رودبار دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان ۋاقىتتا فىردەۋسىنىڭ جەسىتىنى رازۇن دەرۋازىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقانىدى.

تەبەراندا بىر روھانىي كىشى بولۇپ، شۇ كۈنى ئۇنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى تۇتۇپ، كىشىلەرگە: «مەن ئۇنىڭ مۇردىسىنى مۇسۇلمانلار قەبرىستانىغا ئېلىپ بېرىشقا يول قويمايمەن. ئۇ رافىزىيدۇر!» — دېدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قانچىلىك چۈشەندۈرۈپ ئېيتسىمۇ، بەرىبىر قۇلاق سالمىدى. دەرۋازا ئارقىسىدا فىردەۋسىگە قاراشلىق بىر باغ بار ئىدى. ئۇنى ئاشۇ باغ ئىچىگە دەپنە قىلىشتى. فىردەۋسىنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ شۇ يەردە. مەن ئۇنىڭ خاكىنى ھ. 510 - 1116 — 1117) يىلى زىيارەت قىلغانمەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فىردەۋسىدىن بىر ئالىيجاناب قىز قالغان بولۇپ، ھەدىيىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرماقچى بولۇشقان. ئەمما قىز ھەدىيىنى قوبۇل قىلمىغان، قىز: «مەن بۇ نەرسىگە موھتاج ئەمەسمەن»، — دېگەن. ھەدىيە ئېلىپ بارغۇچى ئۆز خوجىسىغا بۇ ھەقتە خەۋەر يەتكۈزدى. خوجا بۇ ئەھۋالنى سۇلتاننىڭ ئۆزىگە مەلۇم قىلدى. سۇلتان ھېلىقى روھانىينى بىمەنىلىكى ئۈچۈن ئۆز مۈلكىنى قالدۇرۇپ، تەبەراندىن چىقىپ كېتىشكە، تىز چېگرىسىدىكى نىشاپۇر ۋە مەرۋىگە ماڭىدىغان يول بېشىغا بولسا، راباتى چاھە مەسچىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ھەدىيىنى خوجا

ئەبۇ بەكرى كەررامىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە
ئەمرى قىلدى.
پەرمان تۇسقا يېتىپ كەلگەن هامان،

ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىندى. «راباتى چاهە»
مەسچىتى شۇ پۇلغا قۇرۇلغان.

**ئونىنچى هېكايەت**

بۇ كەمىنە پادىشاھ جەبالنىڭ خىز-
مىتىدە بولغان ۋاقىتلىرىدا... ئۇ بۈزرۈك-
ۋارنىڭ ماڭا نىسبەتەن ئىشەنچىسى كۈچ-
لۈك، تەربىيىسگە بولسا، هىممىتى يۇقىرى ئىدى.
بىر كۈنى بەلخ شەھرىدىكى ئۇلۇغ-
لاردىن بىرىنىڭ پەرزەنتى ئەمىر سەفى-
ئۇددىن ئەبۇ بەكرى مۇهەممەد ئىبن ئەل-
هۇسەيىن ئەررەۋان شاهى...روزا هېيت
كۈنى پەزىلىتى بىلەن مەشهۇر، ياخشى
دەبىر، ماهىر خەزىنىچى، ئەدەب ۋە ئۇ-
نىڭ مېۋىلىرىدىن بەهرىمەن، دىللارغا ياق-
قان ۋە تىللاردا ماختالغان يىگىت ئىدى.
مەن ئۇ چاغدا خىزمەتتە هازىر ئەمەس ئىدىم.
زىيارەت مەجلىسى باشلانغاندا پادى-
شاھ: «نىزامىينى چاقىرىڭلار!»- دەپتۇ.
شۇ چاغدا ئەمىر سەفىئۇددىن: «نىزامى
شۇ يەردىمۇ؟»، - دەپ سوراپتۇ. «هە»-
دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ، ئاڭا. ئۇ مېنى
نىزامى مۇئىزى دەپ ئويلىغانىكەن. شۇ
چاغدا ئۇ: «نىزامى ياخشى شائىر ۋە
مەشهۇر كىشى»، - دەپتۇ.
خادىم كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلغاندىن
كېيىن ئۆتۈكۈمنى كىيدىم. مەجلىسكە
كىرىپ تازىم بەجا كەلتۈردۈم - دە، جايىمغا
بېرىپ ئولتۇردۇم. قەدەهلەر بىرقانچە قې-
تىمدىن ئايلانغاندىن كېيىن، ئەمىر ئەمىد
«نىزامى كەلمىدىمۇ؟» - دەپ سورىدى.
پادىشاھ جەبال: «كەلدى، ئەنە ئولتۇر-
رىدۇ»،- دەپ جاۋاب بەردى. شۇ چاغدا
ئەمىر ئەمىد: «مەن بۇ كىشىنى ئەمەس،
باشقا نىزامىينى دەۋاتىمەن، مەن بۇ نى-
زامىينى هەتتا تونۇمايمەن!» - دېدى.
شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ رەڭگىنىڭ
ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆردۈم. شۇئان ئۇ ماڭا
قايرىلىپ: «سەندىن باشقا نىزامىيلارمۇ
بارمۇ؟» — دەپ سوراپ قالدى. «هە، ئا-
لەم پەناه! — دەپ جاۋاب بەردىم ئۇنىڭغا.
يەنە ئىككى نىزامى بار: بىرى سەمەر-
قەندلىك بولۇپ، ئۇنى نىزامى مۇئىزى
دېيىشىدۇ. يەنە بىرى نىشاپۇرلۇق بولۇپ،
ئۇنى نىزامى ئەسىري دېيىشىدۇ. كەمى-
نەنى بولسا نىزامى ئەرۇزى دەپ ئاتاي-
دۇ». پادىشاھ شۇندىن كېيىن: «سەن
ئۆتكۈرمۇ؟ ياكى ئۇلارمۇ؟»-دەپ سورىدى.
ئەمىر ئەمىد شۇچاغدىلا ئۆزىنىڭ ئورۇن-
سىز گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى، بۇ هالدىن
پادىشاھنىڭ رەنجىگەنلىكىنى سېزىپ،
دەرهال: «ئەي پادىشاهىم، مەن بىلگەن
ئىككى نىزامى ئۇرۇشقاق هەم يېڭىلتەك،
مەمەدانلىقلىرى بىلەن مەجلىسلەرنى بۇزۇپ،
زىيان كەلتۈرگۈچى كىشىلەردۇر»- دېدى.
شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىر ئاز يۇمشىغان-
دەك كۆرۈنۈشتە: «ئالدىرىما، بۇمۇ بەش
قەدەھ سەكىي① شارابىدىن ئىچسە، مەجلىس-
لەرنى قانداق بۇزىدىغانلىقىنى كۆرىسەن!
ئەمما، هەر هالدا بۇ ئۈچ نىزامىيدىن
قايسىبىرى ياخشىراق؟» — دېدى.
ئەمىر ئەمىد: «مەن ئۇ ئىككىسىنى
كۆرگەنمەن ۋە ياخشى تونۇيمەن. بۇ كىشىنى
بولسا ئىلگىرى كۆرمىگەنمەن ۋە شېئىرى-

① سەكىي — ئۇزاق قايناپ ئۈچتىن بىرى قالغان ئۆتكۈر شاراب.

نىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانمەن. ئەگەر ھازىر ئۇ يۈز بەرگەن ۋەقە ھەققىدە بىر - ئىككى بېيىت ئوقۇسا، مەن ئۇنىڭ شېئىردىنى ئاڭلاپ بېقىپ ئىستىبداتىنى كۆرۈپ، ئۈچەيلەندىن: قايسىبىرىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن» - دېدى.

پادىشاھ ماڭا قاراپ: «ئەي نىزامىي! ئاڭلىدىڭمۇ، بىزنى خىجالەتتە قالدۇرما، شېئىر ئېيتقىنىڭدىمۇ شۇنداق ئېيتقىنكى، ئەمىر ئەمەد ئويلىغىنىدەك بولسۇن!»-دېدى.

پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋاقىتلىرىمدا ئىستىبداتىم تېز سۈرئەتتە ئۆسكەن ۋە تەپەككۇرۇم ئەلا دەرىجىگە يەتكەنىدى. پادىشاھنىڭ ئىنئام ۋە ئېھسانى بولسا، مېنى شۇنداق دەرىجىگە يەتكۈزگەنىدىكى، بەدىھە ئېيتىش مەن ئۈچۈن ئاددىي بىر ئىشقا ئايلانغانىدى. مەن قەلەمنى ئالدىم ۋە قەدەھ ئىككى نۆۋەت ئايلىنىپ كەلگۈچە مانا بۇ بەش بېيىتنى يازدىم:

جاھاندا بىز ئۈچلا نىزامىيمىز شاھ،
بىز ھەقتە جار سالار جۈملەئى جاھان.
مەن ۋەرسەد ئىچرە شاھ تەختى ئالدىدا،
ئىككىسى مەرۋىدە، ھەمدەمى سۇلتان!
ئىككىسى سۆز ئىچرە بىزنىڭ كۆنلەردە،
خۇراسان ئېلىگە پەخرى بىگۇمان.
گەرچە ئۇلار جاندەك شېئىرلار يېزىشىپ،
ۋە ياكى ئاقىلدەك سۆزلىسە چاققان!
مەن بولسام شارابمەن، جەڭ ئىچرەكىرسەم،
ئىشقا قول ئۇرالماي ئىككىسى ھەيران!

مەن يۇقىرىدىكى بېيىتلىرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا ئەمىر ئەمەد سەفىئۇددىن تازىم قىلىپ دېدىكى: «ئەي پادىشاھ! ئۇ نىزامىيلارنى قوي! مەن ماۋەرائۇننەھرى، خۇراسان، ئىراق شائىرلىرى ئىچىدە بەش بېيىتلىك بەدىھەگە ئوخشىتىپ، كەم - كۈتىسىز، مەنىسى چوڭقۇر، شەكلى گۈزەل، لەتىپ سۆزلەر بىلەن تولغان، يېڭى پىكىرلەر بىلەن سۇغىرىلغان بۇنداق شېئىر ئېيتالايدىغان بىرەر ئىستىبدات ئىگىسىنى كۆرمىگەنىمەن. شاد بول، ئەي نىزامىي! يەر يۈزىدە سېنىڭ تەڭدىشىڭ يوق! ئەي پادىشاھ، ئۇنىڭ ئاجايىپ، ئىستىبداتى كۈچلۈك روھى ۋە تولۇق ماھارىتى بار! ئالەم پادىشاھىنىڭ ھامىيلىقى ۋە ئۇنىڭ ھىممىتى بىلەن ئىستىبداتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۇ نادىر كىشىگە ئايلىنىدۇ. بەلكى ئۇنىدىنمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇ تېخى ياش ۋە ئۆسۈپ بېرىۋاتىدۇ!»

ئالەم پاناھ پادىشاھنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ لەتىپ تەبىئىتىدە شادلىق ئالامەتلىرى نامايان بولدى. ماڭا تەھسىنلەر ئوقۇپ: «ۋەرسەد كانىدىن چىقىدىغان قوغۇشۇننى بۇ ھېيتتىن تاكى قۇربان ھېيتقىچە ساڭا بەردىم! ئۇ يەرگە ئۆز ۋەكالەتچىڭنى ئەۋەرتكىن!» - دېدى.

مەن شاھنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. ئىسھاق يەھۇدىنى ئەۋەتتىم. يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدىكى ئىشنىڭ تازا قايىنىغان ۋاقتى ئىدى. كۆپلەپ مەدەن ئېلىپ ئېرىتەتتى. يەتمىش كۈن ئىچىدە ئېلىنغان 12 مىڭ مەن ① قوغۇشۇنىدىن بەش قىسمى بۇ دۇئاگويغا (مۇئەللىپ ئۆزىنى دېمەكچى. ت) تەگدى. پادىشاھنىڭ ئېتىقادى بولسا، مەندەك بىر كىشىگە تېخىمۇ ئېشىپ باردى.

(بۇ ئەسەرنى ئىستىبداتلىق شەرقشۇناس مەھمۇد ھەسەنى پارسچە ئەسلى نۇسخىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئۆزبېكچىدىن: مەھمۇد زەيدى نەشرگە تەييارلىدى.)

① مەن — ئورنىغا قاراپ تۈرلۈك قىممەتكە ئىگە بولغان ئېغىرلىقنى ئۆلچىگۈچى بىر خىل ئۆلچەم.

# شائىر موللا سالىھ توغرىسىدا

مەھەممەت تۇردى مىرزىئەخمەت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر توپا - چاڭلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرى ئارقا - ئارقىدىن تېپىلىپ، ئۆز ھەقدارلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمەكتە. شۇلاردىن بىرى ھىجرىيىنىڭ 1272 - (مىلادىيىنىڭ 1855 -) يىلى موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك بىر قولىيازما بولۇپ، بۇ قولىيازما موللا ھەيدەر (تەخەللۇسى: مىسكىن)، موللا نىياز (تەخەللۇسى: نىيازى)، موللا سالىھ (تەخەللۇسى: سالىھى) قاتارلىق 3 نەپەر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ ئېپىك داستانلىرى ۋە بىر قىسىم لىرىك شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يىگانە قولىيازمىغا موللا سالىھنىڭ غەزەل، مەسنەۋى، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇستەھزاد ۋە كىچىك تىپتىكى ئېپىك شېئىرلاردىن بولۇپ جەمئىي 3500 مىسرا ئەتراپىدا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

بىز موللا سالىھنىڭ ئۆز شېئىرلىرىغا قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بەزى مەلۇماتلاردىن، ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى دەسلەپكى قەدەمدە يورۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇق.

سالىھى ئۆزىنىڭ «قىيامەت قەيۇمىنىڭ نامەلىرىنى ھەجۋى قىلغانلارنىڭ بەيانى» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدىكى بىر شېئىرىدا:

گەرچە تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز ئوندۇر بىلىڭ،

بارچەلەر ۋەئز ئەيلەدىم ئىشىتىپ ھەمە باۋەر قىلىڭ.»

دەپ يازغان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بۇ ئەسىرىنى ھىجرىيىنىڭ 1210 - (مىلادىيىنىڭ 1795 -) يىلى يازغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. شائىر «موللا سالىھنىڭ دوستلارىنىڭ بەيانى» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدىكى يەنە بىر شېئىرىدا بولسا،

«ۋەئدە ئولدۇركىم دېدۇك ئايرىلمالى ئۆلمەي تىرىك،

ياشىم ئەللىك ئۈچكە يېتىپ ئىشىتمەدۇق قاتتىق - يىرىك.»

دەپ يازغان. دېمەك شائىر بۇ شېئىرنى يازغان ۋاقتىدا 53 ياشقا كىرگەنلىكى مەلۇم. ئەگەر بۇ شېئىر بىلەن يۇقىرىقى يىلنامە كۆرسىتىلگەن شېئىرنى بىر يىلدا يېزىلغان دەپ قارىساق، شائىر سالىھى ھىجرىيە 1210 - يىلى 53 ياشقا كىرگەن بولىدۇ. ئۇ ھالدا، بىز شائىرنى ھىجرىيە 1157 - (مىلادىيە 1743 — 1742 -) يىللىرى تۇغۇلغان دەپ پەرەز قىلالايمىز.

شائىرنىڭ «موللا سالىھنىڭ ئۆز ھالىغە دېگەن بېيىتى» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىكى،

«يەتسە ماڭا بىر بۇيى ئەسەر قاشى قارادىن،

باقماسمە قاراقاش ئىلە بەلكى خوتەنىمگە.»

دېگەن مىسرالىرى ۋە «موللا سالىھنىڭ چىچەكنى ھەجۋىي قىلغانى» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىكى،

«ئەلچى يۇرۇتىبان قاراقاش بىلەن شەھەر،
بارچە قاراقاش ئەھلىغە ئول كۈنى يەتتىلەر خەبەر.»

دېگەن مىسرالىرىغا ئاساسەن، موللا سالىھنى خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىن دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. شائىر يەنە «موللا سالىھنىڭ دوستلارىنىڭ بەيانى» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدا،

«بىر كۈنى ئىزدەپ سوراپ كەلدى ئۇلار تاقسارىغە،
بىر قونۇپ ئېلتىپ مىنى باردى ئالىپ ئۆز سارىغە.»

دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن تېخىمۇ كونكرېت ھالدا شائىرنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قارىقاشنىڭ توخۇلا يېزىسىغا قاراشلىق مەڭلەي كەنتىدىكى تاقسا مەھەللىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

سالىھى شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاپتور ئۆز يۇرتىدا ۋە ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا بىۋاسىتە ۋەياكى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەينى زامان رېئاللىقىغا بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى پۈتۈنلەي رېئالىستىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان. مەسىلەن، شائىرنىڭ مۇھەببەت تۇيغۇلىرى ۋە جۇدالىق ئازابلىرى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە بېغىشلانغان. «موللا سالىھنىڭ چىچەكنى ھەجۋىي قىلغانى» سەرلەۋھىلىك مۇخەممەسىدە، شائىر ئۆز يۇرتىدا يۈز بەرگەن چىچەك ۋاباسى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ مىسلىسىز كۆپ قىرىلىپ كەتكەنلىكى، چىچەك ئەجدىھاسى بالىلارنىڭ «يۈزىدىن بىرىنى قويۇپ، قالدىسىنى ئېلىپمۇ تويمىغان» لىقى، يۇرتىنى يىغا-زارە، ئاھ-پەرياد، ھازا-ماتەم قاپلىغانلىقىدەك ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر سالىھى شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى تەسۋىرلەنگەن. تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم تەپسىلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

سالىھى شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى، شېئىردىي پىكرىنىڭ روشەنلىكى، ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەنلىكى، ۋەزىن ۋە شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن مۇھىم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

# شاھنامە

## (فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ «شاھنامە»سى ھەققىدە[1])


مۇھەممەتنۇرى ئوسمانوۋ
شائىسلام شامۇھەممەدوۋ
(سوۋېت ئىتتىپاقى)


ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ نامى ئالەمگە مەشھۇر. ئۇنىڭ ياۋروپا كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىنى مەپتۇن قىلغىنىغا ئىككى ئەسىر بولدى. شەرقتە بولسا ئۇ مىڭ يىلدىن بېرى كىشىلەرنىڭ زوقى - شوقىنى قوزغاپ، ئوي - پىكرى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىگە مەدەت بېرىپ كەلمەكتە. شائىرغا مەڭگۈ ئۆمۈر، نامىغا بىراۋاللىق بەخش ئەتكەن ئەسەر ئۇنىڭ بىرلا داستانىدۇر. بۇ ئەسەر «شاھنامە» ياكى «شاھلار كىتابى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىتاب يېزىلغان ۋاقىتتىن تارتىپلا كىتابخانلار تەرىپىدىن «شاھلار ھەققىدىكى كىتاب» سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىدېئالى ھەققىدىكى «شاھ كىتاب» سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ پەقەت پارس تىلىدا سۆزلىگۈچىلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە بارا - بارا پۈتۈن دۇنياۋى شۆھرەتكە مۇيەسسەر بولدى.

«شاھنامە» دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا تولۇق، بەزى تىللارغا بولسا ئۇنىڭ ئايرىم قىسىملىرى تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ داستانلىرى ئاساسىدا مۇزىكا ئەسەرلىرى، دراما ۋە ئوپېرالار يېزىلدى. كىنو فىلىملىرى قويۇلدى، تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرى يارىتىلدى.

شۇ نەرسە ئەجەبلىنەرلىككى، مىڭ يىللار داۋامىدا كىشىلىك جەمئىيىتى بىر نەچچە قېتىم تۈپكى ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بورانلىق زامانلار ئۆتتى، كىشىلەر پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ قالدى. ئەمما «شاھنامە» نىڭ شۆھرىتى يوقالمىدى. ئەكسىچە، بۇ شان - شۆھرەت نۇرلىنىپ ياشنىماقتا. «شاھنامە» يېڭى - يېڭى تىللارغا تەرجىمە قىلىنماقتا ھەم سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئىلھام مەنبەسى بولماقتا. بۇنىڭ سىرى نېمىدە، بۇنى فىردەۋسىنىڭ ئۆزى بىلەمتى؟ بۇ سوئالنىڭ بىرىنچى قىسمىغا كېيىنرەك جاۋاب بېرىشكە ھەرىكەت قىلىمىز. ئىككىنچى قىسمىغا كەلسەك بۇنى شائىرنىڭ ئۆزى داھىيانە ھېس بىلەن سەزگەن ۋە كاتتا داستانىنىڭ ئاخىرىدا:

كۆپ ئالىي قەسىر بولىشار خاراب،
ئۇرۇپ قارۇ يامغۇر، شامال، ئاپتاپ.

---

① قىسقارتىلمىسى.

ۋەلي شېئىردىن بۇ بىنايى جاھان،
ئۇنى دەز ئېتەلمەس شامالۇ بوران.
سۇخەن ئۇرۇغىن تەردىم چېكىپ مېھنەتىم،
مەن ئۆلسەم، ئەسەرلەر ياشار نام ـ ئېتىم!

دېگەنىدى.

خوش، بۇ گېنىئال① شائىر كىم؟

بەختكە قارشى ئۇنىڭ شەخسىي هاياتى ھەققىدە بەكمۇ ئاز مەلۇماتقا ئىگىمىز. ئۇنىڭ ھەققىدە زامانداشلىرىمۇ بەك ئاز يېزىشقان. تۈرلۈك تەزكىرىلەردە كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار بولسا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن توقۇلغان ۋە ئەسىرلەر داۋامىدا تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە ئۇچراپ كېلىۋاتقان ئەپسانىلەردىن يىراق ئۆتمەيدۇ. ئەمما ئالىملار شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرىنى ئۆگىنىپ، بۇ رىۋايەتلەردە نېمە ھەق، نېمە ناھەقلىقنى بىلىشكە ئىنتىلدى. بۇ تەتقىقاتلار نەتىجىسىگە شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى «شاھنامە» نىڭ بەك ئاز بولسىمۇ، ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلىرى قوشۇلسا، فىردەۋسى ھاياتى ئومۇمىي تەرىزدە تىكلىنىدۇ.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى 940 — 941-يىللار ئەتراپىدا خۇراساندا تۇس① دېگەن شەھەرنىڭ يېنىدىكى باج يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى يەر ـ سۇيىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، كەمبەغەللىشىپ كەتكەن يەر ئىگىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، فىردەۋسى مانا شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتى بىلەن بىللە مەملىكەتتە سىياسىي ئورنىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويغان فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. بۇ «شاھنامە» نىڭ غايىۋى يۆنىلىشىدە دائىم سېزىلىپ تۇرىدۇ.

بۇ دەۋر، سامانىيلار سەلتەنىتى مۇنقەرزگە يۈزلەنگەن، ئۇنىڭ مۇشكۈل كۈنلىرى باشلانغان دەۋر ئىدى. بىر تەرەپتىن، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان فېئودال دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى تەشكىل قىلغان دېھقانچىلىق مۇلۈكلىرىگە ئارقىمۇ ئارقا بولۇپ تۇرغان كۆچمەنلەر ھۇجۇمى ئەۋجىگە چىققان بولسا، ئىككىنچىدىن، مەركىزىي بۇخارادا بولغان سامانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئورنىدىكى ئىچكى قارىمۇ قارشىلىقلىرى، جۈملىدىن ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن مەھكۇم سىنىپلار — ئەمگەكچىلەر، چوڭ يەر ئىگىلىرى بىلەن ئاددىي يېزا ئەمگەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتاتتى. فىردەۋسىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا:

زامانە سەراسەر شۇنچە جەڭ ئىدى،
تاجۇ تەخت دېگەنگە جاھان تەڭ ئىدى.

فىردەۋسى داستانى مانا شۇ دەۋردە ئاتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا بولۇپ تۇرغان سىنىپىي كۆرەشلەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە شۇ دەۋر پەلسەپىۋى، ئىدىيىۋى ئۇستقۇرۇلمىسىنى ئۆزىدە تولۇق ۋە چوڭقۇر ئىنكاس قىلدى. ئىدىيىۋى جەھەتتىن: «شاھنامە»دە باشتىن ـ ئاياغ ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ كۆچمەنچى خەلقلەر تالان ـ تاراج ۋە

① گېنىئال — 1) مىسلىسىز ئىستېداتلىق؛ 2) داھىيانە، كامالەتكە يەتكەن.

② تۇس شەھىرى — ئىراننىڭ خۇراسان ئوبلاستىدا بولۇپ، ھازىر «فىردەۋسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

باسقۇنچىلىقلىرىغا قارشى كۈرەشنى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ كۈرەشتە ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر مەنپەئىتىنى، شۇنىڭدەك ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش غايىلىرىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئۇ ئاددىي دېھقانلار ۋە كاسىپلار ئەمگىكىنى مەدھىيىلەيدۇ. بۇ ئەمگەكنى ھاياتنىڭ ئاساسى دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭغا بولغان ھەرقانداق تاجاۋۇزنى كەسكىن قارىلايدۇ.

ئەمما بۇنداق دېگەنلىك «شاھنامە»نىڭ پۈتۈن بەدىئىي بايلىقى ئۇنىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى پەقەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئاددىي مېھنەتكەش خەلققە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنىلا ئىبارەت دېيىش بۇ كاتتا ۋە مۇرەككەپ مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرۇشقا ئېلىپ كېلەتتى. چۈنكى، فىردەۋسى ئىجاد قىلغان كاتتا داستاننى تۈرلۈك - تۈمەن غايىۋى، ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي گۆھەرلەرگە باي چوڭ بىر دېڭىزغا قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭغا شۇڭغۇغان ھەر بىر غەۋۋاس ئۆزىگە خاس دۇردانە، ئاجايىپ جاۋاھىر ئېلىپ چىقىدۇ، ئەمما بۇ خەزىنىنىڭ تۈۋى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەپسانىۋى، تارىخىي رىۋايەتلىرى، مۇھەببەت داستانلىرى، لىرىك چېكىنىشلەردىكى بەدىئىي بايلىقلار سان - ساناقسىزدۇر.

«شاھنامە» تەخمىنەن تۆت مىڭ يىلنى تەشكىل قىلغۇچى بەكمۇ چوڭ تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئەپسانىۋى ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاخىرقى قىسىمدا ئىپادىلەنگەن 500 — 700 يىللىق تارىخىي ۋەقەلەر غايەت كاتتا ئېنىقلىق، ئىزچىللىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

شۇنداق قىلىپ، ماھىر شائىر بىر داستاندا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەكمۇ كاتتا ئەپسانىۋى ھەققىي تارىخىنى ئىپادىلەپ بېرىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ كۆپ ھۆججەت توپلاپ ئوتتۇز بەش يىل ئەمگەك قىلدى. بۇنى شائىرنىڭ ئۆزى قەيت قىلىپ «ئەرەب ۋە پەھلىۋىي تىللىرىدا بەكمۇ كۆپ ئەسەرلەر ئوقۇدۇم، بەكمۇ كۆپ جاپا تارتتىم» دېگەن. شۇنچىلىك كۆپ ماتېرىياللارنى ئۇيغۇنلۇق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەممە قىسىملىرى بىر - بىرىگە مۇناسىپ بولغان ئەسەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن گېنىئال تالانت كېرەك ئىدى. فىردەۋسى بۇ ئىشنى ئۇلۇغ سەنئەتكارلارغا خاس قابىلىيەت بىلەن ئورۇنلاپ، ھەقىقەتەنمۇ شاھ ئەسەر ئىجاد قىلدى. ئۇلۇغ نېمىس شائىرى گيوتى ئۆزىنىڭ «غەربىي-شەرقىي دىۋان»ىغا يازغان شەرھلىرىدە فىردەۋسى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى ۋە تارىخىي تۇرمۇشىنى يازغاچ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئومۇمىي گەپ ۋە بەزى تەلقىنلەردىن باشقا نەرسە قالمىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.

فىردەۋسى ئۆزىنىڭ بۇ ئاجايىپ ئەسىرىنى يېزىپ تاماملىغان ۋاقىتتا، ئۆز ئىچكى قارىمۇ قارشىلىقلىرى نەتىجىسىدە ئاجىزلاشقان سامانىيلار دۆلىتى قاراخانىلار ۋە غەزنەۋىلەر ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تارمار بولغانىدى. قېرىپ قالغان شائىر ئۆمرىنىڭ ئەڭ ياخشى دەۋرىنى سەرپ قىلىپ يازغان بۇ ئەسەرنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ كىشى ئىزدەپ يىگىرمە يىلغىچە كۈتكىنىنى كۆرسىتىپ:

پايانسىز چېكسىز رەنجى سانسىز يىل،
بۇ ئىشنى تۈگەتكەن هامان شاد دىل.
ۋەلي بەخش ئېتەرگە مۇناسىپ كىشى،
تاپالماي، دىلىمنى بېسىپ قايغۇ-غەم...
يىگىرمە زىمىستان، يىگىرمە باهار
قىدىردىم بۇ خەزىنىگە ماس تاجدار،-

دەيدۇ ۋە يەنىمۇ كۈتۈشكە تاقىتى قالمىغان چاغدا مەهمۇد شاهنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقنى يازىدۇ.

فىردەۋسىنىڭ ئالدىدا ئۈچ يول مەۋجۇت ئىدى. بىرى ئەسەرنى قاراخانىلار سارىيىغا ئېلىپ بېرىش، ئەمما ئۇلار ئاساسەن تۈركىي قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن قىزغىن قارشى ئالماسلىقلىرى مۇمكىن ئىدى. ئىراندا بولسا ئالىي بۇيا سۇلالىسى هۆكۈمرانلىق قىلاتتى، تېخى ئۇندا ئەرەب تىلى، ئەرەب خەلىپىدىلىكىنىڭ مەۋقەئىي كۈچلۈك ئىدى. مۇسۇلمانلىقتىن ئاۋۋالقى دەۋرنى مەدھىيىلىگۈچى، ئەرەب باسقۇنچىلىرىغا قەهر-غەزەپ بىلەن تولغان ئەسەرنى ئۇلارمۇ قوبۇل قىلماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. ئاخىرى، فىردەۋسى غەزنەدە ئۆز سارىيىغا ئالىملار ۋە ئەدىبلەرنى توپلاۋاتقان مەهمۇد غەزنەۋىنى تاللىدى ۋە ئۇنىڭغا بېغىشلىما يېزىپ، ئۆز داستانىنى تەقدىم قىلدى. لېكىن ئۇلۇغ شائىر خاتالاشقانىدى.

«شاهنامە» دىكى ئارزۇ ۋە ئۈمىدلەرنى، ئالىيجانابلىقنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى، سۆيگۈ ۋە بۇرادەرلىكنى كۈيلىگەن مىسرالار مەهمۇد غەزنەۋىنىڭ بۇلاڭچىلىق سىياسىتىگە قارشى پاش قىلغۇچى كۈچ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەهمۇد بۇ ئەسەرنى كەرەم بىلەن ئەمەس ئەلەم بىلەن كۈتۈۋالدى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، فىردەۋسىگە مەهمۇد ۋەدە قىلغان ئالتۇنلار ئورنىغا كۈمۈش پۇللار بەرگەنىمىش.

ئۇلۇغ شائىر پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ يازغان شاه ئەسىرىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن مەهمۇدنىڭ بۇنداق پەسكەشلىكلىرىگە جاۋابەن ئۇ بەرگەن پۇللارنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى هاممام خادىمىغا، بىر بۆلىكىنى شەربەت ساتقۇچىغا ۋە بىر بۆلىكىنى خانىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ كەلگەن مۇلازىملارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن.

شۇنىڭ ئۆزىمۇ مەهمۇدنىڭ شەنىگە چوڭ هاقارەت ئىدى. ئەمما ئوتتۇز بەش يىللىق ئەمگىكى هېسابىغا قاتتىق هاقارەتلەنگەن شائىر بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي مەهمۇد هەققىدە ئۆتكۈر هەجۋىي يازدى. ئۇنىڭدا شاهنى ئېپلاسلىقتا، خەسىسلىكتە، نەسلى پەسلىكتە ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەختكە لاياقەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

شاهلاردىن بولسا ئىدى، ئۇ شاهقا ئاتا،
كىيگۈزگەن بولاتتى تاجى زەر ماڭا.
ئەگەر ئانىسى بولسىدى خانىدىن،
تىللاغا كۆمەتتى مېنى نەق ساندىن.
ئۇلۇغلار زاتىدىن بولمىغانچۇن شاه،
ئۇلۇغلار نامىدىن بولار دىل سىياه...
ئاچچىق مېۋىلىك بىر دەرەخنى ئەگەر،
جەننەتنىڭ بېغىغا كۆچەت قىلسىلەر؛
كەۋسەردىن سۇ ئىچسە ئۇسسىغان مەهەل،
سۇ ئەمەس، بىرىشسە شەربەت ۋە هەسەل.
يېتىلىپ، هوسۇلمۇ بېرىدۇ ئاخىر،
ۋە لېكىن مېۋىسى ئاچچىق بەرىبىر.
زاتى پەسلەرگە هېچ ئۈمىد باغلىما،
قاراتۇن ئاقارماس، دىلىڭ داغلىما.

جاھانگىرنىڭ نامى بوللىغىنىدا پاك،
بىلمىدانلار دىلى بولماسىدى چاك.
رەنجىگەن شائىر ھەجۋىي ياراتسا ئەگەر،
ياڭرار ئۇ قىيامەت كۈنىگە قەدەر.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا مەھـمۇد بۇ
مىسرالارنىڭ ئاپتورىنى پىل ئايىقى ئاسـ
تىغا تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۇشۇرگەنـ
كەن. ئومۇمەن بۇنداق جەڭگىۋار سەتىرـ
لەردىن كېيىن مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ قـول
ئاستىدىكى جايلاردا تۇرۇش ئىمكـانىيىتىـ
دىن مەھرۇم بولغان شائىر چەت جايلاردا
قېچىپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولغان.

بەزى رىـۋايەتـلەردە ئېيتىلىشىچـە،
مەھمۇد شاھ ھىندىستاننى بۇلاپ، بەكمـۇ
كۆپ ئولجا ئېلىپ قايـتىپ كېلىۋاتـقاندا،
يول ئۇستىدە بىر قەلئە ئۇنىڭغـا قارشىلىق
كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد قەلئە خانىغا مەكتۇپ
يوللاپ، تىنچلىق بىلەن قەلئەنى تاپـشـۇـ
رۇشقا چاقىرىدۇ ـ دە، خاندىن جاۋاب كۇـ
تۇپ تۇرۇپ، ۋەزىرىگە:

ــ قانداق جاۋاب بېرىدىكىن؟ ــ دەيـ
دۇ. بۇنىڭغا ۋەزىر:

بولـمىسا رايىمغا لايىق بىر جاۋاب،
مەنۇ گۇرزى، مەيدانۇ ئافراسياب.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇيدۇ.

ــ بۇ كىمـنىڭ شېئىرى؟ ــ دەيـدۇ
مەھمۇد. ــ ئادەمدە باتۇرلۇق ۋە جاسارەت
ئويغىتىدۇ.

ــ بىچارە ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭكـى،
دەپ جاۋاب بېرىـدۇ ۋەزىـر. شۇ چـاغـدا
مەھمۇد كاتتا شائىرغا نىسبـەتەن ئادالەتـ
سىزلىك قىلغانلىقىنى چـۇشىنىپ، ئۇنىڭغـا
بۇرۇنقى ۋەدە قىلغان پۇلنى ئەۋەتـكـەنـ
مىش.

تۇس شەھىرىنىڭ بىر دەرۋازىسىدىن
مەھمۇد ئەۋەتكەن كارۋان كىرىپ كەلگەن
چاغدا، ئىككىنچى دەرۋازىدىن شـائىرنىڭ
تاۋۇتىنى ئېلىپ چىقىدىكەن.

بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغانـدا، فىرـ
دەۋسىنىڭ قىزى بايلىقـلارنى قـوبۇل قىلـ
ماي قايتۇرىدىكەن. بەزى ھېكـايەتلەردە،
قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، بىر كۆۋرۈك ۋە كارـ
ۋان سارىيى سالدۇرىدىكەن.

ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرى كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتكەنلىكى مەـ
لۇم. بۇ ھەقـتە «شـاھنامە» دە فىردەۋـ
سىنىڭ ئۆزىمۇ سۆزلىگەن.

ھەجۋىي يازغـىنىمۇ، كېيىن قاچـ
قۇنلۇقتا يۇرگىنىمۇ راسـت. قېرىـلىق ۋە
سەرگەردانلىقتا ياشاشقا مەجبۇر بولـغاچقا،
ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. ۋە ـ
تىنىگە قايتىش ئارزۇسى بىلەن ئۆرتەنگەن،
سەكسەندىن ئېشىپ قالغان ھارغىن شـاـ
ئىر باغداتـتا ياشاپ تۇرۇپ، قۇرئانـدىن
ئېلىنغان سيۇژىت ئاساسىدا «يۇسۇپ ۋە
زىلەيخا» دېگەن داستاننى يېزىشـقا مەجـ
بۇر بولىدۇ. بۇ داستاننىڭ دەسلەپكى قىسـ
مى «تۆۋانامە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا شاـ
ئىر ئەمدى قەدىمكى پالـۋانـلار ھەقـقىدە
ئېغىز ئاچماسلىققا قەسەمياد قىلىدۇ. پۇتۇن
ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ، ۋۇجۇدقا كەلتـۇرـ
گەن پەرزەندى «شاھنامە» ۋە ئۇنىڭدىكى
ئاجايىپ قەھرىمانلاردىن يۇز ئۆرۈپ:

ئەمدى فەرىدۇننى تەرىپ قىلماق قايدا،
زەھھاك تەختىن ئالسا، ماڭا نېمە پايدا!
كەيقۇباد تاجىدىن جېنىمغا ئازار،
كاۋۇس تەختىدىنمۇ قالمىدى ئىزلار.
شاھلاردىن يازمايمەن ئەمدى مەن ئەسلا،

دەرگاھى كۆڭلۈمگە ئۇردى مۇتلەقا.
بىھۇدە گەپلەرنى قىلماي ئەمدى ھېچ،
ئەقىل دەر، بىھۇدە لاپ ئۇرۇشتىن كەچ!
بۇ داستانلار ھەممىسى قىپقىزىل يالغان،
بىر سىقىم تۇپراققا ئەرزىمەس چۈنان.

كەبى مىسرالارنى يازىدۇ.

ئەگەر بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەنمۇ فىردەۋسىنىڭكى بولسا، بۇنداق ئېغىر پاجىئە ھېچكىمنىڭ بېشىغا چۈشمىگەن. ئەمما بۇ مىسرالار گالىلېئو گالىلېي يەرنىڭ سەييارە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئۆز كىتابىنى دەسسەپ تۇرۇپمۇ: «ھامىنى يەر ئايلىنىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. خەلقمۇ بۇ تۆۋىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شائىرنىڭ نامىغا ئەبەدىيلىك كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ «يۈسۈپ ۋە زىلەيخا» سى ئەمەس، «شاھنامە» كىتابى بولدى.

قېرى ۋە ھارغىن شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ۋەتىنىگە كېلىپ، تۇستا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، روھانىيلار ئۇنىڭ جەسىتىنى قويۇشقا مۇسۇلمانلار مازىرىدىن ئورۇن بەرمىگەن. فىردەۋسىنىڭ جەسىتى ئاتىسىدىن قالغان باغنىڭ بىر چېتىگە دەپنە قىلىنىدى. بۇ مىلادى 1025 - يىل ئىدى.

خەلق ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرىنى ئۇنتۇمىدى، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ شاھ ئەسىرى بولغان «شاھنامە» مىڭ يىلدىن بېرى سۆيۈپ ئوقۇلماقتا. ئۇنىڭ بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولۇشىدىن سەۋەب — خەلقچىللىقىدا، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى كۈيلىگەنلىكىدە.

ئۇنىڭدىكى ئادىل شاھلار ئوبرازىمۇ، ئۆز يارىغا ھەقىقىي دوست، ۋەتەنلىرىگە پىداكار خوتۇنلار ئوبرازىمۇ ۋە باشقا نۇرغۇن خىسلەتلەر بۇ كىتابنى ھەقىقىي خەلق مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

ئۇلۇغ سەنئەتكارلاردا ھەمىشە بولغىنىدەك، فىردەۋسىنىڭمۇ رېئالىزمى، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرى بىلەن باغلىق بولغان دۇنيا قارىشىنىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ھايات ھەقىقىي ئۇنىڭ تار سىنىپىي قاراشلىرى دائىرىسىگە سىغماي قالىدۇ.

«شاھنامە»دە ئەللىك پادىشاھلىق تەسۋىرلىنىدۇ ۋە داستاننىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشى شۇنىڭ بىلەن بەلگىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بەزى شاھلىقلار بىرنەچچە يىل داۋاملاشقان بولسا، بەزىلىرى نەچچە يۈزلەپ يىللار داۋاملىشىدۇ، بەزىلىرىگە شائىر ئون - يىگىرمە بەت بېغىشلىسا، بەزىلىرىگە مىڭلاپ بېيىتلاردىن ئىبارەت ئايرىم داستان بېغىشلايدۇ. مەسىلەن، سوخراب ھەققىدىكى مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق داستان، سىياۋۇش ھەققىدىكى ئۈچ مىڭ بېيىتتىن ئىبارەت داستان، كەيكاۋۇس شاھلىقى دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، بىر نەچچە مىڭ بېيىتتىن ئىبارەت بولغان ئىسپەندىيار ھەققىدىكى داستان گۆشتاسىپ شاھلىقى دەۋرىنىڭ بىر قىسمىنىلا تەسۋىرلەيدۇ. ھەربىر شاھلىق دەۋرىنىڭ تەرىپىمۇ، ھەربىر داستانمۇ «شاھنامە» ئۈچۈن قانۇنلاشتۇرۇلغان ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى كىرىش، ئاساسىي قىسمى ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت.

ھەممە ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدىكىگە ئوخشاش «شاھنامە» دىمۇ قىسسە مۇئەللىپ تىلىدىن بايان قىلىنىدۇ.

ئىران قەھرىمانلىق ئېپوسىنى بىر كىتابقا يىغىش ئەنئەنىسى ساسانىيلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (III — VII ئەسىرلەر)

دە ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىغانىدى. شۇ
سۇلالە پادىشاھلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن شاھ-
لار ھەققىدە رەسمىي مەلۇماتلار، تارىخىي
ھۆججەت ۋە رىۋايەتلەر توپلىنىپ، خوجا-
يىنلار (يەنى شاھلار) ھەققىدە كىتاب
مەنىسىدە «خۇداينامە» نامى بىلەن پەھ-
لەۋىي تىلىدا كىتاب قىلىنىشقا باشلىدى.
بۇ توپلاملار كېيىنچە ئەرەب تىلىغىمۇ
تەرجىمە قىلىنغانىدى. ئەمما بۇ كىتابلار-
نىڭ نە ئەسلى نۇسخىسىدىن ۋە نە توققۇز
قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان تەرجىمىسىدىن
بىرەسى بىزگە يېتىپ كەلمىگەن. بۇ كىتاب-
لار ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ھەققىدە بىز
باشقا كىتابلاردا كەلتۈرۈلگەن پارچىلار ۋە
تۈرلۈك دەۋر مۇئەللىپلىرى بەرگەن ما-
تېرىياللارغىلا ئىگىمىز، خالاس.

X ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا
ۋە خۇراساندا قەھرىمانلىق ئېپوسى رىۋا-
يەتلىرى توپلىنىپ، پارسى تىلىدا كىتابەت
قىلىنىشقا باشلىدى. ئەمدى بۇ مەجمۇئەلەرمۇ
پارسى تىلىدا «شاھنامە» — شاھلار كىتابى
(شاھلار ھەققىدە كىتاب) دەپ ئاتىلىشقا
باشلىدى. چۈنكى بۇ دەۋر پارس تىلىدا
«خۇداي» سۆزى ئەمدى خوجايىن - پادى-
شاھ مەنىسىدە ئەمەس بەلكى «خۇدا» مەنى-
سىدە ئىشلىتىلەتتى.

ئەبۇل مۇئەييەد بەلخىي (X ئەسىر)
تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، تۆت ئالىم تەرىپى-
دىن يېزىلىپ «شاھنامەئى مەنسۇرى» («مەن-
سۇر شاھنامىسى») نامى بىلەن مەشھۇر بولغان
(957 - يىلىدا تاماملىغان) نەسرىي شاھنامى-
لار ۋە ئەبۇئەلى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بەل-
خىي ھەمدە مەسئۇدى مەرۋازىلارنىڭ شېئىرى
«شاھنامە» سى (966 - يىلىدىن ئاۋۋال
ئىجاد قىلىنغان) ھەققىدە مەلۇماتلار بار. ئەمما

بۇلارنىڭمۇ بىرەرسى بىزگىچە يېتىپ كەل-
مىگەن. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىمۇ فىر-
دەۋسى «شاھنامە» سىنىڭ مۇكەممەللىكى
ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىكى بولسا كېرەككى،
بۇ «شاھنامە» يېزىلغاندىن كېيىن ئاۋۋال-
قىلىرى كېرەكسىز بولۇپ قالغان، ھېچكىم
ئۇلارغا قىزىقمىغان، كۆچۈرمىگەن، ئاق-
ۋەتتە ئۇلارنىڭ تېكىستى يوقىلىپ كەتكەن.

فىردەۋسىدىن ئاۋۋالقى شاھنامە ياز-
غۇچىلاردىن پەقەت ئەبۇ مەنسۇر دەقىقى
(977 -يىلى ئۆلتۈرۈلگەن) نىڭ «شاھ-
نامە» سى بىزگە يېتىپ كەلگەن. چۈنكى
دەقىقى يېزىپ ئۈلگۈرگەن مىڭ بېيىتنى
فىردەۋسى ئۆز «شاھنامە» سىگە كىرگۈز-
گەنىدى.

«شاھنامە» بەكمۇ زور ئېپىك داس-
تان. ئۇ قەدىمكى ئىرانىي قەبىلىلەر توقۇ-
غان ئەپسانىلەر، قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن
ۋە ئىراننىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەۋرى-
دىن تارتىپ تاكى ئەرەبلەر باستۇرۇپ كەل-
گۈچە يەنى ئاخىرقى ساسانىي شاھى ياز-
دىگەرد Ⅲ نىڭ ئۆلۈمىگىچە (651 - يىلى)
بولغان تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
«شاھنامە» نىڭ ئۆزىدە كۆرسىتىلگەن
تارىخقا قارىغاندىمۇ ئۇ تۆت مىڭ يىلغا
يېقىن دەۋر ۋەقەلىرىنى ئەكس ئەتتۈر-
گەن كاتتا سالنامە.

«شاھنامە» گە شەكلەن قارىغاندا
ئۇنىڭدىكى قىسسىلەر شاھلارغا بۆلۈنۈپ
ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۆزىمۇ «شاھلار ھەققى-
دىكى كىتاب» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ
مەزمۇنىغا دىققەت بىلەن نەزەر سېلىنسا،
ئۇنىڭ خەلق خىيالىدا يارىتىلغان ۋە خەلق
قەلبىدە مەدھىيىلىنىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى
قەھرىمانلار ئېپىك باتۇرلار، ئاددىي ئەم-

گەك ئەھلى ۋەكىللىرى ھەققىدىكى قىسسە-
لەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى پەرق قىلىش
ئانچە قىيىن ئەمەس، «شاھنامە» نىڭ
باش قەھرىمانلىرى رۇستەم، سۇھراب، كاۋە،
ئىسفەندىيار، بەھرام، گىۋ، سىياۋۇش،
بىجان، مەزدەك، لۇمبەك ۋە باشقىلار. شاھ-
لاردىن پەقەت ئىسكەندەر ۋە بەھرامىنىلا بۇ
قەھرىمانلار قاتارىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن.
قالغان شاھلار داھىيلىق قىلىدۇ يۇ، ئەمما
ھەرىكەتتە بولمايدۇ ۋە ھېكايە قىلىنىۋاتقان
ۋەقەلەرگە كاتتا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ،
بەزىدە بولسا، توسقۇنلۇق قىلىدۇ، خالاس.
ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى خەلق يارات-
قان سيۇژىتلاردىن، ئۇلاردىكى قۇدرەتلىك
خاراكتېرلاردىن ئۆز غايىسىنى ئىپادىلەش-
كە ياردەم بېرەلەيدىغانلىرىنى تاللاۋېلىپ،
ئۇلارنى داھىيانە تالانت بىلەن تەرتىپ-
لىك كومپوزىتسىيە (قۇرۇلما) گە ئىگە
كاتتا بىر ئېپوپېيە (زور ھەجىملىك ئې-
پىك داستان) گە بىرلەشتۇردى.
«شاھنامە» نىڭ باش قەھرىمانى
سېيىستانلىق باتۇر رۇستەمى داستاندۇر.
شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سېيىس-
تانلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى - ساكلار ئىران
مىفولوگىيىسى ① ئەپسانە ۋە قەھرىمان-
لىق رىۋايەتلىرى پەيدا بولغان دەۋردىن
خېلى كېيىن سېيىستانغا كۆچۈپ كەل-
گەندى. فىردەۋسى پايدىلانغان قەدىمكى
ئىران «خۇداينامە» لىرىدا رۇستەم ھەق-
قىدىكى مەلۇماتلار يا پۈتۈنلەي يوق، يا
ئەھمىيەتسىزرەك پېرسوناژلار قاتارىدا تىل-
غا ئېلىنغان. ئەمما قايسىبىر ۋاقىتتا سې-
يىستان باتۇرلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

ئىران قەھرىمانلىق ئېپوسىغا قوشۇلغانلى-
قى ئېنىق ئەمەس. «شاھنامە» دە بولسا
سېيىستان باتۇرلىرى، بولۇپمۇ، رۇستەمى
داستان ئاساسي رولنى ئوينايدۇ. شۇ نەر-
سە قىزىقكى، سېيىستان باتۇرلىرى
ھەققىدىكى قىسسەلەر ساكلارنىڭ سې-
يىستانغا كۆچۈشىدىن خېلى ئاۋۋال تو-
قۇلغانىدى. رۇستەمنىڭ دىۋىلەر بىلەن جەڭ
قىلىشى ھەققىدە سوغد خەتلىرىدە ساقلىنىپ
قالغان مەلۇمات شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ.
«شاھنامە» دە رۇستەم ئەڭ مەشھۇر
ئىران پالۋانى، ئۇ ئىران ھەربىي كۈچ-
لىرىنىڭ تايانچى. ئۇ ئۆز ۋەتىنى ئىران
ۋە ئۇنىڭ ئىپادىسى ھېسابلانغان ئىران
شاھىغا چەكسىز ساداقىتى بىلەن ئېنىق
كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. فىردەۋسى رۇس-
تەم پورترېتىنى بەكمۇ يىرىك ۋە كاتتا
قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنى يىرىك كۆرۈ-
نۈشتە كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ۋارقىرىسا
تاغلار لەرزىگە كېلىدۇ، ماڭغاندا بەستىدىن
ئايىغى تاشقىمۇ پېتىپ كېتىدۇ، ئولتۇرغان
چاغدىمۇ بويى ھەممىدىن ئېگىز ۋەھاكازا.
رۇستەم يېڭىلمەس ۋە مەغرۇر تەبى-
ئەتلىك باتۇر، ئەمما ئۆز پادىشاھىغا چىن
دىلىدىن ساداقەتلىك. ئۇ ئۆز ۋەتىنى،
ئۆز خەلقىنىڭ بالاگەردانى ② بۇ يولدا
ئۇ ھېچقاچان دەھشەتلىك جەڭدىن تەپ
تارتمايدۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ
ھەربىي نەيرەڭلەرگىمۇ ماھىر، مەسىلەن،
ئۆز ئوغلى سۇھراب بىلەن بولغان جەڭدە
ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدۇ، جەڭنىڭ ئىككىنچى
كۈنى سۇھرابنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن
ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشكەن رۇستەم ھىيلە

① مىفولوگىيە — قەدىمكى خەلق رىۋايەتلىرى، ئەپسانە ۋە شۇ ھەققىتىكى پەن.
② بالاگەردان — ئاپەتنى بالا - قازانى توسقۇچى.

ئشلتىپ يالغان كۆرۈنۈش بىلەن ئۆلۈم-
دىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا خەنجەر
ئۇرماقچى بولغان ئوغلى سۇھرابقا:

رۇستەم نەزەر تاشلاپ سۆز ئاچار بەزور،
سەن ھېلى نەۋقىران، ھېلى كۆزۈڭ كور.
مەن ساڭا ئاچايىن، شىرگىر ① باھادىر،
ھەقىقىي مەردلەردە بار قانداقچە سىر.
باشقىچە بىزدىكى ئەنئەنە ئادەت،
مەردلىكتىن ئىمانىمۇ تاپىدۇ زىننەت.
يەككە ئېلىشىشتا بىرىنچى بارە،
ياۋنى يىقىتسا، يەردە ياتسا بىچارە؛
شۇ جانسىز مۇردىدەك تەنىنىڭ تۇنجى رەت،
بېشىنى كەسمىگەي قىلىپ ئاداۋەت.

تېخى ئىش كۆرمىگەن ياش سۇھ-
راب بۇ ئالدامچىلىق سۆزلىرىگە ئىشىنىپ
يېڭىلگەن رەقىبىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئەمما
ئەتىسى ئۇ خۇددى شۇنداق ۋەزىيەتتە
ھەربىي شۆھرەتكە بېرىلىپ كەتكەن ئاتى-
سىنىڭ رەھىمسىز تىغى بىلەن ھالاك بولىدۇ.
بۇ ئېپىزوتنى ئوقۇغان كىتابخان
رۇستەمنى ھەييار، ئالدامچى، دەپ ئەيىب-
لىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ئالدى بىلەن ھەر-
بىي سەنئەتتە نورمال ھېسابلانسا؛ يەنە
بىر تەرەپتىن، فىردەۋسى رۇستەمنى قان-
چىلىك ياخشى كۆرۈشىدىن قەتئىينەزەر،
ئۇنى پەقەت ياخشىلىقلارنىڭ يىغىندىسى
قىلىپ تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى ئۇنى كەم-
چىلىكلەردىنمۇ خالىي بولمىغان جانلىق
ئادەم تەرىقىسىدە تەسۋىرلەيدۇ. رۇستەم-
نىڭ ئالدىغا قويغان ئالىي مەقسىتى گۈزەل
مەقسەت، ئۇ بولسىمۇ، ئۆز ۋەتىنىنى ياۋ-
قولىغا بېرىۋەتمەسلىك، ئۇنى ھالاكەتتىن
قۇتقۇزۇش. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقان-
داق ئىنسانغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئۆزىمۇ
ئۆلگۈسى كەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ
ئۈچۈنمۇ بىلەك كۈچى يەتمىگەن يەردە
ئەقىل تەجرىبىسىگە تايىنىپ، ھىيلە ئىش-
لىتىشى تەبىئىي بىر ھال.

مۇئەللىپ باش قەھرىمان خاراكتېرى-
نىڭ باشقا بىر تەرىپىنى «شاھنامە» نىڭ
يۇكسەك چوققىلىرىدىن بىرى بولغان
«رۇستەم ۋە سۇھراب» داستانىدا ئېنىق
نامايان قىلىدۇ.

ئىرانغا سۇھراب باشچىلىقىدا ھۇجۇم
قىلىپ كەلگەن تۇرانلىقلارغا ھېچكىم تەڭ
كېلەلمىگەچ شاھ كەيكاۋۇس، سېيىستاندا
دەم ئېلىپ ياتقان رۇستەمنى چاقىرتىدۇ.
ئەمما رۇستەم ئالدىرىماي - تېنىمەي
پايتەختكە خاتىرجەم يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ
كەچ قالغانلىقىدىن كاۋۇس شاھ خاپا
بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى
يەرگە ئۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ ۋە
ھەتتا دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ۋەقە يۈز بېرىدۇ:

غەزەپى قوزغىلىپ شاھقا تەھەمتەن ②،
دېدى: «نېمانچىلا ئۇتتەك يانىسەن.
ئىشلىرىڭ بىرىدىن - بىرى بەتتەردۇر،
رەسۋالىق شاھلىققا قانداق كېلىشۇر.
ماڭ، تىرىك سۇھرابنى تۇتۇپ دارغا ئاس،
قەھرىڭ تۇتسا، دۈشمىنىڭنى خارقىل خالاس.»

---

① شىرگىر — شىرنى يەڭگۈچى، شىر تۇتقۇچى باتۇر.

② تەھەمتەن - رۇستەمنىڭ لەقىمى.

شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ رۇستەم ئۇ-نىڭ يېنىغا كەلگەن تۇسنىڭ قولىنى سىلى-كىپ دەرگاھدىن چىقىپ كېتىدۇ:

غەزەپىن كۆتۈرەي؟! شاھ كاۋۇسى كىم؟
ماڭا قول كۆتۈرگەن ئاشا تۇسى كىم؟
بىلىكىم كۈچىدىن مېنىڭ غەلىبەم،
شاھلىقىمدىن ئەمەس، يوق لەشكىرىم ھەم.
ئات ئېگىرى تەختىم، پۇقرايىم - زېمىن،
دۇبۇلغا تاجىمدۇر، چوقمارىم ①- نېگىن②.
نەيزە، ئوقيا گۇرزىم پاناھىم مېنىڭ،
قوش بىلىكىم، كۆڭلۈم پادىشاھىم مېنىڭ.
قارا تۈننى تىغىم قىلار شۇلىدار.
باش چېچىپ، باش ئۇرۇپ قىلىمەن شۇدگار③
مەن ئېسىلزادىمەن، قۇل ئەمەس، ئەركىن،
پەقەت ياراتقانغا بەندىمەن، بىلگىن ...
تاپالمايسەن مېنى ئىران يېرىدە،
ئەمدى مەن ھاۋادا، سىلەر زېمىندە.

رۇستەم ئاتقا قامچا ئۇرۇپ ماڭىدۇ. ئىشنىڭ بۇنداق تۈس ئېلىشىدىن ھەممە پالۋانلار ھەيران قېلىشىدۇ. چۈنكى، ئىران ئاسمىنىغا قارا بۇلۇتلار چىقىپ، خەۋپ-خەتەر كۈچىيىپ تۇرغاندا، رۇستەمنىڭ كېتىشى ھەممىنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىران باتۇرلىرى دانىشمەن گۇدەرزدىن رۇستەم بىلەن شاھنى ئەپلەشتۈرۈش چارىسىنى قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇ رۇستەمدىن شاھنى ئەپۇ قىلىپ، ئىران ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن رۇستەم:

ئېگەرىم ماڭا تەخت، توغرىلىق — يولۇم،
تونۇم ساۋۇت، دىلدا يوق ۋەھىمە ئۆلۈم.
ماڭا كاۋۇس نېمە، بىر سىقىم تۇپراق،
ئەركى بار ئەر قورقسۇن غەزەپتىن قانداق...
كۆڭلۈم قالدى، ئەمدى ھەممىدىن تويدۇم،
خۇدادىن باشقىدىن قورقمايلا قويدۇم.

رۇستەم يولىدىن قايتمىدى. شۇ ۋاقىتتا گۇدەرز ئۇنىڭغا خەلق ئۇنى سۆھ-راب پالۋاندىن قورقۇپ كەتتى، دېيىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇ چاغدىلا رۇس-تەم يولىدىن قايتىپ ياۋغا قارشى چىقىشقا ماقۇل بولىدۇ. شۇ نەرسە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ، رۇستەم كەلگەندە شاھ ئۇنىڭ-دىن ئەپۇ سوراشقا باشلايدۇ. فىردەۋسى بۇ سەھنىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

شاھ ئۇنى كۆرۈشى بىلەن يىراقتىن،
قارشى ئالدى سەكرەپ چۈشۈپ تەختىدىن.
«ئەپۇ قىل، قىزىدىم»، دېدى ئاڭا شاھ.
«لېيىمنى ئەتكەنكەن تەڭرى شۇنداق، ئاھ.
بېشىمدا قاتىل ياۋ بىر قىلىچ مىسال،
يۈرىكىم يىمىرىلدى مىسالى ھىلال.
سەندىن چارە كۈتتۈم ئىزتىراب بىلەن،
غەزىپىم غالىب كەلدى كېچىككەچكە سەن.
كۆڭلۈك رەنجىدىمۇ، پىل تەن، شىر سىياق،
ئىچىمدە پۇشايمان، ئاغزىمدا تۇپراق.»
جاۋاب بەردى رۇستەم: «شەھرىيار ئۆزۈڭ،
بىزلەر چاكىرىڭمىز، ھۆكۈمدار ئۆزۈڭ.
باشقىلار قاتارى نەۋكىرىڭ مەن ھەم،

① چوقمار — توقماققا ئوخشايدىغان جەڭ قورالى؛ گۇرزە.
② نېگىن — قولغا سالىدىغان ئۈزۈك.
③ شۇدگار — يەرنى ئاغدۇرۇش، شۇدىگەر قىلىش؛ تېرىقچىلىق.

نەۋكەرلىككە ئەگەر ئازراق ئەرزىسەم.
تۇرارمەن ئەمرىڭگە بۇگۇن ئىنتىزار،
پاراسەت، قۇدرەت سەندە، سۆز سەندە بار.»

شۇنداق قىلىپ شائىر پالۋان رۇستەمنى قانچىلىك يۇكسەكلىككە كۆتۇرۇپ ئۇلۇغلىسا، شاھنى شۇنچىلىك يەرگە ئۇردۇ، تۆۋەنلىتىدۇ. جەڭچى باتۇر ئالىدىدا شاھ ئۆز قەھرى - غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇ ۋە كەچۇرۇم سورايدۇ. بۇ يەردە مۇئەللىپىنىڭ ئۇلۇغلىقىمۇ، «شاھنامە» نىڭ خەلقچىلىقىمۇ روشەن نامايان بولدۇ.

«شاھنامە» نىڭ باش غايىسى — ۋەتەننى قەدىرلەش، خەلقنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش، خەلق پالۋانلىرىنى تەرىپلەشتۇر.

«شاھنامە» نىڭ خەلقچىللىقى بىردىنلا كۆزگە چۇشمەسلىكى مۇمكىن، ئۇنىڭدا بۇ غايە ئوچۇقتىن - ئوچۇق كۆرۇنۇپ تۇرمايدۇ، ئەمما، پۇتۇن داستان خەلقچىلىق روھى بىلەن سۇغىرىلغان. داستاننىڭ ئايرىم قىسىملىرى، ئايرىم داستان ۋە بېيىتلەرلا ئەمەس، ئۇنىڭ روھى خەلقچىل.

شائىر پادىشاھلارنى ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولۇشقا، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشكە چاقىرىدۇ، خەلقنى ئارتۇقچە سېلىقلاردىن ئازاد قىلىش، زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ھىمايە قىلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. فىردەۋسى شاھلارغا ئۇلارنىڭ لەشكىرى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇلىرىنى چەيلىمەسلىكلىرى كېرەكلىكىنى تەرغىپ قىلىدۇ.

فىردەۋسى خەلق ئىسيانى ئۇستىدە تۇرغان مەزدەك ۋە مەزدەكىلەر ھەرىكىتىگە ئۆزىنىڭ خەيرىخاھلىقىنى يوشۇرماي، ئىچىگە يۇتماي ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلەيدۇ. ھەممە ئوتتۇرا ئەسىر يازغۇچىلىرى، تارىخچى ئالىملىرى مەزدەك ھەققىدە يېزىپ، ئۇنى «مۇتتەھەم» لىكتە، «كاپىر» ۋە «قاتىللىق» تا ئەيىبلەپ، لەنەتلىگەن، پەقەت ئىككى ئۇلۇغ شەخس — ئەبۇرەيھان بېرۇنىي ۋە ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىلا بۇ ئىجتىمائىي ۋەقەگە خالىس ئىجابىي باھا بېرەلىدى.

فىردەۋسى ئىجادىيىتىدە مەزدەكىلەر — ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدىن مەھرۇم، ئاچ - يالىڭاچ قالغان ۋە ھەقلىق رەۋىشتە ئىسيان كۆتۇرگەن كىشىلەر. مەزدەك ئوبرازىنى شائىر ئالدامچى، ساختىپەز، مۇتتەھەم ئەمەس، ئاچ قالغان خەلققە نان تېپىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن دانىشمەن يولباشچى سۇپىتىدە سۇرەتلەيدۇ. مەزدەك ھەققىدىكى قىسىمنى فىردەۋسى مۇنداق بېيىتلار بىلەن باشلايدۇ:

دۇنيادا ياشايتتى مەزدەك دېگەن زات،
ناتىقۇ بىلىمدان، تەدبىرلىك ئۇستاز.
ئۇلۇغ ئېسىلزادە، دانىشمەن كىشى،
قۇبادقا مەسلىھەت ھۇنىرى، ئىشى ...

بۇ سۆزلەر ئوتتۇرا ئەسىر تارىخچىلىرىنىڭ مەزدەككە بەرگەن باھالىرىنى تامامەن ئىنكار قىلىدۇ.

فىردەۋسىنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، ئاچ قالغان كىشىلەر مەزدەك يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. مەزدەك ئۇلارغا ۋەدە بېرىپ شاھ-

يېنىغا ماڭىدۇ. مەزدەك پادىشاھقا مۇنداق سوئال بېرىدۇ:

—يىلان چاققان كىشىدىن تەرياكنى① ئاياپ بەرمىگەن ئادەمنىڭ مۇكاپىتى نېمە بولۇشى كېرەك؟

—بۇنداق زالىمنىڭ جازاسى ئۆلۈم!— دەيدۇ شاھ قۇباد.

بۇنداق جاۋاب ئالغان مەزدەك خەلقنى تىنچلاندۇرىدۇ. ئەتىسى ئۇ يەنە شاھقا سوئال بېرىدۇ:

—ئەي شاھ، قول - ئايىغى باغلاقلىق كىشىگە نان بەرمەي، ئۇنىڭ ئاچتىن ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان كىشىنىڭ مۇكاپىتى نېمە بولىدۇ؟

—ئۇنداقلارنىڭ جازاسى — ئۆلۈم! — دەيدۇ شاھ.

شاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مەزدەك سارايدىن چىقىپ، ئاچ قالغانلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭ، شۇ جۈملىدىن شاھلىقنىڭ ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقنى تالاپ ئېلىشنى ئۇقتۇرىدۇ.

مەزدەك شاھقا ئۆز سوئال - جاۋابىنى ئەسلىتىدۇ:

مەزدەك جاۋاب بەردى: «سائادەتلىك شاھ،
ھەر سۆزۈڭ بىقىياس ئەقلىدىن گۇۋاھ،
سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئېيتتىم ئۇلۇسقا،
نېمىدېگەن بولساڭ ھەربىر خۇسۇستا.
دېدىڭكى، بىراۋنى چاققاندا يىلان.
بىراۋ تەرياكنى گەر تۇتسا نىھان.
باراۋەردۇر، دېدىڭ، قاتىللىق بىلەن،
شۇنداق ھۆكۈم قىلدىڭ ئادىللىق بىلەن.
ئاچ قالغان كىشىنىڭ ناندۇر تەرياكى،
بۇنى ھېس قىلغايمۇ توقنىڭ ئىدراكى.»

شۇنداق قىلىپ، مەزدەك كەلتۈرگەن مەسەل ھەم ئۇنىڭ غەزەپلىك سۆزلىرى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ نېنىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى ئاچلىق ئۆلۈمىگە مەھكۇم قىلغان زالىملارنى پاش قىلغۇچى ئەيىبنامە بولۇپ جاراڭلايدۇ.

تۆمۈرچى كاۋە ھەققىدىكى قىسمىمۇ «شاھنامە» نىڭ ياخشى ئېپىزوتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

زالىم پادىشاھ زەھھاك مۈرىسىدىن ئۆسۈپ چىققان ئىككى يىلاننى بېقىش ئۈچۈن ھەر كۈنى خەلق پەرزەنتلىرىدىن ئىككى يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ، مېڭىسىنى قورۇپ يىلانلارغا يېگۈزىدۇ. ئەمما، قىساس يېقىن ئىكەنلىكىنى سەزگەن زەھھاك قاتتىق ۋەھىمىدە قالىدۇ، ئادالەت ئورنىتىش زىممىسىگە چۈشكەن ئىران شاھلىرى تەختىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى پەرىدۇن يېتىپ كەلمەكتە. زەھھاك ئۆزىنى ئادىل پادىشاھ قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن نامە يازدۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى بايان قىلدۇرىدۇ. ئار - نومۇستىن مەھرۇم ساراي خادىملىرى بۇ يارلىق ئاستىغا ئىمزا قويۇشىدۇ. شۇ چاغدا ئىشىكتىن ئاددىي بىر تۆمۈرچى كاۋە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كەنجى ئوغلىنىمۇ يىلانلارنىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن ئېلىپ كېلىشكەنىدى. شاھنىڭ «ساڭا كىم زۇلۇم قىلدى» دېگەن سوئالىغا جاۋابەن:

قوللىرىن بېشىغا ئۇرۇپ دەر: «ئەي شاھ،
مېنىڭ نامىم كاۋە، ئادالەت، دادخاھ.
سەندىن زۇلۇم كۆردۈم، سەندىدۇر راۋا،
ئادىل بولساڭ قىلغىن دەردىمگە داۋا.
مەن بىر تۆمۈرچىمەن كىرسىز، بىزىيان،
سەن شاھدىن بېشىمغا ياغار ئوت ھامان.
سەن شاھسەن، بولساڭمۇ ئەجدىھا سۈپەت،

① تەرياك — زەھەر قايتۇرۇش دورىسى.

مىزان بولۇش كېرەك شاھقا ئادالەت.
گەرچە يەتتە ئىقلىم شاھلىقىڭدا جەم،
نېچۈن بىزگە قىسمەت پەقەت دەردۇ غەم.
ئەمدى ئىشلىرىڭدىن ماڭا بەر ھېساب،
جاھان ھەيرىتىڭدىن تاڭ قالسۇن شۇ تاپ.
بەلكىم، ھېسابىڭدىن بولىدۇ مەلۇم،
نېمىشقا پەرزەنتىمدىن قىلدىڭ مەھرۇم.
ئېيت، يىلانغا يېگۈزۈش سەۋەبىنى،
گۇناھسىز ئوغۇللار پاك مېڭىسىنى؟»

زەھھاك بۇنداق جاسارەتتىن ھەيران قالىدۇ. كاۋەنىڭ ئوغلىنى ياندۇرۇپ بېرىش ھەققىدە پەرمان بېرىدۇ ۋە ئۇتتۇرىدىكى بۇيرۇققا ئۇنىڭمۇ ئىمزا قويۇشىنى سورايدۇ. شۇ چاغدا فىردەۋسى قەلىمى ئاستىدا بالىلىرى دەردىدە زەئىپلەشكەن ئاددىي تۆمۈرچى بۈيۈك ۋەتەنپەرۋەر، ئىسيانكار بىر ئىنسانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ:

يارلىقنى ئوقۇغان كاۋە تۆمۈرچى،
كۆزىدىن ئوت چاقناپ ئۆرتىنەر ئىچى.
قېرىلارغا دېدى: «خۇدا بىخەۋەر،
دىۋىگە مالاي بوپ قېلىپسىز ئەسكەر.
ئەھرىمەن سۆزىگە بېرىپ كۆڭۈلنى،
دوزاخقا توپتوغرا ئېلىپسىز يولنى.
بۇ يارلىققا ئىسمىم يازماسمەن ئەسلا،
ھېچ قورقۇنچ سالالماس ماڭا ئەجدىھا»
غەزەپتىن ئۇ دىر - دىر تىترەر باشلىدى،
يارلىقنى يىرتىپ يەرگە تاشلىدى.

تالاغا يۈگۈرۈپ چىققان كاۋەنى خەلق قارشى ئالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پەرتۇقىنى بايراق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ. بۇ بايراق ئاستىغا توپلانغان خەلق زالىم شاھنى تەختتىن ئاغدۇرىدۇ ۋە ئادىل پەرىدۇننى تەختكە چىقىرىدۇ.

كاۋە ئوبرازى فىردەۋسىنىڭ ئەڭ كاتتا ئىجادىي ئۇتۇقى، دەپ ھېسابلانسا بولىدۇ. فىردەۋسى ئاز سۆز بىلەن يىرىك بوياقلاردا خەلقنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازىنى سىزىپ بەردى.

ئەمما، بۇ سۆزلەر فىردەۋسى ئىجادىدا قارىمۇ قارشىلىقلار يوق دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە بۇنداق قارىمۇ قارشىلىقلار ئۆتكەنكى ھەممە ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىغا خاس. بۇنداق ئىجادىيەت تەھلىلىنىڭ روشەن نەمۇنىسىنى ۋ. ئى. لېنىن ئۆزىنىڭ لېۋ. تولستوي ھەققىدىكى ماقالىلىرىدا كۆرسىتىپ بەرگەن.

تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ كېتىشكە مەھكۇم بولغان يېرىم پاترىئارخال ۋە يېرىم فېئودال يەر ئىگىلىرى سىنىپىنىڭ ئىدېئولوگى ۋە ئۇلارنىڭ غايىۋى مەسلەكدىشى بولغان ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ كاتتا ئېپوپېيىسىدە خەلقنىڭ ئارزۇ — ئۈمىدلىرى بىلەن بىر قاتاردا مانا شۇ سىنىپ دۇنيا قارىشىنىمۇ ئىنكاس قىلدى. «شاھنامە» نىڭ ئاساسىي غايىلىرىدىن بىرى ئالىي ھاكىمىيەت — پادىشاھلىقنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراسلىقى — يەنى فېئودال لېگىتىمىزم غايىسى بولۇپ، فىردەۋسى بۇ غايىنىڭ ئىلاھىيلىقىغا ئەزەلىي ۋە ئەبەدىيلىكىگە شۈبھىلەنمەيدۇ ۋە بۇنىڭغا ھېچ شەك كەلتۈرمەيدۇ. پەقەت خۇدا ئاتا قىلغان نۇر ئىگىسىلا تەخت ۋارىسى بولالىشىغا ئۇنىڭ ئىمانى كامىل.

شائىر ھاكىمىيەتنىڭ پادىشاھلىقتىن باشقا شەكىللىرى ھەققىدە ئويلاپمۇ باقمىغان. ئۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بايلار ۋە كەمبەغەللەرگە بۆلۈنۈشىدىن باشقا شەكىللىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە،

فېئودال شاھ ئىدارە قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنداق غايىلەر بولۇپمۇ بەھرام گور شاھلىقى دەۋرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى ئېپىزوتتا روشەن كۆزگە چۈشىدۇ: بىر كۈنى بەھرام گور ئۆز ئادەملىرى بىلەن گۈللەپ ياشنىغان بىر يېزا يېنىدىن ئۆتكەنىكەن. يېزا خەلقى ئۇنىڭغا شاھانە ھۆرمەت-ئىززەت كۆرسەتمەپتۇ. بەھرام گورنىڭ غەزىپى قايناپ، بىر خىزمەتكارغا بۇلارنى جازالاشنى تاپشۇرىدۇ. خىزمەتكار بۇنداق پەرمان ئالغاندىن كېيىن يېزىغا بارىدۇ ۋە: «ئەمدى بۇ يېزىدا ھەممە كىشى باپباراۋەر، بۇ يەردە نە ھاكىم، نە يېزا ئاقساقىلى، ھەممە كىشى ئۆزى خالىغىنىچە ياشاۋەرسۇن!» — دەيدۇ.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن يېزا خەلقى ئەمگەك قىلماي، ھېچكىمگە بويسۇنماي قويۇشتى. بۇ جايدا ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە باشباشتاقلىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى. قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق، ھەتتا قاتىللىق كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋەردى. خەلقلەر ئۆز ماكانىنى تاشلاپ باشقا ياقلارغا كۆچۈپ كېتىشتى. ئاۋات قىشلاق تېز ئارىدا خارابىلىككە ئايلاندى. بىر يىلدىن كېيىن شۇ يەردىن ئۆتۈپ قالغان بەھرام شاھ بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. «نېمىشقا بۇ ئاۋات جاي شۇنداق ئەھۋالغا چۈشتى؟» سورىدى شاھ. خىزمەتكار بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. بەھرام گور بولغان ئىشتىن ئەپسۇسلىنىپ يېزىنى ئاۋۋالقى ھالىغا كەلتۈرۈشنى تاپشۇردى.

خىزمەتكار قىشلاققا كەلدى، بىر پېشقەدەمنى ئاقساقال قىلىپ تەيىنلىدى ۋە خەلق ئارىسىدا يامانلىق قىلغۇچىلارغا قارشى چارە كۆرۈشنى بۇيرۇپ قايتىپ كەتتى. قىشلاقتا ئىنتىزام ئورنىتىلىپ بىر يىلدىن كېيىن قىشلاق يەنە ئەسلى ھالىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. فىردەۋسى دۇنيا قارىشىنىڭ تارىخىي چەكلىملىكى بۇ ھېكايەتتە روشەن نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. يەنى غايىۋى تېندىنسىيە توغرىدىن — توغرا ئىپادىلەنگەن. «شاھنامە» روھىي جەھەتتە باشتىن — ئاياغ شۇ غايە بىلەن سۇغىرىلغان.

ئەمما «شاھنامە» نىڭ بۈگۈنكى قىممىتى مۇئەللىپىنىڭ تارىخىي ۋە سىنىپىي جەھەتتە چەكلەنگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئىنسان ھاياتى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ماھىرانە تەسۋىرلىرىدە، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس گۈزەللىك ۋە كەمچىلىكلىرى، ئىجابىي ۋە سەلبىي خاراكتېرى تەسۋىرلەنگەنلىكىدە.

«شاھنامە» نىڭ ئىككىنچى ئاساسىي غايىسى ياخشىلىق ئارىسىدىكى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي كۈرەش غايىسىدۇر. مۇتەخەسسىسلەر بۇ غايە ئىرانلىقلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ «ئاۋېستا» كىتابىغا كىرگەن قەدىمكى دىنىي ئەقىدىلىرى، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىدىن باشلانغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بۇنىڭدا ئاخىر مەزدەك باشچىلىقىدىكى ياخشىلىق كۈچلىرىنىڭ ئەھرىمەن قول ئاستىدىكى ياۋۇز لەشكەرلەرگە قارشى كۈرەشى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. «شاھنامە» دە ئىرانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى گۈزەللىك كۈچلەر مۇجەسسەمى ھېسابلانسا، تۇرانلىقلار، روملار ۋە باشقا ھەممە كۈچەنلەر يامانلىق، ئەھرىمەن تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بالا-قازا ھېسابلىنىدۇ. فىردەۋسى ئومۇمەن باسقۇنچىلارنى ئەھرىمەن ياراتقان كۈچلەر ھېسابلايدۇ. شۇ جۈملىدىن ئەرەب

باسقۇنچىلىرىنىمۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ. شۇنى بايان قىلىش كېرەككى، شائىر مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەرگە كاتتا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىرانغا باسقۇنچىلىق قىلىپ كەلگەن ئەرەبلەرنى زادى كەچۈرەلمەيدۇ. ئۇ خەلىپىلىك ئەسكەرلىرى ئىراننى بويسۇندۇرۇشتا كۆرسەتكەن باسقۇنچىلىقى ۋە زۇلمىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. فىردەۋسىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى سۆزلىرى كۆپىرەك مۇئەللىپ نامىدىن ئەمەس، پېرسوناژلار تىلىدىن ئېيتىلىدۇ.

ئىران پادىشاھى يازدىگەرد III تىلىدىن ئاڭلار، ئۇ ئەرەب باسقۇنچىلىرىنى شۇنداق تەرىپلەيدۇ:

سىزگىمۇ يەتكەن بولسا كېرەك خەۋەر،
بېشىمىزغا چۈشتى نى كۈلپەت،، خەتەر.
يىلانخور، دىۋە يۈز دىۋانىلاردىن،
ئەقلۇ ھۇش، ئىنسابتىن بىگانىلاردىن.
نە بايلىق، نە تەختۇ نە ئالىي نەسەب،
ھەممەسىن يوق قىلار، كېتەر يالاپ ـ يەپ.
نۇرغۇن گۆھەر بايلىق يەلگە بېرىلدى،
تالاي ئەزىز باشلار يەرگە قىرىلدى.
فەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق ئايلىنار،
ئەمدى شاھلىق كۆپ زىيانلار تارتار.
قاغا باشلىق، خۇنسىز، نامسىز، نومۇسسىز،
بۇ توپتا نە ئەس، نە ھۇش بار، ئېسسىز.

فىردەۋسى ئەللىك ـ ئاتمىش مىڭ بېيىت يۈزمىڭدىن ئارتۇق مىسرادىن ئىبارەت كاتتا ئېپوپېيىسىدە جەڭگى جېدەل ھەققىدە يېزىپ، ئۇرۇش قىلماسلىقتا، ھەممە قارىمۇ قارشىلىقلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا چاقىرىدۇ.

سۈلھى جەڭدىن ياخشى بولار بىگۇمان،
ھۇشيار بول، كەتمىسۇن قولدىن مالۇ جان.

فىردەۋسى ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق ئۇرۇش قىلماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ:

ھەركىمنىڭ ئۆز نامى، شان ـ ئارزۇسى بار،
جەڭدىن سۈلھ ئەۋزەلرەك كېلىدۇ مىڭ بار.

ئۇ ئىنسانغا ئازار بەرمەسلىككە، يامانلارنىڭ ئۇرۇقنى قۇرۇتۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئادەم ئەڭ قىممەتلىك گۆھەر، كىمكى كىشىگە يامانلىقنى راۋا كۆرسە، ئۇنىڭ ئۆزى پالاكەتكە دۇچار بولىدۇ.

بىراۋغا تىلىسە ھەر كىم يامانلىق،
ئاخىرى ئۇ ئۆزى تاپماس ئامانلىق.

باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ئۆز ھاياتىدەك ساقلاش لازىم، دەپ ئۇقتۇرغان ئىنساندپەرۋەر شائىر ھەتتا چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ:

كىم چۈمۈلە كۆڭلىنى قىلدىكەن غەش،
ئىچى قارادۇرۇر، يۈرەك ـ باغرى تاش.

شائىر ھاياتنى قەدىرلەشكە دەۋەت قىلىدۇ ـ دە، زۆرۈرىيەت مەجبۇر قىلمىسا قان تۆكمەسلىك كېرەكلىكىنى بەك كۆپ جايدا تەكىتلەيدۇ.

بىلىپ قوي، ياخشىمەس قان تۆكۈش ئەسلا، بىگۇناھلارغا ھېچ كەلتۈرمە بالا!
سەۋەبسىز جەڭ باشلار ئىكەن قاي ئىنسان،
بولار باغرى قان، رەڭگى زەپىران.

ئۇ ئۇرۇشلارنى پەقەت ۋەتەنگە ھۇجۇم قىلىنغاندىلا لايىق دەيدۇ. ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئىجادكارى ئىنسان دەپ قارايدۇ.

ئىنساندىن ياخشىلىق، نۇر ۋە روشەنلىك،
ئىنسانسىز دۇنيادا يوق پاراۋانلىق.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ فىردەۋسى ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن چېكىنگەن ھەر بىر كىشىگە دىۋە، جىن تامغىسىنى باسىدۇ.

ئەگەر كىم چېكىنسە ئادەمىيلىكتىن،
ئادەم ئەمەس، ئۇنى دىۋە، جىن دېگىن.

ئەنە شۇنداق ئىنسانىي ھېسلىرى، غايىلىرى، پىكىر ۋە تۇيغۇلىرى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەسىرى ئەسىرلەر بويى سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە، تىلدىن - تىلغا تەرجىمە قىلىنماقتا.

«شاھنامە» ئىراندا ساسانىي ھاكىمىيىتىنىڭ تارمار قىلىنىشى، ئىران شاھى يازدىگەردIIIنىڭ ھالاكىتى بىلەن تامام بولىدۇ. ئەمما كىتابخانىنىڭ كۆڭلى مەھكۇملۇق ۋە ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتىغا چۆكۈپ قالمايدۇ.

«شاھنامە» — ئىستىقبالغا تەلپۈنگەن كىتاب، ئۇنى ئوقۇغان كىشىدە ئادەم پەرزەنتىنىڭ يامانلىق، قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت چاڭگىلىدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچە پەيدا بولىدۇ. كېچىنىڭ ئارقىسىدىن كۈندۈز كېلىشى، يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن تەنتەنە قىلىشىغا ئىشىنىدۇ.

«شاھنامە» نىڭ ئاپتورى ئەمگەكچىلەرگە زور مېھىر — مۇھەببەت بىلەن قاراپ، ئادىل شاھلىق غايىلىرىنى ئالغا سۈرىدۇ. ھەممە شاھلار شاھلىق تەختىگە چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدا ۋە ياكى ئۆلۈم ئالدىدا ۋارىسلىرىغا قىلغان ۋەسىيەتلىرىدە بولسۇن ھۆكۈمدارلارنى پېقىر، مىسكىنلەرگە ۋە ئەمگەكچىلەرگە زۇلۇم قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ.

لەشكەر باشلىقلىرى ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلىنىدىكەن، ئۇرۇش بولغان جايلاردا دېھقانلارنىڭ زىرائەتلىرىنى چەيلىمەسلىك، ئاددىي خەلقنى رەنجىتمەسلىكنى تاپشۇرىدۇ.

«شاھنامە» يۈكسەك دەرىجىدە تەربىيە سېلىنغان ئەسەر بولۇپ، كومپوزىتسىيىسى بەكمۇ پۇختا. فىردەۋسى ئۆزىنىڭ بۇ كاتتا ئەسىرىدە بەكمۇ كۆپ پەلسەپىۋى غايىلەر ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئالغا سۈرىدۇ. كۆپ خاراكتېرلارنى يارىتىدۇ، پېرسوناژلارنى سىزىدۇ، جەڭ مەيدانلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ.

«شاھنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئىپتىخارى ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە، ئەرەب باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىككى يۈز يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش غەلىبە بىلەن يەكۈنلىنىۋاتقان دەۋردە يارىتىلغان.

بۇ دەۋردە دارىي تىلى ئەدەبىي تىل بولۇپ مەيدانغا چىقتى ۋە بۇ تىلدا باي ئەدەبىيات يارىتىلدى.

«شاھنامە» تەتقىقاتچىلىرىدىن پىروفېسسور ئې. ئە. بېرتېلس كۆرسەتكەندەك «X — XI ئەسىر باشلىرىدىكى پوئېزىيە قانچىلىك پارلاق بولسۇن، ئۇ گېنىئال شائىر فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانى ئالدىدا خىرەلىشىپ قالىدۇ».

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرى مىللىي مەركەزلەشكەن دۆلەتنى تەشكىل قىلىشنى بىلگەن سامانىيلار دەۋرىدە، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە بەكمۇ كاتتا ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەنلىكى بولدى، بۇ ۋاقىتتا ئىلىم - پەن ۋە پەلسەپىۋى پىكىر ئۆز دەۋرى ئۇچۇن بەكمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. بۇ دەۋردە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېتىشىپ چىققان مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىيا رازىي، ئەبۇ نەسىر فارابىي، ئەبۇرەيھان بېرۇنىي، ئەبۇ ئەلى

ئىبن سىناغا ئوخشاش ئالىملارنىڭ پائا-
لىيىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

بۇ ئالىملار ئەكسىيەتچى پەلسەپە
نامايانىدىلىرى، مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار بىلەن
مۇنازىرىلىشەتتى، ھايات ھەقىقىتىنى ئىز-
دىشەتتى ۋە ئىلغار غايىلەرنى تەرغىب
قىلىشاتتى، ئىلىم - پەننى تەرەققىي ئەت-
تۈرەتتى. ئىسلام دوگمىلىرىغىمۇ ئەركىن
قاراپ، ئۇنى ئىنسانىي مەنتىق ئۆلچىمى
بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرەتتى. ئۇلارنى ئىنسان-
نى ھۆرمەت قىلىشقا دىنىي ئېتىقادلاردىن
قەتئىينەزەر، كىشىلەرنى تىنچلىق ۋە ھەم-
كارلىقتا ياشاشقا، چەتتىن كەلگەن باس-
قۇنچىلارغا قارشى بىرلىشىپ كۈرەش قىلىشقا
چاقىرىدۇ. بۇ ئالىيجاناب غايىلەر شاھ-
نامە» دە ئۆزىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى
تاپقان.

ئەنە شۇنداق يۇقىرى مەدەنىيەت
مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولغان فىردەۋسى-
مۇ زاماندىشلىرى — بۈيۈك ئالىملارنىڭ ئىل-
مىي جاسارىتىگە تەڭ كېلىدىغان كاتتا بەدى-
ئىي ئەسەر ياراتتى. ئۆز زامانىسىنىڭ
دانىشمەنلىرىدىن بىرى بولغىنى ئۈچۈن
«ھەكىم» لەقىمىنى ئالدى.

بۇ بۈيۈك داستاننىڭ ئۇپۇقى شۇن-
چە كەڭ، تۈۋى شۇ دەرىجىدە چوڭقۇر-
كى، بۇ بىر كىچىك ماقالە ئەمەس، ئۇنىڭ
تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان زور كىتابلارمۇ تې-
خى ئۇنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى، پۈتۈن جاۋا-
ھىراتىنى تەرىپلەپ بېرەلىگىنى يوق.

بۇ كىتابنى خەلق «شاھلار ھەقىق-
دىكى كىتاب» دەپ ئەمەس، كىشىلىك
ئەدەبىياتى خەزىنىسىنىڭ «شاھ كىتابى»
دەپ قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئەبە-
دىيلىك بەخش قىلغانلىقى بىكار ئەمەس.






(داستان)

ماخوسەننىڭ ۋاقتىدا،
ئەبەيدۇللا بىلەن مەمتىلىخان
ئەگرۇ ساي ① دېگەن يۇرتتا
قۇش - قاچىغى ئويناقلىق،
تۇرغانغۇ زامانلاردا،
قۇمبىردىقتىكى دانا تاز
قوقانغا ② كىرىپ ئەمدى
لەگپۇگەنگە چېقىپ قويدى.
لەگپۇگەن دېگەن تۇڭگان،
خوتەن سىلىگىگا خەت يازدى.
سىلىگىدىن تەگدى گۇڭسا ③ ،
جالالىدىن خان غوجام ئوقۇپ،
ئەبەيدۇللانى تاپتۇردى.
—هاي بالام، ئەبەيدۇللاخان
ئويۇننى ئازراق ئويناڭ سىز،
ئويۇن بېشىڭىزغا چىققۇدەك.
ئەر سىلىگىدىن خەت كەپتۇ،—
دېگەنغۇ زامانلاردا
—هاي دادا، جالالىدىن خان،
خوتەنگە مەن بىر بېرىپ كېلەي،
سىلىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي،—

شۇنداقتىنا دېگەندە،
—هاي بالام، ئەبەيدۇللاخان،
سىز ئۆزىڭىز كىچىك بالا،
ناتوغرا گەپ ئۆتۈلۈپ قالا.
خوتەنگە سىز ئۆزىڭىز با [ر] ماڭ،
ئۆزەم باراي خوتەنگە،—
شۇنداقتىنا دەپ تۇردى.
— هاي دادا، جالالىدىن خان،
ئۆزۈم كىچىك بولسامۇ
تۆت ئېغىز گېپىم با [ر] دۇر.
جايىدا يولداپ كېلەرمەن.
شۇنداقتىنا دەپ تۇردى،
ئەبەيدۇللاخان ئاتلاندى.
گازۇنغا ④ يەتكەن چېغىدا
لەگپۇگەن يولۇقۇپ كەلدى.
لەگپۇگەن دېگەن تۇڭگان:
—نەگە بارىسىز ئەبەيدۇللاخان؟
—خوتەن شەرىگە مېڭىپتىم،
بىر پارچە خەت ئەۋەتىپسەنغۇ،
خەت ئۇچۇرىنى ئېلىپ كەلدىم، -
دېگەنغۇ زامانلا [ر] دا.

① ئەگرۇ ساي — ئورۇن ئىسمى، خوتەن ناھىيە لاگرو يېزىسىنىڭ بىر كەنتى.
② قوقان — ئورۇن ئىسمى. قارىقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدا.
③ گۇڭسا — ھۆكۈمەت ئالاقىسى. ئالاقە.
④ گازۇن— ئورۇن ئىسمى خوتەن ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر ئۆستەڭ بويى يېزىسى.

— مېنىڭ ئالدىمغا كەلگۈچە
چەچەن سوقاپ ئولتۇرساڭ
گۇناھىڭدىن ئۆتەدىم، —
ئەبەيدۇللا غوجام دېدى:
—ساڭا چەچەن سوقۇپ ئولتۇرغىچە
پولاتتىن خەنجىرىم با [ر] دۇر،
پەرەڭدىن مىلتىقىم با [ر] دۇر.
ئېتىشىپ ئۆلە [ر] مەن لەڭپۇگەن.
چېپىشىپ ئۆلە [ر] مەن لەڭپۇگەن، —
شۇنداقىنا دېگەندە
— گەپنى بەك يوغان قىلدىڭ،
يوغان گەپ قىلما ئەبەيدۇللا،
سەككىز لەڭزە لەشكە [ر] با [ر]
قانداق توشايسەن ئەبەيدۇللا، —
شۇنداقىنا دېگەندە
— سەككىز لەڭزە لەشكە [ر] گە
قىرىق دانە پەۋانىم با [ر] دۇر،
سېنىڭ ھەممەڭگە توشايدۇ.
دېگەنىغۇ زامانلا [ر] دا،
لەڭپۇگەن يېنىپ كەتتى.
ئەبەيدۇللاخان يېنىپ كەلدى.

لەڭپۇگەن دېگەن تۇڭگان
ئەتىسى چۈش ۋاقتى بىلەن
بىر لەڭزە ئەسكەر باشلاپ
سېپىل ئالدىغا چىقاندا
پۇجۇيلۇق ① مىرزىكېرىم كېلىپ
— نەگە بارىسىز جېنىم لەڭپۇگەن،
ئاچچىقىڭىز غەزەپ كەپتۇ.
لەڭزى باشلاپ مېڭىپسىز، —
شۇنداقىنا دېگەندە
— قارىقاش دېگەن شە [ھەر] دىن
لەڭگە [ر] دېگەن كەنتىدىن
جالالىدىن خاننىڭ بالىسى
ئەدەبسىز بىر گەپ قىلدى.
يۈرەككە نەقىش باغلاتتى.
ئەدىپىنى بىر بېرىپ كېلەي، —
شۇنداقىنا دېگەندە.
—ئابدان بولاپتۇ لەڭپۇگەن،
ئەبەيدۇللا دېگەن باللا،
ئۆزى كىچىك نادان باللا.
ئۆزىنى توختىتالماي قىپ ساپتۇ،
چەپ قولىڭىزغا تەڭ كەلمەس.
بۈگۈن كەچ بولاپ قاپتۇ.
ئەتە سەھەردە بارساقچۇ،
مەنمۇ باراي لەڭپۇگەن.
شۇنداقىنا دېگەندە،
لەڭپۇگەن يېنىپ كەتتى.
مىرزىكېرىم بەگ ھۇجرىسىغا كىرىپ
قولىغا قەلەم، قەغەز ئېلىپ
بىر پا [ر] چە سالام يازدى:
«سالام سىزگە ئەبەيدۇللاخان،
سالامدىن كېيىن سۆزۈم شۇكى
سىز مۇشۇ گەپنى قىلغۇچە
تۆت ئېغىز ياخشى گەپ قىلسىڭىز،
گۇناھىڭىزدىن ئۆتە [ر] دى،
بۇ بىرەھىم تۇڭگانلا [ر]
قارىقاشقا بېرىپ قالسا،
تۇڭگان دېگەن بىرەھىم
ئەكىرىپلا ئۆلتۈرۈۋاتا [ر] مۇ
يا، تاياققا ئاپىرىپ باسا [ر] مۇ،
يا، باغلاپ تاياققا ئاسا [ر] مۇ.
جېنىڭنى جايلاپ قاچساڭچۇ»
شۇمەزمۇندا خەت يازدى،
بىر مەھرىمىدىن ئەۋەتتى.
نامازشامغا خەت كېلىپ تەگدى.

---

① پۇجۇي — ئورۇن ئىسمى، خوتەن ناھىيە لاڭرۇ يېزىسىنىڭ بىر كەنتى.

ئەبەيدۇللاخان خەتنى ئوقۇپ،
كېچە تاڭنىڭ ۋاقتىغىچە
جابدۇقىنى تەي ① قىلدى.
كېچە تاڭنىڭ ۋاقتى بىلەن
دۇۋا ② پاششىمغا ئاتلاندى.
دۇۋا پاششىمغا چىققۇچە
ئەتىسى لەڭپۇگەن كەلدى.
زاۋا كەنتىنى تۇڭگان باستى.
ئاق ئايۋانغا كىرىپ تۇرۇپ،
لەڭپۇگەن دېگەن تۇڭگان،
مورىغا چىنەپ ئوق ئاتتى.
جالالىدىنخان غوجام قوپاپ
قول باغلاپ ئالدىغا چىقتى.
سەيدىنىسە خېنىم ئەمدى
ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى.
جالالىدىنخان غوجام ئېيتتى:
ئۆيگە كىرىلى لەڭپۇگەن
سىنچاي ئىچىلى لەڭپۇگەن، —
شۇنداقىنا دېگەندە
لەڭپۇگەن تۇڭگان ئېيتتى:
— سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن،
سىنچېيىڭنى ئىچمەيمەن.
ئەبەيدۇللانى تېپىپ ئەكىلىپ
ئالدىمغا توغرا قىلغىن.
— ئەبەيدۇللاخاننى كۆ[ر]مىگىلى
تۆت يېرىم ئاي بولاپتۇ.
ئەبەيدۇللا ماڭا بىقارا[ر] ③،
ئەگرۇ سايدا ئويناپمىش، —

شۇنداقىنا دېگەندە
قولىنى چەمبە[ر] چەس باغلاپ
چوغدەككە ئېسىپ قويدى.
قىقىراسلاپ يىغلاقلىق،
ئېگىز ئېرىقتا خەت يازدى.
مەمتىلىخان غوجام كىردى:
— جېنىمغىنا لەڭپۇگەن
ئاكامنى چۈدۈرۈپ ④ قويساڭ،
ئەبەيدۇللانى مەن تاپسام،
شۇنداقىنا دېگەندە
جالالىدىنخاننى چۆدۈ[ر]دى،
ئون بەش كۈن قارا[ر] بە[ر]دى.
لەڭپۇگەن يېنىپ كەتتى.

جالالىدىنخان غوجام بىلەن
سەيدىنىسە خېنىم ئەمدى
مەمتىلىخان غوجام باشلىق
مەسلىھەتنى تازا قىلدى.
ئەتىسى ئەتىگەن قوپاپ،
مەمتىلىخان ئۆزى ئاتلاندى.
دۇۋا پاششىيىمغا چىققاندا
ئەبەيدۇللاخان غوجام ئەمدى
دۇۋا پاششىيىم دېگەن يەردە
بىر يېرىم كۈن يېتىپ بولاپ،
پۇشنىڭ ⑤ تېغىغا قوزغالدى.
ئەتىسى مەمتىلىخان چىقتى،
مەمتىلىخان غوجام چىقىپ،
دۇۋا پاششىيىمنىڭ شەيخلىرىدىن،

---

① تەي — تەييارلىماق، پۈتتۈرمەك.

② دۇۋا — ئورۇن ئىسمى، گۇما ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

③ بىقارار — قارارسىز، قارار قىلماي، كېلىشمەي، پۈتۈشمەي.

④ چۈدۈرۈپ — چۈشۈرۈپ.

⑤ پۇشا — خوتەن ناھىيە، لاڭرۇ يېزىسىغا قاراشلىق بىر تاغلىق كەنتنىڭ نامى.

ئەبەيدۇللانى سورىسا،
«پۇشىنىڭ تېغىغا قوزغالدى»
دېگەن خەۋەرنى بەردى.
مەمتىلىخان يەنە ئات سالدى.
پۇشا تاغقا يەتكەن چاغدا
ئات ئاۋازىنى ئىشىتىپ،
ئەبەيدۇللاخان يۈگۈرۈپ چىقتى،
ھا[ر]دۇقما سورىماي تۇرۇپ،
ئاتتىن چۈدۈ[ر]مەي تۇرۇپ،
ھا[ر]مىسىلا دېمەي تۇرۇپ،
— جېنىمغىنا خان ئاتا،
خوتەندە نېمە گەپ-سۆزۈم با[ر]
دۇ[ر].
ۋەقەنى بايان قىلىسىلا
— خوتەندە نېمە گەپ-سۆزۈك بولا[ر]،
سەيدىنىسەخان ئاناڭغا،
جالالىدىنخان داداڭغا
خوتەن بىر ھارام بولدى.
خوتەنگە كىرمەي بولمايدۇ،
شۇنداقىنا دېگەندە
— مەن خوتەنگە كىرمەيمەن،
ئەگەر خوتەنگە كىرىپ قالسام
تۇڭگان دېگەن بىرەھىم،
ئاپىرىپلا ئۆلتۈرۈۋاتا[ر]مۇ،
يا قىيىنغا باسا[ر]مۇ،
سەيدىنىسە ئانامنىڭكى
دۇنياسى ئۆزىدىن ئاشۇر،
ئىككى ھەرەمگە يول سالسۇن.
بەيتۇللادا كۆرەشكەيمىز.
كۆپتىن-كۆپ سالام دېسىلە، — دەپ
مەمتىلىخاننى ياندۇر[ر]دى.
مەمتىلىخان كىرىپ بولغۇچە،
يەنە تۇڭگانلىغا چاقا با[ر]دى:
— ئەبەيدۇللانى ئىزلىسەڭ
پۇشىنىڭ تېغىغا چىققىن، — دەپ.
لەڭپۇگەن دېگەن تۇڭگان
لەڭزى باشلاپ ئەپ ماڭدى.
داۋان تېگىگە يەتكەن چېغىدا،
ئەبەيدۇللاخان غوجام ئەمدى
قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرۇپ،
كۆزلىرى غەپلەتكە كەتتى.
غەپلەتتە چۈش كۆ[ر]دى:
ئوڭ تەرىپىدىن قارا بوران كەلدى،
سول تەرىپىدىن سېرىق بوران كەلدى.
قاراڭغۇلۇقتا قېلىپ چۈش كۆ[ر]دى.
ئەبەيدۇللاخان چۆچۈپ قوپتى،
— ھاي پەۋانلا[ر] ياش باللا[ر]،
ما[ۋۇ] ئىككىيلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ
داۋاننىڭ تېگىگە قاراڭلا[ر]
مېنىڭ چۈشۈم بۇزۇلۇپ قالدى، —
شۇنداقىنا دېگەندە
ئىككى پەۋان يۈگۈرۈپ بېرىپ،
داۋاننىڭ تېگىگە قارىسا،
قۇم-تۇپراقتەك تۇڭگانلا[ر]،
داۋانغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ،
پەۋانلا[ر] قېچىپ با[ر]دى.
— خان غوجام ئەبەيدۇللاخان،
ئاسماندىكى يۇلدۇزنىڭ
ئەدىتىنى ئالغىلى بولا،
تۇڭگانلا[ر] ئەجەب تولا،
ئەدىتىنى ئالغىلى بولمايدۇ.
بەيئەت قىلىلى خان غوجام
چوڭلىرىمىز بولساق، غوجام
ئاتقان ئوقىدا ئۆلە[ر]مىز،
ئۇششاقلىرىمىز بولساق، غوجام
ئات ئايىغىدا ئۆلە[ر]مىز، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
— جېنىڭنى جايلا پەۋانلا[ر]،
شۇنداقىنا دەپ قويدى.

ئۈچ يۈز دانە پەۋاندىن
ئىككى يۈز ئاتمىشى قوپاپ قاچتى.
قىرىق دانە پەۋان قالدى.
— خان غوجام ئەبەيدۇللاخان،
ياتساق بىللە ياتىتتۇق،
قوپساق بىللە قوپۇتتۇق،
سىنچاي بولسا تەك ئىچكەن،
سېمىز گۆش بولسا بىز يەيتتۇق،
جېنىمغىنا خان غوجام.
بىز بۇ يە[ر]دىن قېچىپ بېرىپ
جالالىددىنخان غوجادىنىڭ
تەرگە ① قانداق قارا[ر]مىز.
سەيدىنىسە خېنىمنىڭكى
تەرگە قانداق قارا[ر]مىز؟
«ئەبەيدۇللا نەدە قالدى؟» — دېسە،
نېمە دەپ جاۋاب بېرە[ر]مىز؟
جېنىمغىنا ئەبەيدۇللا،
قاچسىلا بىللە قاچا[ر]مىز،
قالسىلا بىللە قالا[ر]مىز.
ئۇتقىما بىللە كىرە[ر]مىز،
سۇدىما بىللە ئاقا[ر]مىز، — دەپ،
پەۋانلا[ر] يىغلىشىپ تۇ[ر]دى.
— بۇ گېپىڭلىگە مىڭ رەھمەت.
سەيدىنىسە ئانىكام با[ر] دۇ[ر].
جالالىددىنخان دادام با[ر]دۇ[ر].
مېنى تۇڭگانلا[ر] ئۆلتۈرۈۋاتسا،
دەرد ئاغرىقىدا قالۇر،
ھە[ر]بىرسىڭلىگە قاراپ،
بالامنىڭ پەۋانلىرى دەپ
ياشىرامىكى پەۋانلا[ر].
ھەققىڭىزدە دۇئا قىلسام
قېچىپ كەتسەڭلە پەۋانلا[ر].
شۇنداقىمنا دېگەندە
قىرىق دانە پەۋان قاچتى.
ئەبەيدۇللا تەنھا قالدى.
تۇڭگانلا[ر] بېسىپ كەلدى.
چۈش - پېشىنغىچە ئېتىشتى،
تۇڭگانلا[ر] بۆلۈنۈپ بېرىپ
تاغ ئا[ر]قىسىغا يوشۇرۇنۇپ كېلىپ،
ئارىغا ئېلىپ تۇتۇۋالدى.
چەمبە[ر] چاس قىلىپ باغلاپ،
داۋاننىڭ تېگىگە كەلگەندە:
— گەپنى بەك يوغان قىتتىڭ.②
جېنىمغىنا ئەبەيدۇللاخان،
ئات - ئۇلۇغام ھېرىپ قالدى.
قانداق قىلىسىز ئەبەيدۇللاخان، —
شۇنداقىمنا دېگەندە
— ئات - ئۇلىغاڭ ھا[ر]غان بولسا،
ئون چارەك ئالتۇن بىلەن
ئۆزەمنى نەزرە قوياي،
شۇنداقىمنا دەپ تۇردى.
بۇ گېپىنىمۇ تىڭشىماي
زاۋا كەنتىگە يېتىپ كەلدى.
ئەبەيدۇللا غوجام ئەمدى،
ئېگىز ئېرىقتا خەت يازدى.
ئوتتۇز ئالتە غوجىلا [ر]
ھەممىسى گۆ[ر]كىرىشىپ ماڭدى.
ئاتچۇيدا ④ كەينىدىن يەتتى.
لەڭپۇگەننى توختاتتى.
— ئەبەيدۇللاخاننى ئۆلتۈرمىسەڭ،
ئون بەش چارەك ئالتۇن بەرسەك،
ئون بەش كۈن قارا[ر] بەرسەك، —

---

① تەرگە — يۈزىگە.
② قىتتىڭ — قىلاتتىڭ.
③ ئاتچۇي — ئورۇن ئىسمى.

شۇنداقىنا دېگەندە
ئون بەش كۈن قارا[ر] بە[ر]دى.
ئون چارەك ئالتۇن ئەپ با[ر]دى.
ئون چارەك ئالتۇننى ئۆتكۈزۈپ بولاپ،
سەيدىنىسە خېنىم ئەمدى،
— بالامنىڭ قېشىغا يېرىم سائەت
سولاپ قويسا[ر] تۆگىگانلا[ر]
تۆت ئېغىز گېپىم با[ر] دى،—
دېگەنغۇ زامانلا[ر] دا،
ئەكىرىپ سولاپ قويدى.
ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇنچە،
ئەبەيدۇللاخان غوجام يىغلاپ
— ۋاي ئانىكا سەيدىنىسەخان
سەن مېنى بالا دەپ تۇغقۇچە،
جېنىمغىنا خان ئانا
ئىت بىلەن ئېشەك تۇغساڭچۇ.
ئىت تۇغقان بولساڭ ئانىكا،
يالاقتا باغلاپ باقا[ر] دى.
ئېشەك تۇغقان بولساڭ ئانىكا،
ئوتان توشۇپ ساتا[ر] دى.
مىس زەنجىرنى قىزىتىپ،
بېلىمگە يۆگەپ قويدى.
ئوق ئىشكەلنى قىزىتىپ،
قول-بوينۇمغا سەپ قويدى.
مېنىڭ جېنىم قاقشىپ كەتتى،—
دېگەنغۇ زامانلا[ر] دا،
-جېنىمغىنا ئەبەيدۇللاخان،
يۈرۈكەمنى قاقشىتىۋاتماڭ.
بۇ يۈرۈكۈم ئېقىپ كەتتى،
ئون چارەك ئالتۇن ئۆتكۈزدۈك،
تېخى بەش چارەككە ئالتۇن يوق.
قانداق قىلىمەن، ئەبەيدۇللاخان،—
شۇنداقىنا دېگەندە
— بەش چارەككىنا ئالتۇنغا،
ئاياق-ئوشۇقۇڭ بولمىسا،
سېتىپ تۆلەپ بەرگىن ئانىكا.
مەن قارىقاشقا با[ر] غاندا،
كۆڭلۈككە ئىشلەپ ئېلىپ بە[ر] سەم.
شۇنداقىنا دېگەندە،
— جېنىمغىنا تۆگىگانلا[ر]
يەنە بەش كۆڭلۈك قارا[ر] بە[ر] گەن
ئەبەيدۇللانى قىيىنىمىغىن،—
شۇنداقىنا دەپ تۇردى.
بەش كۆڭلۈك قارا[ر] بەردى.
بەش چارەك ئالتۇننى ئېپ با[ر] دى،
بەش چارەك ئالتۇندىن
ئىككى يېرىم سە[ر] كاملايتتى.
ئۈچ كۆڭلۈك قارا[ر] قىلدى،
ئۈچ كۈن قارا[ر] توشقۇنچە
بىر يېرىم كۈن بولغاندا
ئىككى تۆگىگان مەسلىھەت قىلدى.
— ئېتىۋاتىلى ئەبەيدۇللانى،



ئېتىۋاتىمساق ئەبەيدۇللانى،
قۇلاقنىما تىندۇ[ر]مايدۇ.
ئالتۇننىغۇ ئالماي قويمايدۇ،—
شۇنداققىنا دېگەندە
لەگپۇگەنگە خۇش كەلدى.
— ئاتقىلى ھۆكۇم كەسكەن
توققۇز دانە پەۋان با[ر].
ئەتە ئەتىگەن ئاتماقچى
ئەبەيدۇللانى قېتىۋىپ چىقىپ
ئېتىۋاتىلى،— دېگەن چاغدا،
ئەتىسى ئەتىگەن قوپاپ
توققۇز دانە پەۋانغا
ئەبەيدۇللانى قوشۇپ ئەچىقىپ
شە[ھەر] ئايلاندۇرۇپ ئەپ كېلىپ
گۇلۋاغ ئۆستەڭنىڭ بويىغا چىقتى.
— جېنىمغىنا تۇڭگانلا[ر]
مېنى ئېتىۋاتقىلى قوپتاڭلا[ر]،
ئېتىشىڭلىغا يۈزمىڭ رازى،
مەتسالى مۇپتاخونۇم،
مەشەدە با[ر]دۇر تۇڭگانلا[ر]،
بىر قىچقىرىپ قويساڭلا[ر]
تۆت ئېغىز گېپىم با[ر]دى.
شۇنداققىنا دېگەندە
مەتسالى مۇپتاخۇنۇم،
شۇ جايغا پەيدا بولدى.
— جېنىمغىنا ئاخۇنۇم،
مەن قارىقاشتا چېغىمدا
ئوتتۇز ئالتە ئادىشىم با[ر]دى،
مەيەرگە بىرسى كەلمەپتۇ.
كۆپتىن-كۆپ سالام دېسىلە.
مەندىن ھەم رىزا بولسۇن،
مەنما رازى ئاخۇنۇم.
سەيدىنىسە ئانىكام با[ر]دۇر،
جالالىدىنخان دادام با[ر]دۇر،
كۆپتىن-كۆپ سالام دېسىلە.
مەندىن بەك رىزا بولسۇن،
مەنما رازى ئاخۇنۇم.
ئىككىنچى سۆزۈم شۇكى
مېنى ئېتىۋېتىپ بولغاندا
كاللامنى رۇسلاپ قويسىلا.
قانلىغ تونۇمنى سالدۇرىۋېتىپ،
تونلىرىنى يېپىپ قويسىلا.
دادام قارىقاشتىن كەلگەندە
ئىنئام قىلا[ر] ئاخۇنۇم.
بىر كېچە ساقلاپ ئولتۇرسىلا،
ئىتقا تاشلاپ بەرمىسۇن،
خالىجايغا كۆممىسۇن.
قارىقاشقا باغاق بە[ر]سىلە.
شۇنداققىنا دەپ تۇردى.

گەدىنىدىن ئىشتىپ ئاپىرىپ،
ئات بازىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ،
ئا[ۋ]ۋال بەش پاي ئوق قويدى.
بەش پەۋانغا ئوق تەگدى.
ئىككىنچى بەش پاي ئوق ئاتتى.
تۆت دانە پەۋان بىلەن
ئەبەيدۇللاغا كېلىپ ئوق تەگدى.
گەجگىسىدىن ئوق كېلىپ تېگىپ،
ئوڭ كۆزىنى يۆسۈپ چىقتى.
مېڭىسى تامغا چاپلاشتى،
نەپىسىنى تامام قىلدى.

مەتسالى مۇپتاخۇنۇم
ئەڭنايىغىنى تەتۈر كىيىپ،
مۇسىۋىتىدە ئولتۇردى.
مىرزىكېرىم بەگ تۈن كىرىپ،
مىلتىقىنى ھاسا قىلىپ،
جەندە كۆلانى كىيىپ
مۇسىۋىتىدە ئولتۇردى.
قارىقاشقا باغاق يازدى،

كېچە تۈننىڭ ھەسسىسى بىلەن
ھەممە غوجىلا[ر] گۈ[ر] كىرەپ با[ر]دى.
لەڭپۈگەن دېگەن تۈڭگان:
— بىر نېمەڭ با[ر]مۇ غوجىلا[ر]،
ھەممەڭ گۈ[ر]كىرىشىپ كەپسەن.
شۈنداققىنا دېگەندە،
— بالامنىڭ بېشىنى يەپسىز،
جەسىدىنى بەرمەمسىز،
شۈنداققىنا دېگەندە
— ئىككى يېرىم سە[ر] ئالتۇنۇم،
گەدىنىڭدە قالغان غوجىلا[ر]،
سەن ئالتۇننى بە[ر]گەندە،
ئاندىن جەسىدىنى بېرە[ر]مىز،
ئەگەر ئالتۇننى بە[ر]مىسەڭ
خالىجايىغا كۆمەمىز،
شۈنداققىنا دېگەندە
بىر چارەك كۈمۈش بە[ر]دى.
ئەبەيدۇللانى ئەكەلدى.
زاۋا كەنتىگە چىققاندا
سەيدىنىسە خېنىم ئەمدى،
كېسەل بولاپ ياتقانىكەن.
قېشىغا خەۋەر كىردى.
— ئەبەيدۇللانى ئەپ كەلدۈك،
شۈنداققىنا دېگەندە
ئورنىدىن يىقىلىپ قوپاپ،
داۋزى① ئالدىغا چىقسا
جىيغىنى② كۆ[ر]گەن چېغىدا
ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى.
ھوشىغا كېلىپ سەيدىنىسەخان،
جىيغىنىڭ قېشىغا كېلىپ،
يۈزىنى ئۆرۈپ قارسا،
قىزىل قاندا بويىلاغلىق،
ئوڭ كۆزلىرى ئويىلاغلىق،
ياتقىنىنى كۆرۈپ قېلىپ
يەنە ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى.
ھوشىغا كېلىپ سەيدىنىسەخان،
قارا بوراندەك ياش تۆكتى:

ئىمامى ئەپتەر ھەيۋەتلىك،
كۆلچەك سۈيى شە[ر]ۋەتلىك.
مىرادىغا يەتمىگەن،
ئەبەيدۇللاخان رە[ھ]مەتلىك.
ئاھ، بالام، ئاھ، بالام، ئاھ، بالام.

دەريا سۈيىنى كەچتۈك،
كۆلا كۆۋرۈكنى كەستۈك،
تۈڭگان قولىغا چۈشكەندە
قىزىل قېنىڭنى تۆكتۈك،
ئاتا ـ ئانىسىدىن كەتكەن،
ئاھ، بالام، ئاھ، بالام، ئاھ، بالام.

ئاق قۇشقاچ ئاراسىدا،
قارا قۇشقاچقا ئوق تەگدى.
ئېگىز ئېرىق ئاراسىدىن
ئەبەيدۇللاغا كۆز تەگدى.
ئاھ بالام، ئاھ بالام، ئاھ بالام.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
چا[ر] بۇغدايغىمۇ تويدىڭمۇ.
سەيدىنىسەخان ئاناڭنى،
دە[ر]ت ئوتىدا قويدۇڭمۇ.
ئاھ بالام، ئاھ بالام، ئاھ بالام.

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى:
**ئابدۇللا مەجنۇن.**
ئېيتىپ بەرگۈچى قارىقاشتىن:
**ئابلىمىت قارى.**

① داۋزى— دەرۋازا.
② جىيغا — جەسەت يۆتكەيدىغان بىر خىل قاتناش قورالى.




# ئامەت كەلگەندە

بۇرۇنقى زاماندا ئىناق ئىككى دوست ئۆتكەنىكەن. بىرى باي بولۇپ، ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، مال چارۋىلىرى، كاتتا ئۆي-ئىمارەتلىرى بار ئىكەن. تۇرمۇشى ناھايىتى باياشات ئۆتىدىكەن. يەنە بىرى كەمبەغەل بولۇپ، تۇرمۇشى بەكمۇ قىيىنچىلىقتا ئۆتىدىكەن.

بىر كۈنى باي ئاغىنىسى كەمبەغەل ئاغىنىسىگە: «ئاداش، سەن تۇرمۇشتا بەكمۇ قىيىنىلىپ قالدىڭ. مەن ساڭا بىر يول كۆرسىتەي. سەن بازاردىن بىر ماتا سېتىۋال، ئۇنىڭ ئىچىگە ئالا-يېشىل تاشلارنى سېلىپ چوڭ كوچىغا چىقىپ پالچىلىق قىل» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. كەمبەغەل ئاغىنىسى: «مەن پال ئېچىشنى بىلمىسەم، قانداق پال ئاچالايمەن» دەپتۇ. باي ئاغىنىسى: «مەن دېگەندىن كېيىن سەن شۇنداق قىلىپ باققىن. نەتىجىسى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ. كەمبەغەل ئاغىنىسى باي ئاغىنىسىنىڭ دېگىنى بويىچە بازاردىن بىر ماتا سېتىۋېلىپ، ئىچىگە ئالا-يېشىل تۇششاق تاشلارنى سېپتۇ. ئەتىسى ئۇ كوچىغا چىقىپ پالچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ: «پالچى ئۇستام، مېنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر كۈمۈش ساپلىق پىچىقىم بار ئىدى. بۈگۈن ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتتى. شۇنىڭغا بىر پال ئېچىپ باقسىڭىز» دەپتۇ.

پالچى ئالا-يېشىل تاشلىرىنى ئۇيان-بۇيان سۈرۈشتۈرۈپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ تاشلارنى بىر يەرگە يىغىپتۇ. ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دېگەندەك بوپتۇ ۋە ئۇ كىشىگە: «سىز ئۆيگە بېرىپ سۈرگە دورىسى ئىچسىڭىز يوقالغان نەرسىڭىز تېپىلىدۇ» دەپتۇ.

ئۇ كىشى ئۆيىگە بېرىپ سۈرگە دورىسى ئىچىپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كېيىن قورسىقى ئاغرىپ ھاجەتخانىغا بېرىپتۇ. ئۇ كىشى ھاجەتكە ئولتۇرغىنىدا كۆزى تامنىڭ تۆشۈكىدىكى پارقىراپ تۇرغان نەرسىگە چۈشۈپتۇ. قارىسا يوقالغان پىچىقى شۇ

يەردە تۇرغۇدەك. پىچىقسىنى تېپىۋالغان
كىشى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يۈگۈرگىنىـ
چە پالچىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. پالچىغا
نۇرغۇن پۇل بېرىپ، رەھمەت ئېيتىپتۇ.
پالچىنىڭ ئۇستىلىقىنى جامائەتكە ماختاپ
بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پالچىنىڭ نامى تېز
ئارىدا ئەتراپقا تارقىلىپتۇ.

بىر كۈنى ئىككى يۈز سوم پۇلنى
يوقاتقان بىر كىشى پالچىنىڭ داڭقىنى
ئاڭلاپ ئۇنى ئىزلەپ كەپتۇ ۋە يوقاتقان
پۇلىغا پال ئېچىپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ.

پالچى تاشلىرىنى ئۇيان-بۇيان سۈ-
رۈشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ كىشىگىمۇ
سۆرگە دورىسى ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. ھېلىـ
قى كىشى سۆرگە دورىسى ئىچكەندىن كېيىن
قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆيدە يېتىپ قاپتۇ.
ئۇ ئۇڭدا يېتىپ تورۇسنىڭ ياغىچى ئارىـ
سىدىكى چىگىلىك بىر نەرسىگە كۆزى
چۈشۈپتۇ. ئۇ كىشى دەرھال ئورنىدىن
تۇرۇپ چىگىلىك نەرسىنى ئاپتۇ. قارىسا
يوقالغان پۇللىرى لاتىغا ئوراپ قويۇلغانىـ
كەن. ئۇ كىشى خۇشاللىقىدىن پالچىنىڭ
قېشىغا بېرىپ پۇللىرىنىڭ تېپىلغانلىقىنى
ئېيتىپتۇ. پالچىغا نۇرغۇن پۇل بېرىپ
رەھمەتلەر ئېيتىپتۇ. شەھەر خەلقىگە پالـ
چىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرىپتۇ. كۆپ
ئۆتمەي پالچىنىڭ داڭقى بۇ شەھەرنىڭ
پادىشاھىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ بىر بىلـ
يارت ئۈزۈكى يوقاپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇ
ئۈزۈكنى جىنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن. شۇڭا
پادىشاھ پالچىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىش
ئۈچۈن ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر پالچىـ
نىڭ قېشىغا بېرىپ پادىشاھنىڭ بىر بىليارت
ئۈزۈكىنىڭ يوقالغانلىقىنى، شۇڭا ئوردىغا
بېرىپ ئۈزۈككە پال ئاچتۇرۇش ئۈچۈن
ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

پالچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «ئەمدى
تۈگىشىدىغان بولدۇم. پادىشاھنىڭ ئۈزۈكـ
نى تاپالمىسام بېشىم كېتىدىغان بولدى»
دەپ قورقۇشقا باشلاپتۇ. لېكىن ئۇ دەر-
ھاللا ئەقىل تېپىپتۇ. مېڭىشنىڭ ئالدىدا
خوتۇنىغا: «بىز ماڭغاندىن كېيىن ئاشخانىغا
ئوت قويۇپ بەر» دەپ تاپىلاپتۇ.

ئۇلار يولغا چىقىپ بىرئاز ماڭغاندىن
كېيىن، پالچى: «ۋەزىر ئەزىم توختىسىلا،
ئۆيدە بىر ۋەقە بولغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ،
دەرھال ئۆيگە بېرىپ كەلمىسەك بولمايدۇ»
دەپتۇ. ۋەزىر ئامالسىز پالچى بىلەن كەيـ
نىگە قايتىپتۇ. ئۇلار بېرىپ قارىسا دېگەنـ
دەك ئۇنىڭ ئاشخانىسىغا ئوت كەتكەنىكەن.
بۇنى كۆرگەن ۋەزىر پالچىغا چىن كۆڭلىـ
دىن قايىل بوپتۇ. ئۇلار ئوتنى ئۆچۈرۈپ
يەنە يولغا چىقىپتۇ. پالچى خوتۇنىغا: «بۇ
قېتىم ئۆيدىكى موزاينى كۆلگە ئىتتىرىۋەتـ
كىن» دەپ تاپىلاپ قويغانىكەن. پالچى
بىلەن ۋەزىر بىرئاز يول يۈرگەندىن كېيىن،
پالچى: «ۋاي ۋەزىر ئەزىم توختىسىلا،
ئۆيدە يەنە بىر ئىش چىققاندەك قىلىدۇ،
دەرھال ئۆيگە قايتمىساق بولمايدۇ» دەپتۇ.
ئۇلار يەنە كەينىگە قايتىپتۇ. ئۆيگە كېلىپ
قارىسا پالچىنىڭ موزىيى كۆلگە چۈشۈپ
كەتكەنىكەن. ئۇلار موزاينى كۆلدىن تار-
تىپ چىقىرىپ يەنە يولغا چىقىپتۇ. ۋەزىر
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، چۆچۈپ قاپتۇ.

ئەسلىدە پادىشاھنىڭ بىليارت ئۈزۈ-
كىنى ۋەزىر ئوغرىلىۋالغانىكەن. ۋەزىر پالـ
چىنىڭ بۇ ئىشىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنـ
سىرەپ: «پالچى موللام، پادىشاھنىڭ بىلـ
يارت ئۈزۈكىنى كىم ئالغانلىقىنى ئاللىقاچان

بىلىۋالغاندۇرسىز؟» دەپ سوراپتۇ. پالچى: «ھە، مەن ئوغرىنىڭ كىملىكىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئاشكارىلىماقچىمەن» دەپتۇ ۋە ۋەزىردىن گۇمانلىنىپ ئۇنىڭغا كۆزىنى ئوقتەك قاداپتۇ. ۋەزىر قورققىنىدىن تىترەشكە باشلاپتۇ ۋە: «موللام ئۈزۈكنى مەن ئالغان، سىز بۇنى پادىشاھقا ئېيتمىسىڭىز، نېمە تەلەپ قىلسىڭىز مەن شۇنى بەرسەم، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىڭىز» دەپ پالچىغا يالۋۇرۇپتۇ. پالچى: «ئەمىسە، مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىسەن» دەپتۇ. ۋەزىر: «دېگىنىڭىزنى جېنىم بىلەن ئورۇنلايمەن. ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىزمۇ يەردە قويمايمەن» دەپتۇ. پالچى: «پادىشاھنىڭ غازلىرى بارمۇ؟» دەپتۇ. ۋەزىر: «پادىشاھنىڭ نۇرغۇنلىغان غاز ۋە ئۆردەكلىرى بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پالچى: «ئۇنداق بولسا سەن ئوغرىلىغان ئۈزۈكنى بىر غازغا يېگۈزگىن. ئاندىن ئۇ غازنى ماڭا كۆرسىتىپ قويغىن» دەپتۇ. غازلارنىڭ ئىچىدە بىر تۆكۈر غاز بار ئىكەن. ۋەزىر ئۈزۈكنى قوناققا ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈر غازغا يېگۈزۈپتۇ ۋە پالچىغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. پالچى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالا-يېشىل تاشلىرىنى ئۇيان-بۇيان قىلىپ، ئۈزۈكنى غاز يەۋالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ غازلىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ.

غازلار پالچىنىڭ ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. نۆۋەت توكۇر غازغا كەلگەندە پالچى ئۇ غازنى تۇتۇپ سويۇشقا بۇيرۇپتۇ. غازنى سويغاندىن كېيىن ئۈزۈك غازنىڭ ئىچىدىن چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ خۇشال بولۇپ پالچىغا كۆپ ئىنئام بېرىپتۇ ۋە ئوردىدا بىرنەچچە كۈن مېھمان قىپتۇ. ئاخىرقى كۈنى پادىشاھ پالچىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر پاقىنى چىنىگە كۆمتۈرۈپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن چىنىنىڭ ئاستىدا نېمە بارلىقىنى سوراپتۇ. پالچى بۇ نۆۋەت ئۆزىنىڭ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ: «بىر سەكرىدىم قۇتۇلدۇم، ئىككى سەكرىدىم قۇتۇلدۇم، ئۈچ سەكرىدىم تۇتۇلدۇم» دەپتۇ. پادىشاھ: تاپتىڭ، تاپتىڭ، سەن ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئىكەنسەن» دەپ ئۇنى ماختاپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە پادىشاھ بۇ پاقىنى ئۈچىنچى سەكرىشىدە چىنە ئاستىغا كۆمتۈرۈۋالغان ئىكەن. شۇڭا پالچىنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن پادىشاھنىڭ پاقىنى چىنىگە كۆمتۈرۈۋالغانلىقى تاسادىپى توغرا چىقىپ قاپتۇ.

پادىشاھ پالچىغا بۇ قېتىم يەنە نۇرغۇن ئىنئاملارنى بېرىپ يولغا ساپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پالچى بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

## ئامال ئاكاك بارىدۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئوتۇنچى بوۋاي بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئون ياشقا كىرگەن ئوغلى بولۇپ، بوۋاي بىر كۈنى ئوغلىنى تاغدىن ئوتۇن ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ.

ئوغلى: «دادا، مەن تېخى كىچىك تۇرسام ئاتقا قانداق قىلىپ ئوتۇن ئارتالايمەن؟» دەپتۇ.

بوۋاي: «بالام، سەن ئالدى بىلەن تاغقا بېرىپ تۇر، كەينىڭدىن ئامال ئاكاڭنى ئەۋەتىمەن، ئامال ئاكاك بېرىپ ساڭا يار-



دەم قىلدۇ» دەپتۇ. ئوغلى تاغقا بېرىپ بىر ئاتقا ئارتقۇدەك ئوتۇننى يىغىپ، ئامال ئاكىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. كۈن كەچ بولغۇچە ساقلىغان بولسىمۇ ئامال ئاكىسى كەلمەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ هالىدىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئاخىر ئاتنى چوڭقۇر بىر ئېرىققا يېتىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ئوتۇننى ئارتىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كېلىپ: «دادا، سەن ئارقاڭدىن ئامال ئاكاڭ بارىدۇ، دېگەنىدىڭ. كەچكىچە كۈتكەن بولساممۇ ئۇ كەلمىدى. نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن» دەپ دادىسىغا كايىپتۇ. بوۋاي: «بالام، ئوتۇننى قانداق ئەكەلدىڭ» دەپ سوراپتۇ. ئوغلى: «ئامال ئاكامنى كەچكىرگىچە ساقلىسامۇ كەلمىدى، قورساقلىرىم ئېچىپ تۇرغۇدەك مادارىم قالمىدى. ئاخىر ئاتنى چوڭقۇر بىر ئېرىقنىڭ ئىچىگە يېتىلەپ كىرىپ ئوتۇننى ئۈستىگە ئارتتىم» دەپتۇ.

بوۋاي: «بالام، نېمىشقا يالغان سۆزلەيسەن. ئامال ئاكاڭ بېرىپتىغۇ، سەن تاپقان ئەقىلنىڭ ئۆزى — ئاشۇ ئامال ئاكاڭ ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ.

تويلاپ رەتلىگۈچى: نۇرمەمەت ئەزىزى




## ئۈمىد دورىسى

ئىبنىسىنا دانىشمەنلەرنىڭ دانىشمىنى، تېۋىپلارنىڭ تېۋىپى ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى شەھەرلىك بىر كىشى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي، ئۇلۇغ تېۋىپ، سىنى مىڭبىر دەردكە داۋا تاپقان تېۋىپ دېيىشىدۇ، لوقمان ھەكىمدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەنمىشسەن، شۇ گەپ توغرىمۇ؟

— گېپىڭ ناتوغرا، لوقمان ھەكىمدىن ئۆتۈپ كېتىش ماڭا نەدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەزرەتكە كىچىك بىر شاگىرت بولالىسام ئۆزەمنى ئەڭ بەختىيار كىشى ھېسابلار ئىدىم. ئەمدى مىڭبىر دەردكە داۋا تاپقىنىمغا كەلسەك، بۇ سوئالىڭغا ھەم «ھەئە» ھەم «ياق!» دەپ جاۋاب بېرىمەن. «ھەئە» نىڭ مەنىسى شۇكى، كۆپ دەردكە داۋا تاپقىنىم توغرا. قولۇمدا ناھايىتى كۆپ خەستىلەر شىپا تاپتى. «ياق» نىڭ مەنىسى شۇكى، تېخى مەن بىلمىگەن كېسەللىكلەر ناھايىتى كۆپ، — دەپتۇ ئىبنىسىنا.

— ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى يەنە.

— بۇ سوئالغىمۇ جاۋاب بېرىش مۇمكىن، — دەپتۇ ئىبنىسىنا، — ئۆلۈمنى داۋالاشنى بىلمەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش يوللىرىنى بىلىمەن.

— شۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويساڭ! — دەپ سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھېلىقى ئادەم. ئىبنىسىنا:

— مەيلى، ئۆگىتىپ قويسام قوياي. سەن مەن بىلەن ئۆزۈم كۆكەرتكەن باغقا كىرىسەن، باغدا ساڭا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورا بېرىمەن، — دەپتۇ ۋە ھېلىقى كىشىنى باشلاپ، ئۆز بېغىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭ قولىغا بىر تۈپ چىنار بىلەن بىر تۈپ نەشپۈت كۆچىتىنى بېرىپ:

— مانا بۇ چىنار كۆچىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا ئۆزۈڭگە ئۆي سالىسەن. ماۋۇ نەشپۈت كۆچىتىنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ، مېنى نەشپۈت يېيىشكە چاقىرىسەن. شۇ چاغدا مەندىن ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورىنى ئالىسەن، — دەپتۇ.

شەھەرلىك كىشى چىنارنى ئۆستۈرۈپ ئۆي سالماقچى، نەشپۈتنى مېۋىگە كىرگۈزۈپ، ھوسۇل تويىغا ئىبنىسىنانى چاقىرماقچى بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. مېھنەت كەينىدىن مېھنەت قىلىۋېرىپ، ھايات زوق-شەۋقى بىلەن ياشاپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ يۈز ياشتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قاپتۇ.

قىسسەدىن ھېسسە، بۇ ئۈمىدلىك دۇنيا ئىكەن. ئۈمىد قىلغان مۇرادىغا يېتىدۇ. نا ئۈمىد ئۆز ئايغىدا يۈتىدۇ. ياخشى نىيەتلىك بولايلى.

## ھاراقكەشنىڭ داۋاسى

بىر كىشىنىڭ ئوغلى ئىچىملىككە بېرىلىپ كېتىپتۇ. ئەتىدىن كەچكىچە ئىچىپ، ھېچكىمگە تىنچلىق بەرمەيدىغان بوپتۇ. دادىسى ئۇنى يېتىلەپ ئىبنىسىنانىڭ قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە:

— سېنى ھەكىملەرنىڭ ھەكىمى، دەپ تەرىپلىشىدۇ، مۇشۇ ئوغلۇمنى داۋالاپ، توغرا يولغا سېلىپ بەرسەڭ، — دەپتۇ.

— نېمە كېسىلى بار؟ — سوراپتۇ ئىبنىسىنا.

— ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتتى. بۇ يولدىن ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ توسالمىدىم، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

ئىبنىسىنا مۇنداق كېسەلنى ھەققەتەن داۋالاپ باقمىغانىكەن. شۇڭا ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، «مەيلى داۋالىسام داۋالاپ باقاي. ئۇنداقتا سەن ماڭا بىر بۇلبۇل، بىر ئېيىق، بىر تۇڭگۇز، ئىككى مايمۇن كەلتۈرسەن» دەپتۇ. بالىنىڭ دادىسى ئىبنىسىنانىڭ دېگەنلىرىنى كەلتۈرۈپتۇ. ھەكىم ئۇنىڭ ھەربىرسىنى ئالاھىدە قەپەزلەرگە سولاپتۇ. كېيىن بىر خىزمەتكارغا بىر پىيالە مەي ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار ۋەزىپىنى بىجىرگەندىن كېيىن ھەكىم ئۇنىڭغا بۇلبۇل تۇرغان قەپەزگە كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار قەپەزگە كىرىپ، بىردەمدىن كېيىن بۇلبۇلغا قوشۇلۇپ سايراشقا باشلاپتۇ. ناخشا ئېيتىپتۇ. ئۇ شۇ چاغدا شۇنچىلىك لەززەتلىنىپتۇكى، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ھېلىقى يىگىت بىلەن ئىبنىسىنانىڭمۇ ھەۋىسى كەپتۇ.

ئەتىسى ئىبنىسىنا خىزمەتكارغا ئىككى پىيالە مەي بېرىپ، ئېيىق تۇرغان قەپەزنىڭ يېنىغا كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزى ھېلىقى كېسەل يىگىت بىلەن يىراقتا قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا ھېلىقى مەي ئىچكەن خىزمەتكار راۋۇرۇس قىزىپ، ئېيىققا ئوخشاش ھۆركىرەپ، ئۇنىڭغا تاشلىنىپتۇ. ئېيىقنى ئۇرۇپ يىقىتماقچى بوپتۇ. ئىبنىسىنا ئۇنى ھېلىقى ئىچەرمەن يىگىتكە كۆرسىتىپ، «قانداق، تونۇدۇڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «ياق، تونۇمۇدۇم» — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ. «ياخشى!» — دەپتۇ ئىبنىسىنا.

ئىبنىسىنا ئەتىسى شۇ خىزمەتكارغا ئۈچ پىيالە مەي ئىچۈرۈپ، تۇڭگۇزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. خىزمەتكار، تۇڭگۇز نېمە قىلسا شۇنى قىپتۇ. پاتقاققا مىلەنسە مىلىنىپتۇ. توپىغا ئېغىنىسا ئېغىناپتۇ. ئىبنىسىنا ھېلىقى يىگىتكە قاراپ: «تونۇدۇڭمۇ؟» — دەپتۇ. «ياق، تونۇمۇدۇم»، — دەپتۇ ئۇ يىگىت. «ياخشى!» — دەپتۇ ئىبنىسىنا. كېيىن خىزمەتكارغا تۆت پىيالە مەي ئىچۈرۈپ، مايمۇننىڭ قەپىزىگە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. خىزمەتكار بىر پەستە مايمۇننىڭ ئۆزىلا بولۇپ قاپتۇ. ئىبنىسىنا يىگىتكە «تونۇدۇڭمۇ؟» — دەپتۇ. «ياق، تونۇمۇدۇم»، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ. كېيىن ئىبنىسىنا ئۇ يىگىتكە:

— ھەممىسى بىر ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ كىيىمىنى ئۆزگەرتتىم خالاس. باشقا يېرى ئۇنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇنى ئىچكەن مەي ئۆزگەرتتى. بىر پىيالىدە بۇلبۇل بولدى. ئىككى پىيالىدە ئۆزىنى ئېيىق ھېسابلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماقچى بولدى. ئۈچ پىيالىدە تۇڭگۇزغا ئايلاندى. تۆت پىيالىدە ئۆزىنى كۆردۈڭ، مايمۇندىن پەرقى

قالمىدى. ھە، سەنمۇ ئىچكەن چاغلىرىڭدا بۇنىڭدىن بەش بەتتەر بولاتتىڭ، — دەپتۇ.

ئىچەرمەن يىگىت:

— ئەي ئۇلۇغ ھەكىم، سەن مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتىڭ، بۇندىن كېيىن مەي ئىچمىگىنىم ئىچمىگەن. ۋەدىسىدە تۇرمىغان نامەرت! — دەپتۇ ۋە ئىبنىسىناغا رەھمەت ۋە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ مەينى ئاغزىغا ئالمىغانىكەن.

## كۈلكىنىڭ كۈچى

ئۇلۇغ تېۋىپنى كۆرەلمەي يۈرگەن ساراي ھەكىملىرى: «ئىبنىسىنا مازارغا يېڭى كۆمۈلگەن مۇردىلارنى كېچىسى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى تەجرىبە قىلغۇدەك، بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بار ئىكەن»، — دەپ ئېغۋا تارقىتىپتۇ. سۇلتانمۇ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئىبنىسىنانى زىندانغا سا‌پتۇ. ئۇلۇغ ھەكىم زىنداندىمۇ كېسەللەرنى داۋالاپ، ئۇلارغا ھايات ئاتا قىپتۇ. شاگىرتلىرىغا خەت يېزىپ، سۆڭەك يىلىكىنى داۋالاش ئۈچۈن دورا-دەرمانلار تېپىپتۇ. بارا-بارا زىنداندىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان داد-پەرياد، ئاھ-ئەپغانلار ئورنىغا كۈلكە-چاقچاقلار ئىشىتىلىدىغان بوپتۇ. گۇندىپاي سۇلتانغا بېرىپ:

— ئالەمپاناھ، ھەيرانمەن، زىندان ئىلگىرىكى زىندان ئەمەس، يۆتەل، ئاھزارلار ئورنىنى كۈلكە، خۇش چاقچاقلىق ئىگىلىدى. ئادەملەر ھەم تېتىك، ھەم بەردەم بولۇپ كەتتى. قىرىلارمۇ ئۆزلىرىنى ھەپسىدە ئەمەس، گويا تاماشادا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلماقتا، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ۋەزىرىگە:

— زىندانىنى داۋاملىق كۆزەت، يەنە نېمە گەپ-سۆز بولسا، ماڭا دەرھال يەتكۈز، ئۇلارنى ئۆزۈم بىرتەرەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر كېلىپ زىندانىنى پايلاپتۇ، شۇ چاغدا زىندان ئىچىدىن ئىبنىسىنانىڭ: «سەن تاغنى ئورساڭ تالقان قىلىسەن. سەن دەريانى تىزگىنلىيەلەيسەن، سەن بولساڭ ھۆكۈمنى يىقىتالايسەن، سەن پىل بىلەن ئېلىشالايسەن»، — دېگەن سۆزلىرى ئىشىتىلىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن قىي-چۇ كۆتۈرۈلۈپ، زىنداننىڭ ئىچىنى كۈلكە قاپلاپتۇ. ھېچكىم ئۆزىنى زىنداندا دەپ ھېسابلىماسمىش. ئەكسىچە، توي-تاماشىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىشارمىش... ئىبنىسىنا يەنە: «سەن پادىشاھ، سەن ۋەزىر، سەن ئوغرى... پادىشاھ بۇيرۇق ئوغرى قولغا چۈشتى... پادىشاھنىڭ ئۆزى ئوغرى بولدىغۇ، پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ بولغاندەك ئوغرى باشلىقىنىڭ ئەمرىمۇ ۋاجىپ...» — دېگۈدەكمىش. ئارقىدىنلا يەنە كۈلكە، خۇش چاقچاقلىق ئەۋجىگە چىقىپتۇمىش... ۋەزىر زىنداندا بولغان پۈتۈن گەپنى بېرىپ پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ «نېمە گەپ بۇ»، — دەپ ئويلاۋېرىپ، ئاخىرى كېسەلگە چېلىقىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ كېسىلىنى تېۋىپلار ساقايتالمىغاچقا ئىلاجىسىز ئىبنىسىنانىڭ

قېشىغا بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

— زىنداندىن چىقمايمەن، ئەگەر شاھ بىر شەرتىمگە كۆنسە ئاندىن چىقىمەن ھەم ئۇنى داۋالايمەن، — دەپتۇ ئىبنىسىنا. پادىشاھ ئىبنىسىناغا: «شەرتىڭ نېمە؟» — دەپتىكەن، ئۇ: «مەن بىلەن بىللە ياتقان بارلىق ئۆزۈمگە ئوخشاش گۇناھسىز گۇناھكارلارنى ئازاد قىلسەن، شەرتىم شۇ! — دەپتۇ. پادىشاھ رازى بوپتۇ. ئىبنىسىنا ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. كېيىن پادىشاھ:

— نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر، — دەپتۇ ئىبنىسىنا پادىشاھقا جاۋاب بېرىپ، — زىنداندا كىشىلەرنى كۆلدۈرمىگىنىمدە ئىدى، ھەممىمىز ئاللىقاچان ھالاك بولاتتۇق. كۆلكە، ياخشى كەيپىيات، ئۈمىد، ئىشەنچ بىزنى ئامان ساقلاپ قالدى. ئەمدى مېنىڭ گۇناھىمغا كەلسەك، بۇيرۇڭ، ھويلامدىكى ئەسكى تامنىڭ تېگىگە كېچىسى مازاردىن ئېلىپ كېلىپ، ئىچىنى يېرىپ كۆرگەن ۋە ئۆگەنگەن مۇردىلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆمگەنىمەن. ئۇلارنى ئېلىپ كېلىپ، گۇناھىمنى ئىسپاتلاپ، زىندانغا تاشلامسىز، دارغا ئاسامسىز، نېمە قىلسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، گۇناھىمنى بوينۇمغا ئالىمەن، — دەپتۇ.

«ئاخىرى گۇناھىنى بوينىغا ئالدىغۇ»، — دەپ ئىنتايىن خۇرسەند بولۇشۇپتۇ ئېغۋاچىلار.

ئىبنىسىنا ئېيتقان جاينى كولاپ قارىسا، دۆۋە - دۆۋە سۆڭەك ... توشقان، تۈلكە، يىلان، پاقا ... لارنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپتۇ. بىر تالمۇ ئادەم سۆڭىكى يوق ئىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ سارايىنىڭ ئېغۋاگەر تېۋىپلىرىنى باشقا يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىپ، ئىبنىسىنادىن ئۆزر سوراپ، ئۇنى سارايغا باش ھەكىم قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

## «رەھمەتنى جايىغا ئېيت ...»

ئىبنىسىنا تاغۇ - دەشتلەردە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ يۈرۈپ، شۇ ئەتراپتا تۇردىۋاتقان بىر پادىشاھ قوشۇنى ئۈستىدىن چىقىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئېغىر كېسەل بولۇپ، ھېچقانداق دوختۇر ساقايتالمىغانىكەن. ئىبنىسىنانى كۆرگەن پادىشاھ كىشىلىرى:

— سەن نېمە دەپ بۇ يەرلەردە قاڭقىپ يۈرۈيسەن، ياكى سەن جاسۇسمۇ؟ — دەپ سوراققا تارتىپتۇ.

— ياق، تېۋىپمەن، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ يۈرۈيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىبنىسىنا.

— تېۋىپ بولساڭ پادىشاھىمىزنى ساقايتىسەن، ئۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى بىتاب. ھەكىملەر ئۇنى داۋالىيالماي باشلىرى قاتتى. سەن ساقايتساڭ - ساقايتتىڭ، بولمىسا ئۆزۈڭنى ئۇ دۇنيادا كۆرىسەن، — دېيىشىپ، ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىپتۇ.

ئىبنىسىنا پادىشاھنى قانچە تەكشۈرسىمۇ كېسەلنى ئېنىقلىيالماپتۇ. «نېمە بولسا بولار، قىرىق كۈن مۆھلەت سورايمەن. رازى بولسا، شۇ ۋاقىت ئىچىدە

كېسلىنى ئېنىقلاپ داۋالارمەن. بۇ جەر-ياندا بارلىق گىياھلارنى يىغىپ، ئۇلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىمنى يەكۈنلەپ چىقىشقا ئۈلگۈرىمەن. كېيىن نېمە قىلسا قىلار»، — دەپ ئويلاپتۇ ۋە پادىشاھقا قاراپ:

— ئالەمپاناھ، مۇشۇ يەردە قىرىق كۈن تۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. مەن ھەر كۈنى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى تەكشۈرۈپ تۇرىمەن، خۇدا شىپالىق بېرەر، — دەپتۇ.

پادىشاھ رازى بوپتۇ. ئىبنىسىنا گىياھ يىغىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەر كۈنى پادىشاھنى بىر بولسا «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە» بىر بولسا «بۇ تەرىپىگە ئېلىپ بېرىڭلار!» — دەپ بۇيرۇۋېرىپتۇ. ئۆزى گىياھ يىغىشنى تەرك قىلماپتۇ. قانداق-تۇر ھاۋاسى ياقتىمۇ ياكى سۈيى خىل كەلدىمۇ، ئىش قىلىپ پادىشاھ كۈندىن-كۈنگە ئۆزىنى ياخشى سېزىشكە باشلاپتۇ. بىر كەم قىرىق كۈن بولغاندا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىبنىسىنانى چاقىرتىپ:

— سەن ھەقىقەتەن مۆجىزىكار تېۋىپ ئىكەنسەن، تۈزىلىپ قالدىم. رەھ-مەت، — دەپتۇ.

— سۇلتانىم، رەھمەتنى ماڭا ئەمەس، تۆت ئەتراپىڭىزدىكى مۇنۇ جايغا، تاغۇ-تاشلارغا ئېيتىڭ. مۇشۇ جاي، ھاۋا ۋە دورا گىياھلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بول-مىغان بولسا، ئىككىمىزنىڭمۇ جېنىمىزغا ۋاي ئىدى، — دەپتۇ ئىبنىسىنا.

— نېمىشقا شۇنداق؟ پىكرىڭنى ئوچۇقراق ئېيت، — دەپتۇ پادىشاھ. ئىبنىسىنا:

— بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى، شىپا بەخش سۇ ۋە گىياھى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۈمىدىڭىز سىزنى ساقلاپ قالدى. بولمىسا سىز تۈزەلمەيتتىڭىز. ئۇنداق بولغاندا ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. يەنە سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز «پادىشاھىمىزنى ساقايتالمىدىڭ»، — دەپ تېرەمنى شىلىپ ئېلىشاتتى. سىزنىڭ ساقى-يىشىڭىزغا مېنىڭ ھېچقانداق ياردىمىم بولمىدى. بۇيرۇڭ راستىنى ئېيتقانلىقىم ئۈچۈن مېنى نېمە قىلىشسا قىلىشسۇن، — دەپتۇ.

ساقىيىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولغان پادىشاھ ئىبنىسىنانىڭ راست سۆزلۈكى ئۈچۈن بىر ئات بىلەن بىر قۇر سەرپا ھەدىيە قىپتۇ.

## بېرۇنىينىڭ دەم ئېلىشى

بېرۇنىي يىلىغا ئىككى قېتىملا دەم ئالىدىكەن. بىرىنچىسى نورۇز كىرگەن كۈنى. ئىككىنچىسى بۇغدايغا ئورغاق تەك-كەن كۈنى.

نورۇز كۈنى بېرۇنىي تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، پاكىز يۇيۇنۇپ، يېڭى لىباسلىرىنى كىيىپ، ئۇرۇق-تۇغ-قانلىرىنى، كېيىن يارۇ بۇرادەرلىرىنى زىيا-رەت قىلىپ، ئۇلاردىن ھال-ئەھۋال سورايدىكەن. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كۈلكە-چاقچاقلار قىلىشىدىكەن، ئەسكىيە① لەر ئېيتىشىدىكەن. ئاندىن كېيىن تاكى

①ئەسكىيە — سۆز ئويۇنىغا ئاساسلانغان ھازىر جاۋابلىق مۇسابىقىسى.

قاش قارايغىچە قوش تېرىشقا قاتنىشىدى-
كەن. ھال - ئەھۋال سورىغانلارغا «دەم
ئېلىپ، ھايات لەززىتىنى تېتىپ كۆرمەك-
تىمەن»، — دەپ جاۋاب بېرىدىكەن. شۇ-
نىڭدەك بۇغدايغا بىرىنچى ئورغاق تەككەن
كۈنىمۇ دېھقانچە كىيىنىپ، قولىغا ئورغاق
ئېلىپ، ئەزان ۋاقتىدىن تاكى كەچكىچە
ئورما ئوروپ، ئۆنچە توشۇيدىكەن. ئالىمنى
كۆرۈپ تىنچلىق سوراشقانلار بىلەن: «ھارماڭ،
ساق بولۇڭ» دېيىشكەندىن كېيىن: «دەم
ئېلىپ، رىزىقىمنى تېرىۋاتىمەن»، — دەپ
جاۋاب بېرىدىكەن. قاراڭلار، ئۇلۇغ ئالىم
تەتقىق قىلىش، كىتاب يېزىش، تەجرىبە
ئۆتكۈزۈشتىن يىلىغا ئىككى كۈن ۋاقىت
ئاجرىتىپ، ئەزان مەھەلىدىن تاكى كەچكىچە
قوش ھەيدەپ، شۇدىگەر قىلىشنى، ئورما
ئوروپ ئۆنچە توشۇشنى ئۆزى ئۈچۈن
دەم ئېلىش دەپ ھېسابلايدىكەن.

شۇنداق، بېرونىي: «بىر مىنۇت
ۋاقىتنى بىكار ئۆتكەزگىنىم، ھالاك بول-
غىنىم»، — دەيدىكەن.

## «يەر يۇتۇپ كېتىشى مۇمكىن»

بېرۇنىي ۋاقىتنىڭ بىر قىسمىنى تاغ-
لاردا مەدەن تەكشۈرۈش، ۋە ئۇنى تەت-
قىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ
ئىشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتىدىكەنكى،
يېنىدا قانچە كۆپ ئادەم بولسىمۇ، گويا
ھېچكىم يوقتەك خاتىرجەم ئىشلەيدىكەن.
تاشتىن - تاشقا ئاتلاپ يۈرۈپ، پۇتلىرىنى
تاش قاپارتىۋەتسىمۇ چارچاشنىڭ نېمىلى-
كىنى بىلمەي تاغمۇ - تاغ يۈرگىنى يۈر-
گەنىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ساراي ئۆلى-
مالىرىدىن بىرنەچچىسى بېرۇنىينىڭ تاغ
سەيرىگە ھەمراھ بولۇشۇپتۇ. بېرۇنىي
تەكشۈرۈپ يۈرۈپ، بىر تاشنى كۆرۈپ
قاپتۇ. سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ تاش شۇ
يەردە ئىنتايىن كۆپ ئالتۇن بارلىقىدىن
دېرەك بېرىپ تۇرغۇدەك ئىمىش. بېرۇنىي
ھەمراھلىرىغا قاراپ بۇ يەردە ناھايىتى
كۆپ ئالتۇن بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. دېسە،
بۇ نىڭسىزمۇ بىر - بىرىنى غاجىشىپ، بىر-
بىرىنى يوقىتىشالماي يۈرگەن، ھەرقانداق
قىلىپ بولمىسۇن بېيىش يولىغا كىرگەن
ھەمراھلىرىنىڭ ئالتۇن ئالىشىپ ئۆزئارا
بوغۇشۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ. «ياخ-
شىسى بۇ يەردىن تېز كېتىش كېرەك»
دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ - دە،
ھەمراھلىرىغا:

— بۇ يەر خاسىيەتلىك جاي ئەمەس
ئوخشايدۇ، مەن قان ھىدى سېزىپ تۇرىد-
مەن، بۇ يەردىن تېز كېتەيلى، — دەپتۇ.

— نېمىشقا كېتىمىز، بۇ يەردىكى
بىرەر مەخپىي سىرنى سەزدىڭىزمۇ؟
نېمىشقا ئاۋۇ تاشلىۋەتكەن تاشقا شۇنچە
ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ، كېيىن بىردىنلا
كېتىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ — گۇمانلىنىشىپ
سورىشىپتۇ ھەمراھلىرى.

— راستىنلا تېز كەتمىسەك بولمايدۇ،
مەن قان ھىدى سېزىپ تۇرىمەن. بىكار-
دىن - بىكار نابۇت بولمايلى يەنە. مەن
كۆرگەن تاش ئادەتتە يەر تەۋرەشتىن
بۇرۇن كۆچمىدىغان تاغ پارچىسىغا ئوخ-
شايدۇ، يەر مىدىرلىسىمۇ بۇ تاغلار بىر-

بىردىگە ئۇرۇلۇپ، شۇنداق كۈچلۈك پارتلاش هاسىل بولىدۇكى، بىرسىمىزمۇ ساق قالمايمىز. كىم قالسا قالىۋەرسۇن، مەن كەتتىم، — دەپتۇ بېرۇنىي ۋە تېز مېڭىپ كېتىپتۇ. «ئۇلۇغ ئالىم بىر نەرسىنى بىلگەچكە شۇنداق دەۋاتىدۇ»، — دەپ باشقىلارمۇ قېچىپتۇ.

ئەللامە① دائىم: «ئىلىم بىلەن بايلىق هېچقاچان كېلىشەلمەيدۇ، كىمدە كىم ئىلىمنى بېيىش مەنبەسى قىلىۋالسا، ئۇ، ئۇزاققا بارالمايدۇ. يېرىم يولدا هالاك بولىدۇ»، — دەيدىكەن.

## ئاخىرقى نەپەسكىچە

بېرۇنىي ئويلاپ قويغان بىر مەسىلىنى هەل قىلىشقا كىرىشكەندە بىتاپ بولۇپ قاپتۇ. تېۋىپلارنىڭ قىلغان بارلىق چارە - ئامالىرى پايدا بەرمەپتۇ. ئەكسىچە كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ هەر كۈنى شۇ تاغ جىنسىنى تەجرىبە قىلىۋاتقان جايدا قالدۇرۇپ كەتكەن شاگىرتىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن كۆزىتىش نەتىجىسىنى سۈرۈشتۈرىدىكەن. تەجرىبىنىڭ نەتىجىلىك بولىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا خۇش بولۇپ، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك هېس قىلىدىكەن. نەتىجىسى ياخشى بولمايۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، ئۆزىنى يامان سېزىپ، ئېغىرلىشىپ قالىدىكەن. تىبابەت ئەهلى كېسەل ئۈچۈن تەشۋىشلىنىش، هاياجانلىنىش يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، تېيچ، خاتىرجەم بولۇشنىڭ لازىملىقىنى قانچە كۆپ ئۇقتۇرمىسۇن بەرىبىر خاتىرجەم بولالمايدىكەن.

ئۇ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، هايات بىلەن ۋىدالىشىش مىنۇتلىرى يېقىن كەلگەندە بارلىق كۈچىنى يىغىپ: «شاگىرتىمنى چاقىرىڭلار!»، — دەپتۇ. شاگىرتىنى چاقىرىپتۇ. بېرۇنىي ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىۋاتقان بىر پەيتتە ئاخىرقى ئىككى ئېغىز گېپىنى ئېيتىۋاپتۇ:

«قانداق؟» — دەپتۇ شاگىرتىغا.

«ئۇستاز خاتىرجەم بولۇڭ، نەتىجە ناهايىتى ياخشى چىقتى. خۇددى سىز ئېيتقاندەك، تاغدا ناهايىتى كۆپ قىممەت باهالىق تاشلار بار ئىكەن»، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاگىرتى. بېرۇنىي كۆزلىرىگە شادلىق ياشلىرىنى ئېلىپ: «ئەمدى خاتىرجەم كەتسەم بولىدۇ، باشلىغان ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىنى كۈتۈۋاتاتتىم. ئاشۇ تاشلارنى خەلق مۈلكىگە ئايلاندۇرۇڭ»، — دەپتۇ - دە، هاياتتىن كۆز يۇمۇپتۇ.

«ئەللامىلەر ئىبرەتى» دىن ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **غەنىزات غەيۇرانى**

---

① ئەللامە — ئىلىم - پەننىڭ بىر ياكى بىرقانچە ساهەسىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بىلىملىك كىشى، ئالىم.




# بېيىتلار

## سالامنامە

هۇۋەلىپىراق ۋەھازەل ئىشتىياق،
مۇبارەك نۇرلۇق جامالىڭىز،
كۆڭلۈمگە يېقىن كۆزۈمدىن يىراق،
ئىچىمدە بار تۈمەنمىڭ پىراق.
باراي دېسەم يول ئاندىن يىراق.
يىراق يەرلەردىن يېقىن كۆڭۈلدىن،
كۆرۈشكىلى ئارزۇلۇق بولغان.
مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق بولغان.
قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق،
ئاھۇ كۆزلۈك، شېرىن سۆزلۈك،
ناۋات تىللىق، غۇنچە چىشلىق.
ئىپاردىن بۇي ئالغان،
بۇلبۇلدىن خۇي ئالغان.
سۆيۈملۈك ... يارغا.
كەمىنە غېرىب ـ مۇساپىرلىرىدىن،
سېغىنىشلىق دۇئايى سالام.
ئېقىن سۈيىدەك سۈزۈك،
ئىلپەتەك قامىتى كۆڭلى تۈزۈك.
قەلەمدەك قارا قاشلىق نىگارىم،
بۇ ئوتلارنى ماڭا ساپتۇ تەقدىر خۇدايىم.
سېنى دائىم ياد ئېتىپ مەن،
ئەي قەلەمقاش،
كېچە ـ كۈندۈز كۆزۈمدىن،
ئاقتى قان ـ ياش.
سېنى پات ـ پاتلا بېرىپ
كۆرگۈم كېلەدۇر.
قۇچاقىمغا ئېلىپ دائىم
سۆيگۈم كېلەدۇر.
سېنى كۆرگەن ھامان ماڭا
ئوت تۇتاشتى.
بۇ ئوتلار بارا ـ بارا
ھەددىن ئاشتى.
بېيىت پۈتۈپ نامە ئەۋەتتىم،
سەن نىگارىمغا.
ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ،
ئوتنى ياقتى ۋاپادارىم،
خەستە جانىمغا.
سېغىندىم بىنىھايەت ئۆزلىرىنى،
شېرىن ـ شېكەر خۇش مۇبارەك سۆزلىرىنى.
قىزىلگۈل ئاشىقى بۇلبۇل ئەمەسمۇ؟!
مېنىڭدەك مىسكىنگە سىلى گۈل ئەمەسمۇ؟!
شىشە گۈمبەز ئىچىدە ئايلىنۇر باشىم،
ئۆزلىرىنى ئەسلىسەم تۆكۈلۈر ياشىم.
باغ گۈللىرى ئېچىلىپ بۇلبۇل سايراشتى،

باغى ھەرەم بۇلبۇلغا قۇشلار قاراشتى.
قېشىڭىز قارا ئىكەن قايرىلما قاش،
مېنى بۇنداق تاشلىۋەتمەك ئەي باغرى تاش.
ئاق سارايدىن چىقتىڭىز،
چىتتا بىز چەژمەك كىيىپ.
بوينىڭىزدا زەيتۇنە ياغلىق،
تال چىۋىقتەك، مەن غىرىب.
باغ گۈلى بولجا گۈلى،
بېشىمغا قىسايمۇ دېدىم.
مەن سېنىڭدەك يارنى،
بېھىشكە كىرگەندۇ، دېدىم.
بېھىشكە كىرسەڭ بىللە ئىدىم،
دوزاخقا كىرسەڭ ھەم يانا.
يەتتە دوزاخ ئوتىدا،
كۆيگەنچە يار كۆيدۈم ساڭا.
كۆيگىنىمنى ئەيمىنىپ،
ئېيتالمىدىم يارىم ساڭا.
خەت پۈتۈپ نامە ئەۋەتتىم،
مېھرىبان يارىم ساڭا.
ئوقۇپ باقساڭ بىلىسەن،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.
كىچىككىنە ئۈستەڭ چاپتىم،
سەكرەپ ئاتلاپ ئۆتكىدەك.
سۆزۈك، شېرىن سۇلار كەپتۇ،
يۇتۇپ ئوتلاپ ئىچكۈدەك.
ئۈستەڭ بويىدىن تېپىۋالدىم،
بىرجۈپ ئالا تاش.
كىچىك كۆڭۈل بېرىشكەن،
جېنىم قارا قاش.
ئىشىك ئالدى ئېرىقلاردا،
زەمزەم ئاقىدۇ.
كىچىكلىكتە بەرگەن كۆڭۈل،
ئۆچمەس باقىدۇ.
زەمزەم ئاققان ئېرىقلاردا،
بىزمۇ ئاقىلى.

يۈرەكلەرنى يۈرەكلەرگە،
ئەندەك ياقىلى.
ئىشىكنىڭ ئالدىدا بار،
بىر تۈپكىنە زىلۋا تېرەك.
ئەجەب ئوخشار بويۇڭغا،
ئەنە شۇ زىلۋا تېرەك.
سېنىڭ زىلۋا بويۇڭغا،
كۆك تاۋا نىمچا كېرەك،
كۆك تاۋا نىمچا ئىچىگە
ئالمىدەك ئەمچەك كېرەك.
ئالمىدەك ئەمچەك ئوتىدا،
سەكرەپ ئويناydu يۈرەك.
كېچىلىرى ياتالمايمەن.
يۈرۈگۈم كۆيەر ئەجەب،
چىنە-چىنە سۇنى ئىچتىم،
يار ئوتى سەگىيدۇ دەپ.
شۇ بېيىتنى ساڭا ئەۋەتتىم،
يار كېلىپ ئەگىيدۇ، دەپ.

× ×

قارا-قارا قارغىلار قايرىلىپ ئۇچتى،
بويىندا سېرىق زەنجىر سۆرۈلۈپ ئۇچتى.
كىشىنىڭ يارى يېقىندىكەن كۈندە كۆرۈشتى،
مېنىڭ يارىم يىراقتىكەن كۆزۈمدىن ئۇچتى.

× ×

چىمچىلىقىمنى قايرىۋەتتى،
قىل بىلەن قىياق.
يۈرىكىمنى ئۆرتىۋەتتى،
دەرد بىلەن پىراق.
ئاي ئالدىمدا كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە،
كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتنى،
سالدى ئىچىمگە.
كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتنىڭ،

تۇتۇنى يوقتۇر.
يۇرەك باغرىم ئېقىپ كەتتى،
پۇتۇنى يوقتۇر.
دوزاخ ئوتى ئوت بولامدۇ؟
كۆيۈك ئالدىدا.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ؟
مەشۇق ئالدىدا.
قىزىلگۇل غۇنچىسى يارىم،
سېرىق سەبدە تولۇن ئايىم.
كۆيەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ
خەۋەردار بولمىغان يارىم.
ئازغىنا رەھمە قىلىپ،
ھالىمنى سورساڭ نېم بولا؟!
مېنى مۇنچە قىينىماي،
جېنىمنى ئالساڭ نېم بولا؟!
كۆيگىنىمگە پۇتمىسەڭ،
يۇرەكنى يارساڭ نېم بولا؟!
ئىچىمدىكى داغىمنى،
كۆرۈپ باقساڭ نېم بولا؟!

## ھەر خىل تېمىدىكى بېيىتلار

بارساڭلار دۇئا دەڭلار قاراقاشقا،
مېنى ياد ئەتمىگەن ئۇ، باغرى تاشقا،
باغرىنىڭ قاتتىقلىقى ئوخشايدۇ تاشقا،
تاڭ سەھەردە ئۇنى يادلاپ يانا يىغلاپ،
قوينۇم بىلەن ئىتەك تولدى ئاققان ياشقا.

قۇشلىغىلى ئوڭ يېنىمدا قۇرغۇيۇمسىز،
سايرىغىلى گۇل بېغىمدا بۇلبۇلۇمسىز،
باغ ئىچىدە شوخ ئېچىلغان قىزىلگۇلۇمسىز،
مېنىڭ كۆڭلۇم ئېلىپ ئۇچار دۇلدۇلۇمسىز.

چىنارغا ئوخشايدۇ بويلىرىڭىز،
ئەۋرىشىمگە ئوخشايدۇ بەللىرىڭىز،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزلىرىڭىز،
بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ سۆزلىرىڭىز،
ئالمىغا ئوخشايدۇ يۇزلىرىڭىز،
قەلەمگە ئوخشايدۇ قاشلىرىڭىز،
مەجنۇنتالغا ئوخشايدۇ چاچلىرىڭىز،
ئوقياغا ئوخشايدۇ كىرپىكلىرىڭىز،
جىنەستىگە ئوخشايدۇ لەۋلىرىڭىز،
ئۇنچىگە ئوخشايدۇ چىشلىرىڭىز،
ئاق كۇمۇشتەك قوللىرىڭىز،
زەپمۇ كېلىشكەن پۇتلىرىڭىز،
شۇ ھالدا كۆرۈپ سىزنى، مەندە،
قالمىدى تاقەت سەۋرى تەندە.

يىغلىمايمۇ ئاھ ئۇرۇپ،
مېنى كۆزگە ئىلمىدىڭ.
شۇنچە خالايىق ئىچىدە،
قەدرىمنى ئەسلا بىلمىدىڭ.
باشقىغا قىلغان ۋاپاڭ،
ماڭا بىرىنى قىلمىدىڭ.

قىشتا كىيىمشىڭ كۆرپە جۇۋا،
ياقىسى قۇندۇز.
يازدا كىيىمشىڭ تۇقا ـ تاۋا،
توپپىسى توققۇز.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
سانايمەن يۇلتۇز.
يارىم مېنى سېغىنمىسا،
ياتسۇن ئۇ، يالغۇز.

يىگىت بولسا تۇزۇك بولسا،
چىرايى سۇزۇك بولسا.
قىز بولسا تۇزۇك بولسا،
قولىدا ئۇزۇك بولسا.
كېلىشتۇرۇپ سۆيۈپ قويسا،
بەش كۇنلۇك ئوزۇق بولسا.

سۆگەت ئاچىمىقىدا،
قالدى ئۆزۈكۈم.
قەيەردىن چىقىپ كەلدىلە؟
لېۋى سۆزۈكۈم.
يۈزۈڭنى تاش ئەينەكتە،
كۆرگۈم كېلەدۇر.
قۇچاقىمغا ئېلىپ،
سۆيگۈم كېلەدۇر.
قىزىل - قىزىل قىرغاقلىرى،
بۇلغارى غىلاپلىرى.
يىراقتىكى يار كەلگۈچە،
قانداق چىدار يۈرەكلىرى.

ئىشىكنى ئاچتىم تۆرگە باقتىم،
تۆردە بىر ئاي ئولتۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
يۈزى، هاي - هاي ئولتۇرۇر.

چاچلىرى بەلگە چۈشۈپتۇ،
بەللىرى بىر قىلچە يوق،
سىلىگە مېهرىم چۈشۈپتۇ،
قالغانلىرى بىر پۇلچە يوق.
دەرياغا كەلگۈن كېلىپتۇ،
شاخ سېلىپ ئەتمەيلىمۇ؟!
باغدىكى بولجا تېرەكنىڭ،
ئۇچىنى كەسمەيلىمۇ؟!
بىز ئىككىمىز يار بولۇپ،
قول تۇتۇشۇپ كەتمەيلىمۇ؟!

سىلە بىر رومال تىكسىلە چىمىلدىتىپ،
مەن بىر ئەتلەس ئالاي لىغىلدىتىپ.
ماڭا ئەگەر كۆڭۈللىرى بولسا راستىن،
تېرىمغا ئېلىپ قاچاي دىڭىلدىتىپ.
ئايدىڭدا ماڭغان يوللىرىڭ،
زەيتۇن تاۋاردۇر تونلىرىڭ.
ئاغرىمامدۇ زادىلا؟!
پەدە باسقان قوللىرىڭ.
پەدە باسقان قوللىرىڭنى،
ئېلىۋالغۇم كېلىدۇ.
شېرىن - شېكەر لەۋلىرىڭدىن،
سۆيۈۋالغۇم كېلىدۇ.

ئۇيانمۇ ئۆردەك،
بۇيانمۇ ئۆردەك.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى،
قاش بىلەن كۆزدەك.

ئۆستەڭلىگە سۇ كەپتۇ،
يېتىپ ئىچكۈدەك.
ئوماقىنا بىر يارىم بار،
يۇتۇپ ئىچكۈدەك.

بىر يارىم بار ئاجايىپ شوخ،
خۇددى كېپىنەكتەك.
هەركىم كۆرسە قېتىپ قالار،
جانسىز شېهىتتەك.
يۈزۈڭنىڭ ئاقلىقى،
داۋاندىكى قارچە بار.
كىرپىكىڭنىڭ سايىسى،
باغدىكى بوستانچە بار.

ئاق مەسچىتتە ئولتۇرىلا،
ئاپئاق ئۇفادەك ئاقىرىپ.
ئارقىلىرىدىن بىز چىقىمىز،
زەپىراندەك سارغىرىپ.
زەپىراننى سۇغا سالساق،
سۇ كۆتۈرمەس.
سىلىنىڭ تۇتقان يارلىرى،
بىزچە ئەمەس.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى
ئەنجان تېغىغا.
ئىندىسەم كەلمەيدۇ،
يارنىڭ بېغىغا.
ھەممە كىشى مەندەكمىدۇ؟!
تۇتقان يارىغا!...
جېنىنى بېرەمدىكىن؟!
ۋاپادارىغا!...
يېڭى يار چاناي دېسە،
چۇشمەڭ ئارىغا.
غايىبتىن ئوقيا كېلىپ،
تەگسۇن جانىغا!
قىزىلگۇل غۇنچىسىنى،
جۇپلەپ ساقلىدۇق.
مەن ـ مەن دېگەن يىگىتلىگە،
قاراپ باقمىدۇق.
قارىساقمۇ قارار ئىدۇق،
ۋەدە ساقلىدۇق.

يېشىل ـ يېشىل تون كىيدىم،
ياقىسى گۇلخان.
شۇ سىنىڭ شېرىن سۆزۈڭ،
مەيلىمنى ئالغان.
ئاخشاملىقىا چىقمەن، دەپ،
ئەتىگە قالغان.
ئۇچ كۇندە كېلىمەن، دەپ،
ئۇچ يىلغا قالغان.

پاتقاق يەر ئېتى لايلىق،
سۇنىڭ يولىدۇر سايلىق.
ئىشىك ئالدىغا جىرىم قويدۇم،
ئەمدى بولدى بىر ئايلىق.
جاھاندا كۆرمىدىم ئەسلا،

ئۆزلىرىدەك چىرايلىق.
ئاسماندىكى ئاي،
چۆچەكتىكى چاي.
سىزگە مەن كۆيدۇم،
ۋاي يۇرىكىم ۋاي.

بىر كۆرۇپلا ئۆزلىرىنى ئوتلار تۇتاشتى،
بۇ ئوتلىرى كۆيدۇرۇشتە ھەددىدىن ئاشتى.
بۇ ئوتلىرى تۇتۇشۇپ بىر ئاي بىر يىلچە،
رەھىمسىزلىك قىلىقلىرى چېكىدىن ئاشتى.
ھىجران تىغى گۆشتىن ئۆتۇپ سۆڭەككە يەتتى،
يۇرىكىمنى پارە ـ پارە خۇن قىلىۋەتتى.
ئەجەل كېلىپ يەتتى ئەمدى مېنىڭ بېشىمغا.
مەن ئۆلگۇچە كەلمەسلىمۇ زادى قېشىمغا.
كۆرۇشەلمەي ئۆلۇپ كەتسەك رىزا بولايلى،
كۆيۇك ئوتى ئازابىدىن جۇدا بولايلى.
ھەركىشىنىڭ يارى باردۇر مېنىڭچە يوقتۇر،
ۋاپاسىزلار باردۇر لېكىن سىلىچە يوقتۇر.
دەردلىرىنى تولا تارتقان مېنىڭچە يوقتۇر،
بۇ دەردىمگە سىلىدىن باشقا شىپالىق يوقتۇر.

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
يېڭى كۆرۇشتۇق.
گۇللۇك ھەرەمباغدا بىز،
ۋەدە قىلىشتۇق.
مەڭزى قىزىل ئالمىنى،
تەڭلەپ يېيىشتۇق.
ئالمىنى چىشلەپ ئالغۇچە،
بىزمۇ سۆيۇشتۇق.
ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ،
بەلمۇ تۇتۇشتۇق.
ئۇساپ كېتىپ قوغۇنلۇقتا،

قوغۇن يېيىشتۇق.
بىر ـ بىرىمىزگە چىدىماي،
ئۇتتەك كۆيۈشتۇق.
ئۆزىمىزنى توختىتالماي،
ھەسرەت يېيىشتۇق.

باھار بولسا تۇرنا كېلۇر،
سەپلەرنى تارتىپ.
بىزنىڭ يارلار كېلىدۇ،
رومالنى ئارتىپ.
يولىغا تەلمۇرتىدۇ،
تۆشەكتە يېتىپ،
ئىچىدىغان چېيىغا،
ھەسەلنى قېتىپ.
ئۇيقۇم كەلمەس كۆزۈمگە،
ھەسرەتتە يېتىپ،
خەجلىدىم مەن خېنىمغا،
مېلىمنى سېتىپ.
سۆيدۇرمىسە رازى ئەمەس،
قۇلاقتىن تارتىپ.

ئالما يەي، دەپ باغقا كىرسەم،
باغدا بىر گۈل بار ئىكەن.
گۈلنى كۆرگەن مەن دېسەم،
گۈلگە بۇلبۇل يار ئىكەن.
گۈل تۈۋىگە قارسام،
شېخىدا قۇرغۇي بار ئىكەن.
ئىندېسەم ئىندەككە كەلمەس،
ئۇنىڭغا خۇش خۇي يار ئىكەن.
قۇرغۇي بىلەن گۈل ئىشقىدا،
پىژ ـ پىژ كۆيۈپ كۈل بولدىلا.
ئىككىسگە تولا قاتراپ،
ئۆتمەس مانا پۇل بولدىلا.
ئىككى ئارىدا ماڭغانلىرى،
ماڭغۇ مەلۇم ئەمەس.

ئاھ!... ئۇرۇپ يۈرگەنلىرى،
پىچەك تىيىنغا ئەرزىمەس.

تۇمۇزدا خەت پۈتۈپ،
كۆيدى پېشانەم.
ئۆزۈم ئۆلسەم خېتىم،
قالسۇن نىشانەم.
چىمەرخان گۈللىرىڭنى،
ئېلىپ كېتەرسەن.
ۋە ياكى بىر كېلىپ،
كۆرۈپ كېتەرسەن.
ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى،
ئېرىق ياقاسى.
جاھاندا بارمىكەن،
يارنىڭ ۋاپاسى.
ۋاپاسى بارمۇ دەپ،
جان دەپ يۈگۈرادۇر.
ۋاپاسى يوقلۇقنى،
بىز ئەمدى بىلدۇق.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرادۇ،
غۇنچە بويلۇق شوخ يىگىت.
ئاغزىدىن شەربەت تامادۇر،
لەۋلىرى تاتلىق يىگىت.

گۈللۈكۈڭگە گۈل تېرىدىم،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
سەن ئۇياقتا، مەن بۇياقتا،
بىر ئۈمىدنى ئۈزمىدىم.

ئاكام ماڭا ئەۋەتىپتۇ،
تاختا ـ تاختا گۈل بېسىپ،
ئاكامغا ئەۋەتىمەن،
كۆز يېشىمنى تىزىپ.

Altun

ئېگىز تاغ بېشىدا،
قارا چىمپار تاش.
مېنى كۆيدۈردۈ،
زالىم قارا قاش.
قارا قاش ئولتۇرار،
ھۇجرا ئىچىدە.
قىزىلگۈل ئېچىلۇر،
باغچا ئىچىدە.
قىزىلگۈل شېخىدا،
بۇلبۇللار قوندى.
قارا قاش ئىشقىدا،
كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

ئاغىچام ئايدەككىنە،
مىنگەن ئېتى تايدەككىنە.
ئاغزىڭىز پولدەككىنە،
يۈراپ سۆيەي گۈلدەككىنە.
مەن ساڭا كۆيگەن چېغىمدا،
ئۆلگەن ئۆلۈك گۆردىن يانا.

زىرە مەنۇ زىرىمەن،
زىرە ساندۇق گۈلىمەن،
ئاق تونۇڭنىڭ گۈلىمەن،
تاۋار تونۇڭنىڭ گۈلىمەن،
كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن،
سىزدەكلەرنىڭ خىلىمەن.

قاشلىرى قارا خېنىمنىڭ،
سۈرىتى سۇلتانچە بار.
ھويلىسىغا گۈل تېرىدىم،
باغدا ئۆزگەن گۈلچە بار.
گۈلنى ئۆزسەڭ ئاستا ئۈز،
بەرگىگە نۇقسان يەتمىسۇن.
يارنى سۆيسەڭ تازا سۆي،
كۆڭلىدە ئارمان كەتمىسۇن.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇۋقېتىدا،
قىرىق بىر ئىلەكتىن ئاتلىدۇق.
يارىم بەرگەن زىلچىنى،
جۈپتى بىلەن ساقلىدۇق.
ئۇنداق - بۇنداق يارلىغا،
ئەسلى خىيالى باقمىدۇق.
باقساقمۇ باقامىدۇقكى،
سىزگە ئەقدە ساقلىدۇق.

كۆردۈم يۈزۈڭنى،
قالدىم بالاغا.
ئىشقىڭدا يۈزمىڭ،
جەبىر - جاپاغا.
يەتمەسمۇ ئاھىم،
قادىر خۇداغا.
ھەركىم ياماندۇر،
قويدۇم خۇداغا.
ئەرزىمنى ئېيتاي،
بادى ساباغا.
ھالىمنى ئېيتسۇن،
ئول بىۋاپاغا.
رەھىم ئەيلىسۇن يار،
بولدۇم گىرىپتار.
مەن رازى ئەيكار،
رازى قازاغا.
ھىجران ئوتىغا،
تاقەت قىلالماي.
ئۆمىد ئۈزەلمەي،
چىققىم تالاغا.
زارىم ئىشتىسۇن،
ھالىمنى سورىسۇن.
بىر رەھىم قىلسۇن،
مەن بىناۋاغا.
ئىشقىدا جانىم،
ياماندۇر ھالىم.

ئاھۇ پىغانىم،
چىقماس ساماغا.
كۆردۈم يۈزۈڭنى،
كەتتىم ئۆزۈمدىن.
پەرىگە ئوخشاش،
ئۇچتۇڭ ھاۋاغا.
ھىجرىدا كۆڭلۈم،
كۆيۈپ كۈل بولدى.
كەتتى باقمىدى،
قويدى بالاغا.

ۋەدە قىلدى بىر كېلەي دەپ،
ۋەدىسىگە تۇرمىدى.
تەلمۈرۈپ يولىغا كۈتتۈم،
كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.
نەچچە كەلدى باشقىلار،
مېنىڭ يارىم كەلمىدى.
يىغلىمايمۇ ئاھ ئۇرۇپ،
مېنى كۆزگە ئىلمىدى.
دۆزگىگە قىلغان ۋاپانى،
ماڭا ئەسلا قىلمىدى.
باغرى تاش رەھىمسىزدۇر،
بىردەممۇ ھالىم سورىمىدى.
مۇددىتى بىر نەچچە كۈنلەر،
كۆڭلۈمنى ئالغانىڭ نېچۈك؟!
ئىشقىڭدا ئۆر تەپ مېنى،
ھىجرىڭدا قويغانىڭ نېچۈك؟!
ۋەدىگە قىلماي ۋاپا،
جاپاغا سالغانىڭ نېچۈك؟!
كۆيدۈرۈپ ھەم سۆيدۈرۈپ،
ھەسرەتتە قويغانىڭ نېچۈك؟!

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر خوتەندىن: روزى راۋاپ، ئەزىز كارۋان، مۇھەممەت توختى قاسىم راۋاپ. رەتلىگۈچى: ئەرشىدىن تاتلىق

# لاپلار



## ئوسمان بۆرىنىڭ لاپلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت سادىق

بىر چاغلاردا مېنىڭ بىر كۆك ئېتىم بولىدىغان. ئات ئىدى ـ دە، جانىۋار. بۇ ئات سېنىڭ قولۇڭغا قانداق چۈشۈپ قالدى، دېمەمسەن. بىر كۈنى بازارغا كىرسەم، تۇرغۇن ئادەم بىر يايداق ئاتنىڭ ئەتراپىغا ئۇلىشىۋاپتۇ. ئاتنىڭ ئىگىسى: «ئەگەر كىم مۇشۇ ئاتنى مىنىپ كوچىنىڭ بېشىغىچە چاپالىسا، ئات شۇنىڭ. بولمىسا، بىر ئاتنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ» دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ. شۇنداق قارىسام، ئات جانىۋارنىڭ ئىككى كۆزى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدۇ، ئالدىدىن كەلگەننى چىشلەيدۇ، ئارقىدىن كەلگەننى تېپىدۇ، ئۆمرىدە ئاغزىغا يۈگەن چۈشمىگەن ئۈستىگە ئادەم مىنمىگەن شاش ئات ئىكەن. ھەر «مانامەن» دېگەن ئوغۇل باللار مىنمەك تۇگۇل ئاتنىڭ يېنىغا كېلەلمەيۋاتىدۇ. ئۆزۈمنىڭمۇ تازا قارام ۋاقىتلىرىم ئىدى، «توختا، مەنمۇ بىر تەلىيىمنى سىناپ باقمايمۇ» دېدىم ـ دە، مەيدانغا كىردىم. ئاتنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئات ماڭا قىيا قاراپ «خارت ـ خارت ـ خارت ـ خارت» قىلدۇ. ئاستا دۈمبىسىنى سىلىسام، پۈتۈن ئەزايى قىلدەك تىترەپ تۇرىدۇ. «شارتلا» قىلدىم، ئۈستىگە مىنىۋالدىم. دەسلەپتە ئات سەزمەي قالدى، كېيىن چىچاڭشىپ، شۇنداق پىرقىرىغىلى باشلىدىكى، بەئەينى پىرىدگە چۈشكەنىدەك بولدۇم. چىچاڭشىغىنىغا قويامدىمەن دەيسەن، يايلىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۈستىگە مىختەك جايلىشىۋېلىپ، دىۋىتىۋىدىم، ئات دېگەن جانىۋار ئوقتەك ئۇچتى. بىر دەمدىن كېيىن كەينىمگە قارىسام، بازارمۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئات توپتوغرا تاغقا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداق چېپىپ كېتىۋاتىدۇكى، ئەتراپتىكى ھېچنېمىنى پەرق قىلغىلى بولمايدۇ. توختايدىغاندەك ئەمەس. مەنمۇ «قېنى، قانچىلىك چاپىدىكەنسەن؟» دەپ قويۇپ بەردىم. بىر چاغدا تاغقىمۇ يېتىپ كەلدۇق. قارىسام، يىراقتا ياۋا تۇڭگۇز قوغلاپ كېتىۋاتقان بىر بۆكەن كۆرۈندى. بۇ بۆكەننى بىلەمسەن؟ ئۇ شۇنداق يۈگرۈك نېمىكى ھېچنېمىنى ئۆزىگە يەتكۈزمەيدۇ، دېگىنە. ئاتنىڭ بويىنىنى سىلاپ قويۇۋىدىم، ئات دېگەن جانىۋار ئۇچتىكى، ياۋا تۇڭگۇزدىن ئۆتۈپ، بۆكەنگە ھەش ـ پەش دېگۈچىلا يېتىشىۋالدىم. ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئىگىشىپ تۇرۇپ، بۆكەننىڭ گەجگىسىدىن تۇتتۇم ـ دە، يەر-

دىن يۇلۇپ ئېلىپ غانجۇغىغا باغلىۋالدىم. ئاڭغىچە ئالدىمىزدا قېلىن ئورمانلىق كۆرۈندى، ئات توپتوغرا ئورمانلىققا قاراپ ئەپقېچىۋاتىدۇ. ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپ قالسام، گۆشلىرىم قارىغاي پۇتاقلىرىدا قالىدىغانلىقى ئېنىق. تازا كۈچۈمگە كەلگەن چاغلىرىم ئىدى، تىزگىنىنى تارتىۋىدىم، ئاتنىڭ ئىككى جاۋغىيى يىرىلىپ قۇلىقىغىچە كەلدى. ئات كەينىگە قايرىلىپ چېپىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ يەنە بازارغا قايتىپ كەلدىم. كىشىلەرمۇ تېخى تارقاپ كەتمەي، مېنى قايسى تەرەپتىن كېلىدىكىن، دەپ تۆت ئەتراپىغا قاراپ تۇرۇپتىكەن. بازار بىلەن تاغنىڭ ئارىلىقىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلەمسەن؟ ياخشى يۈرۈشلۈك ئات بولسا، بېرىپ - كېلىشكە ئىككى كۈن كېتىدۇ. مەن بولسام، كۆك ئات بىلەن بىر ئاش پىشىمغىچە بېرىپ كېلىپ بولدۇم. ئەگەر بۆكەننى ئېپكەلمىگەن بولسام، مېنىڭ تاغقا بېرىپ كەلگىنىمگە ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولاتتى. كۆك ئات ئەنە شۇنداق قىلىپ مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغان.

— سېنىڭ ئاۋۋالقى سۆزۈڭگە قارىغاندا، ئۇ يايداق ئات ئىدى، ئاخىرىغا كېلىپ غانجۇغىنىڭ، تىزگىنىنىڭ گېپى چىقىپ قالدىغۇ؟

— سەن بىر كۆرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرمىگەن تۇرساڭ، نېمىنى بىلەتتىڭ!

* *

ھازىرقى سائەتلەرنى سائەت دېگىلى بولامدۇ، سوتكىسىغا بىر قېتىم بۇرىمىساڭ

توختاپ قالىدۇ. مېنىڭ بىر سائىتىم بولىدىغان، سائەت دەپ شۇنى دېسە بولىدۇ. ئۇنىڭ قانداق سائەت ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەي: بىر سائەتنى بىر ئاتنىڭ پۇلىغا ئاران ئالغىلى بولىدىغان، ئاندا - ساندىلا كىشىلەر سائەت تاقىيالايدىغان چاغلار ئىدى. مەنمۇ تاقايچۇ، دەپ سائەت ئالدىم. تازا تومۇز كۈنلىرى ئىدى، چۆمۈلگىلى دەريا بويىغا باردىم. سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىمنى كىيىپ ئۆيگە يېنىپ كەلدىم. قارىسام سائەت يوق. دەريا بويىدا كىيىملىرىمنى يەشكەن يەردە ئۇنتۇپ قاپتىمەن، قايتىپ بېرىپ ئىزدەشكە خۇشياقمىدى. كېلەر يىلى تومۇزدا سۇغا چۆمۈلگىلى يەنە دەريا بويىغا باردىم. سۇغا چۆمۈلۈپ بولۇپ، ئاپتاپتا قاقلىنىپ ياتسام، بىر نېمە «چىك - چاك - چىك - چاك» قىلىدۇ. يا ھايۋاننىڭ ئاۋازىغا، يا ئۇچارقاناتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدۇ. ھەيران قالدىم. تازا دىققەت قىلسام، چىكىلدىغان ئاۋاز مەن ياتقان يەردىن قىرىق - ئەللىك مېتىرچە نېرىدىكى بىر چۆپلۈكنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتىدۇ. بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ باردىم. چۆپلۈكنى ئاقتۇرسام، سائەت تۇرىدۇ، قولۇمغا ئالسام مېنىڭ سائىتىم.

— ئۇنى كىم بۇراپ قويۇپتۇ؟

— ئۇنى كىم بۇراپ قوياتتى، بولتۇر ئۆزەم بۇراپ قويغان پېتىچە مېڭىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

* *

بەلكىم ھېچقايسىڭلار ئايروپىلان دەپ ئاڭلىغان بىلەن تېخىچە كۆرمىگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن. مەن ئايروپىلاننى يىگىرمە

يىلنىڭ ئالدىدىلا كۆرگەن. ھەر يىلى
بىز بىرەرىنىڭ باغ بېدە بىسىۋالاتتۇق.
بىر يىلى ئەتىيازدا ئۆگزىدىن بېدە ئېلىشقا
توغرا كېلىپ، بىر باغ بېدىنى ئېلىشىم-
غا «گۇر - گۇر» لا قىلىپ بىرنېمىلەر
ئۇچۇپ چىققىلى تۇردى. قارىسام ئايروپى-



لانلار ئىكەن. ليۇتچىكلىرى ئاچىلىقتىن
ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇلار كۆزدە
بىزنىڭ ئېغىلنىڭ ئۈستىگە قونغاندا، مەن
كۆرمەي ئۈستىگە بېدە تاشلاپ باسۇرۇۋې-
تىپتىمەن. قىشچە بېدىنىڭ ئاستىدا قاپتۇ
ئەمەسمۇ.

*         *

— ئوسمان، ئايروپىلانغا چۈشكەن-
مىدىڭ؟
— چۈشمەي. بىر يىلى شودۇينىڭ
ئىشى بىلەن بېيجىڭغا بېرىشقا توغرا كېپ-
قالدى. بىر تونۇشنىڭ ئايروپىلانىغا چۈ-
شۈۋالدىم. ئايروپىلاندا پۈتۈمنى ساڭگىلىتىپ
ئولتۇرسام، ليۇتچىك ئاغىنە: «ئوسمان،
يىقىلىپ چۈشمىگىن يەنە» دەيدۇ. «قورقما،
ھەر يۈگرۈك ئاتلارنى قوشقان خادىك
ھارۋىلاردىن يىقىلىپ چۈشمىگەن يەردە،
سېنىڭ ئايروپىلانىڭدىن يىقىلىپ چۈشەتتىمۇ»
دېدىم. ئايروپىلان يولىنىڭ كاتتىمۇ يامانكەن
ئەمەسمۇ. تولا چالاقشىتىپ ئۈچەي - باغرىمنى
قوچىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ سائەتتىلا بېيې-
جىڭغا باردۇق. بىردەڭگە چۈشتۇق، دەڭجا لو-
خەنىنىڭ ئايالى ئوبدان نېمىكەن، ئاۋۋال چاچتەك
سوزۇپ بىر تەخسىدىن لەڭمەن قىپ بەردى،
كەينىدىن ئوخشىتىپ بىر كورا ئەتكەن چاي
ئېتىپ بەردى. چېيىنى ئىچىپ، شامىسىنى راسا
چايناۋالدۇقتە، ئىشىمىزنى پۈتتۈرۈپ، نامىز-
دىگەرنى ئوقۇۋېلىپ، قايتتۇق. ياناشىمىزدا
ئايروپىلان بولۇتقا پېتىپ قېلىپ، پىشاڭ
سېلىپ ئاران چىقاردۇق. شۇنداق قىلىپ،
ئىككى يېرىم سائەتتە يېتىپ كەپتۇق.
— ھوي، ئۈچ سائەتتە باردۇق دە-
ۋاتاتتىڭ، قايتقاندا ئەجەب تېز كەپسىلەنغۇ؟
— بۇياق يەر تۆۋىنكەن ئەمەسمۇ.

*         *

بىر خورىزىم بار ئىدى، دېگىنە.
چوڭلۇقى توپاقتەك كېلەتتى. خوراز تۇر-
ماق ئادەمنىمۇ قورقىتاتتى. مەيلى كېچىسى،
مەيلى كۈندۈزى ئىشىك - دەرۋازىلارنى تا-
قىمايلا بىر يەرلەرگە كېتىۋېرەتتۇق. ئوغ-
رى دېگەننى ھويلىغا يېقىن يولاتمايتتى.
— خورىزىڭ ھازىر بارمۇ؟
— ئۆششاق باللار قويامدۇ دەيسەن،
كېچىسى كاتەكتىن ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

* *

ئوسمان بۆرىنىڭ ئالدىدا بىرسى ماختاندى:

— ئۆتكەندە مېھمان قىچقىرىپ، تىزىۋەتكەن مەزەلىرىمنىڭ كۆپلۈكىدىن داستىخاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان مېھمانلار بىر - بىرىنى كۆرەلمىدى.

ئوسمان بۆرى دېدى:

— شۇنچىلىك ئىشىڭىدىنمۇ ماختىنامسەن؟ مەن بىر قېتىم مېھمان قىچقىرىپ شۇنداق مايلىق پولۇ ئەتتىمكى، پولۇنى يېگەن مېھمانلار ئىشىك ئالدىمىزدىكى ئۆستەڭدە قولىنى يۇيۇۋىدى، ئۆستەڭدە نەچچە كۈنگىچە ماي ئاقتى.

* *

هازىر ئوۋغا چىقىدىغانلار ئاتلارغا مىنىپ، تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، تۈرغۈن ھەشەم بىلەن چىقىدىكەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۆيدىن چىقمايلا ئوۋ ئوۋلايتتىم. قانداق، دېمەمسەن. «تۈركلىنكا» مىلتىقىم بولىدىغان. كېچىسى يېنىمغا قويۇپ ياتاتتىم. سەھەردە ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان ئۆدەك، غازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىم بىلەنلا ئويغىناتتىم - دە، ئورنۇمدىنمۇ تۇر-



ماي، مىلتىقنى ئېلىپ، توڭلۇكتىنلا ئاتاتـ
تىم، بىرمۇ ئوق زايە كەتمەيتتى. ئوق تەكـ
كـەن ئـۆدەك، غازلار توڭـلـۇكـتـىن
توپتوغرا ئـۆيگىلا، يەنە كېلىپ، ئوقـنىڭ
قىزىقىدا تەيـيار كاۋاپ بولۇپـلا چـۈ-
شەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدا ئۆ-
دەك، غاز كاۋىپى يەيتتۇق.

*　　*

بىزنىڭ يۇرتـتا قىرغاۋۇل شۇنـداق
كۆپ ئىدىكى، مىلتىق بىلەن ئېتىپمۇ ئا-
ۋارە بولمايتتۇق. قـىشلىقى بىزنىڭ باغـقا
قىرغاۋۇللار توپ ـ توپى بىلەن چۈشەتتى-
دە، سېمىزلىكىدىن قارغا پېتىپ قېلىپ، ئۇ-
چالمايتتى. تاغارنى ئەپچىقىپ ئۇسـۇپ ـ
ئۇسۇپلا ئەكرەتتۇق.

*　　*

باتۇرلۇق دېـگەنـنى مەنـدىن سورا.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتـنىشىپ ئەسكەر
بولغان ۋاقتلىرىم ئىدى. گومىنداڭنىڭ بىر
پوتىيىنى ئېلىشقا توغرا كېپقالدى. كومانـ
دىر پوتەيىنى پارتـلىتىش ئۈچۈن كەينى ـ
كەينىدىن بىرقانچە جەڭچىلەرنى ئەۋەتـتى.
بارغان جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى قۇربان بولـ
دى، بەزىلىرى يارىدار بولۇپ قايتىپ كەلـ
دى، بىراق پوتەيىنى پارتلىتالمىدى. پوتەيـ
دىن پـىلىموت دېـگەن تاتاتـلاپ ئېتىلىپ
تۇرىدۇ. ئۈزىمۇ تازا دۆڭـنىڭ ئـۈسـتىگە
قۇرۇلغان پوتەيكەن. كومانـدىر تىت ـ تىت
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاخىرى مېنى قىچقىرىپ:
ــ ئوسمان، پوتەيىنى سەن ئالمىساڭ،
باشقىلار ئالالمايدىغان ئوخشايدۇ، ــ دېدى.
ــ بولىدۇ، كوماندىر، ــ دېدىم.
ــ ساڭا نېمە كېرەك؟ ــ دېدى.
ئون تال گـرانات بولسىلا بولدى، ــ
دېدىم.
ئون تال گـرانات بەردى. ئۇنـى
قول ياغلىقىم بىلەن راسا چىڭ باغلىدىم-دە،
پوتەي تەرەپكە ئۆمىلەپ كەتتىم. پوتەيـ
گە يېگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەم قالغانـدا، پىـ
لىموت ئېتىلىۋاتقان تـۆشـۈكـكە قارـتىپ
ھېلىقى بىر يۆگەك گـراناتنى ئاتتىم ـ دە،
يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدىم. قۇلاق سالسام
ھېچ «گۇم» قىلغان ئاۋاز ئاڭـلانـمايـدۇ.
«گرانات پارتلىمىدىمۇ ـيا؟» دەپ كۆزۈمـ
نى ئېچىپ قارىسام، گومىنداڭـنىڭ ناگان
تۇتقان بىر ئورۇق، ئېگىز جۇنـگۇەنى ئالـ
دىدا، پـىلىموت تۇتـقان قاپـقارا، دوپ ـ
دوغىلاق ئەسكىرى كەينىدە ئاسمانـغا ئۇـ
چۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ، جۇنـگۇەن تۆـ
ۋەنگە قاراپ پىلىموتچىكتىن سورىدى:
ــ جىنگى سۇيدى بومبا؟ ①
پىلىموتچىك:
ــ ئايۇپ شاڭزۇڭدى پىڭيۇ ئوسمان
بۆرىدى بومبىما؟ ② ــ دەپ جاۋاب بېرىشى
بىلەن تەڭلا، «گۇمبا ـ گۇمـباڭ» قىلدى ـ
دە، ئىككىسى پارتلاپ كەتتى.

بىر مەزگىل زەمبىرەكچىلەر روتـ
سىغا كوماندىر بولدۇم. بىر كۈنى ئەسكەرـ
لىرىم:
ــ كوماندىر، بىكار يېتىپ ئىچـىمىز
پۇشۇپ كەتتى، زەمبىرەك ئېتىشقا بۇيرۇق
بەرسـىڭىز، ــ دېدى.
ــ بولىدۇ، ئەمىسە دۈشمەن ئاكوپلىـ
رىغا قارىتىپ ئېتىڭلار، ــ دېدىم.
ئۆزۈم بىر ئېگىز دۆڭگە چىقىپ دۇرـ
بۇن بىلەن ئوقنىڭ نىشانغا تېگىش ئەھۋاـ
لىنى كۆزەتتىم، قارىسام، ئوقلار قىڭغىر كېـ

① بۇ كىمنىڭ بومبىسى؟
② ئايۇپ شاڭزۇڭنىڭ دوستى ئوسمان بۆرىنىڭ بومبىسى.

تىۋاتىدۇ. جەڭچىلەرگە ۋارقىرىدىم:

— كۆزۈڭگە قاراپ ئېتىشما‌سەن، ئوقلار قىڭغىر كېتىۋاتىدىغۇ؟

— كوماندىر، قارشى تەرەپتىن شامال چىقىۋاتقاچقا، ئوقلار لەيلەپ كېتىپ، نىشانغا تەگمەيۋاتىدۇ، — دېدى جەڭچىلەر.

— ئۇنداق بولسا، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئېتىڭلار! — دېدىم:

شۇنىڭدىن كېيىن ئوقلاردەل نىشانغا تەككىلى تۇردى. بىردەمدىن كېيىن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ توپلىرىمۇ ئېتىلىشقا باشلىدى. دۇربۇن بىلەن شۇنداق قارسام، بىر يوغان زەمبىرەك ئوقى توپتوغرا بىزنىڭ ئاكوپلارنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتامدۇ. «توختا، بۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بىر بېرەي» دېدىم - دە، پايلاپ تۇردۇم. ھېلىقى زەمبىرەك ئوقى ئالدىمغا كېلىشىگىلا «كاپ» قىلىپلا تۇتتۇم - دە، سەكرەپ ئۈستىگە مىنىۋالدىم. ھەرشاش ئاتلارغا مىنىپ يۈرگەن بىزدەك ئوغۇل بالىلار ئۈچۈن بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى دەيسەن؟ ئوق دېگەن ۋىژىلداپ چىكىتىپ بارامدا. بىر چاغدا خۇمارىم تۇتۇپ تاماكا يۆگىدىم، قارسام سەرەڭگە يوق. ئوقنىڭ ئۇچىدىن تۇتاشتۇرۇپ چەكتىم. ئاڭغىچە بىر قۇم دۆڭنىڭ ئۈستىگە كېپقالدىم، ئەتراپتا ئادەممۇ يوقكەن. ئوقنىڭ گەجگىسىدىن بېسىۋېدىم، تۆۋەنگە قاراپ شۇڭغۇپ ھېلىقى قۇم دۆڭگە بېشىچە پېتىپ قالدى. ئۆزۈم قايتىپ كەلدىم.

× ×

بىر كۈنى دۈشمەن تەرەپكە رازۋېتكىغا كېتىۋاتقىنىمدا، گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانى كۆرۈپ قېلىپ قوغلىدى. يولنىڭ بويىدىكى قوناقلىقتا ئۆزۈمنى ئاتتىم - دە، ئۆمىلەپ قاچتىم. ھېلىقى ئايروپىلان ئۈستۈمدە ئايلىنىپ ھەدەپ يامپىشىمنى ئوققا تۇتتى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن: پۈتۈمنى ياردار قىلىپ، مېنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئوقى تۈگىگەندى بولغاي، قايتىپ كەتتى. ئورنۇمدىن تۇرسام، شالۋۇرۇم ئېغىر تۇرىدۇ. «بۇ نېمە گەپتۇ؟» دەپ يېشىپ قېقىۋىدىم، يەرگە بىر نېمىلەر تۆكۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. قارىسام، دۈشمەن ئايروپىلانى ئاتقان پىلىموتنىڭ ئوقلىرى ئىكەن. شۇ قېتىمدا بىر مىشكاپ ئوق يىغىۋالدىم.

— ئوقلارنىڭ شالۋۇرۇڭدىن ئۆتمىگىنى قىزىققۇ؟

— شالۋۇرۇم ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن - دە، ئېيىق تېرىسىدىن ئوق ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟



# چاغاتايچە لۇغەت

تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت

## ئە①

**ئەدئىيە** ادعيه (ئە) [بىرلىكى: **دۇئا**] دۇئالار.

**ئەديان** اديان (ئە) [بىرلىكى: **دىن**] دىنلار.

**ئەر** ار (پ) 1› «**ئەگەر**» باغلىغۇچىسىنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى (كلاسسىك ئەدەبىياتتا ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن «**ئەگەر**» سۆزى «ئەر» شەكلىدە قىسقارتىلىپ ئىشلىتىلگەن)؛ 2› خاھ، خاھى.

«ئەگەر مۇسلىھمەن ئەر مۇفسىد، ۋەگەر ئاشىقمەن ئەر ئابىد،
نې ئىشىڭ بار سىنىڭ زاھىد، مېنىڭكى ئىختىيارىم بار».
— بابىر.

**ئەرابە** عرابه (پ) هارۋا.

**ئەراجىف** اراجيف (ئە) بىھۇدە سۆزلەر، مىش - مىش گەپلەر.

**ئەرازى** اراضى (ئە) [بىرلىكى: **ئەرز**] يەرلەر، زېمىنلار، جايلار، ماكانلار.

**ئەرازىل** اراذل (ئە) ئەڭ رەزىللەر، پەسكەشلەر؛ ئەڭ تۆۋەن (پەس) تەبىقە ۋەكىللىرى؛ ناكەسلەر:

«سەلاھ خەيلى يەكسان ئەرازىل بىلە،
فەساد ئەھلى خۇرسەند ئەزازىل بىلە».
— ئا. نىزارى.

**ئەرايىس** عرايس (ئە) [بىرلىكى: **ئەرۇس**] كېلىنلەر، كېلىنچەكلەر؛ **گۈزەللىكلەر**.

**ئەرەب** عرب (ئە) 1) ئەرەب خەلقى؛ ئەرەب كىشىسى؛ 2) ئەرەبىستان، ئەرەب مەملىكىتى.

**ئەرەب بەررى** — ئەرەب مەملىكىتى، ئەرەبىستان.

**ئەرەبىي** عربى (ئە) 1› ئەرەبچە؛ ئەرەبكە، ئەرەب تىلىغا تېگىشلىك؛ 2› ئەرەب، ئەرەب خەلقىگە مەنسۇپ.

**ئەرەبىيات** عربيات «**ئەرەبىيەت**» كە قاراڭ.

**ئەرەبىيە** عربيه (ئە) ئەرەب تىلى ئىلمى.

**ئەرەبىيە ئۇلۇمى** — ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى، ئەدەبىيات قائىدىلىرى، مەنتىق، ئارۇز، قاپىيە ئىلىملىرى.

**ئەرەبىيەت** عربيت (ئە) ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى؛ ئەرەب تىلىغا ئائىد، ئەرەبچە.

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

**ئەرئەر** عرعر (ئە) قارا ئارچا، تاغ سەرۋ دەرىخى:

«قاشى مېھراب تا مۇنبەر، كۆزىدۇر چەشمەئى كەۋسەر،
قەدى چۇن سەرۋ يا ئەرئەر يۈرۈشى كەبكى خۇشرەفتار»

— نەۋبەتى.

**ئەرەز** عرض (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ئەسلىدە بولماي، كېيىن پەيدا بولغان ۋاقىتلىق سۈپىتى.

**ئەرەس** ارس (ئە) ئەزەر بەيجاندىكى بىر دەريانىڭ نامى.

**ئەرەسات** عرصات (ئە) [بىرلىكى: **ئەرسە**]
1) بوش مەيدان مەنىسىدىكى ئەرسە سۆزىنىڭ كۆپلۈكى؛ 2) غەۋغا، توپىلاڭ، قىيامەت.

**ئەرەستۇ** ارسطو (يۇنانچە + ئە) يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئەرستوتېل ئىسمىنىڭ ئەرەبچە شەكلى.

**ئەرەش** ارش (ئە) ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى (50 — 60 س. م).

**ئەرەفات** عرفات (ئە) ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

**ئەرەق I** عرق (ئە) تەر.
**ئەرەقى پىشانىي** — پېشانە تەرى.

**ئەرەق II** عرق (ئە) ئىچىملىك، هاراق.

**ئەرەق رىز** عرق‌ريز (ئە + پ) تەر تۆككۈچى؛ مېھنەتكەش، مېھنەتسۆيەر.

**ئەرەقناك** عرقناک (ئە + پ) تەرلىك، تەرلىگەن.

**ئەرەقنىشىن** عرق نيشين تەرگە چۆمۈلگەن، تەرگە پاتقان.
**ئەرەقنىشىن گۇل** — مەھبۇبەنىڭ قىزىرىپ تەرلىگەن يۈزى.

**ئەرباب** ارباب (ئە) 1) بىرەر ئىشقا لايىق كىشىلەر، ئىش ئىگىلىرى، پەزىلەت ئىگىلىرى، 2) ئەمەلدارلار، ئۇلۇغلار.

«كەئبەئى ئەربابى هاجەت قاشلارىڭ مېھرابىدۇر،
قىبلەئى ئەهلى مۇھەببەت خاكى دەرگاھىڭ سېنىڭ».

— ئەتائى.

**ئەربابى بىيىنىش** — كۆرگۈچىلەر، بىر ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى كۆرەلەيدىغانلار؛
**ئەربابى تەغافۇل** — غەپلەت ئىگىلىرى، غاپىللار، غەپلەتتە قالغانلار؛
**ئەربابى دىن** — دىن ئەربابلىرى:

«دېدى: ئەي ماڭا پىر ئەربابى دىن،
ئەمانەت سۆزۈمنى تۇتۇڭ مۇتمەئىن».

— ئا. نىزارى.

**ئەربابى مەئانىي** — مەنە بىلگۈچى كىشىلەر؛ ئالىملار؛

Altun

**ئەرباب‌ى ھەقمقەت** ــ ھەقىقەت بولىنىڭ ئىگىلىرى؛ ھەقىقەتنى كۆز-لىگۈچىلەر؛

**ئەربابى ۋەزايىف** ــ ۋەزىپە ئىگىلىرى، دۆلەت ئەربابلىرى.

**ئەرباغ** ارباغ ئەفسۇن؛ ئۇرۇلىپ - چىرمىشىپ تۇرۇش.

**ئەربەدە** عربده (ئە) شاۋقۇن - سۈرەن، تـوپىلاڭ، قىيچۇ (چۇقان)، غەۋغا؛ مەستانە ۋارقىراش.

«بەبۇركى جۇنۇن بېشەسىدىن ئەربەدە قىلدى،
رۇباھ سۈفەت ئىقىل قىلىپدۇر ھەزەرى ئىشق».

ــ زەلىلى.

**ئەربەدە ئەيلەمەك** ــ شاۋقۇن - سۈرەن سالماق، ۋارقىراپ - جارقىرىـ-ماق، قىيا ــ چىيا قىلماق؛

**ئەربەدە بۇنياد ئەتمەك** ــ شاۋقۇن - سۈرەن؛ كۆتەرمەك، تـوپىلاڭ، تەرتىپسىزلىك قىلماق.

**ئەربەدە قىلماق** ــ «**ئەربەدە ئەيلەمەك**» كە قاراڭ.

**ئەربەدەجو** عربده‌جو (ئە + پ) غەۋغا قوزغاتقۇچى، توپىلاڭچى.

**ئەربەدەگەر** عربده‌کر (ئە + پ) جاڭجالكەش، غەۋغاچى، ماجىراچى.

**ئەربەئىن** اربعين (ئە) 1› چىللە، قىرىق كۈن؛ قىرىق كۈن ئىبادەت قىلىش؛ 2› جامىي ئەسىرىنىڭ نامى؛ 3› قىرىق ھەدىس (ئەسەر نامى).

«ئەربەئىن ئولتۇردى بولغايكىم زىيادىن شەيخلەر،
قول ئاچىپ ھەرگىز دۇئا قىلماس نىيازى بولماسا».

ــ زەلىلى.

**ئەربەئىن ئەھلى** ــ قىرىق ھەدىس يازغانلار؛

**ئەربەئىن ھەدىس** ــ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەشھۇر قىرىق ھەدىسى، قىرىق سۆزى، نەسىھىتى.

**ئەرتەنماق** ارتانماق «**ئەرتىلماق**» قا قاراڭ.

**ئەرتىلماق** ارتيلماق 1› ئاشماق، ئېشىپ ئۆتمەك؛ 2› پاكلانماق، ئېرىتىلماق.

**ئەرجۇمەند** ارجمند (پ) 1› ئېزىز، ئىززەتلىك، قەدىرلىك، قىممەتلىك، ھۆرمەتلىك. شەرەپلىك، مۆتىۋەر، دانىشمەن، ئەقىللىق؛ 2› ئەرزىيدىغان، لايىق، سازاۋەر؛ 3› مەشھۇر، ئۇلۇغۋار؛ 4› يېتىشىش قىيىن بولغان نەرسە.

«ھەمە جاندارلار بولۇپ بەھرىمەند،
كى ھەمدۇ سەنا بىرلەدۇر ئەرجۇمەند».

ــ غەرىبىي.

**ئەرجۇمەند ئەتمەك** ــ سازاۋەر قىلماق؛ ئىززەتلىك قىلماق، ئېزىز-لىماق؛

**ئەرجۇمەند ئەيلىمەك** — ئىززەتلىك، ئابرويلۇق قىلماق، ئىززەتلىمەك، ھۆرمەتلىك.
**ئەرجۇمەند بولماق** — ئىززەتلىك، قەدىرلىك بولماق؛ بەھرىمەن بولماق،
**ئەرجۇمەند تۇتماق** — ئۆزىنى چوڭ تۇتماق؛
**ئەرجۇمەند قىلماق** — «**ئەرجۇمەند ئەيلەمەك**» كە قاراڭ.
**ئۆزىنى ئەرجۇمەند تۇتماق** — ئۆزىنى يۇقىرى تۇتماق:

«تۇتار ئىېردىم ئانداغ بەسى ئەرجۇمەند.
بارى مۈلكلەردىن ئىدى دىل پەسەند»

— ئا. نىزارى.

**ئەرچى** ارچه (پ) «**ئەگەرچى**» نىڭ قىسقارغان شەكلى؛ ئەگەر، ئەگەرچە، گەرچە.

**ئەردەۋان** اردوان (پ) 1› قەدىمىي ئىراندىكى ئەپسانىۋىي بىر پادىشاھنىڭ نامى؛ 2› ئىراندىكى قەدىمىي بىر ۋىلايەتنىڭ نامى.

**ئەردەۋىل** اردويل ئاقسۇنىڭ قەدىمكى نامى:

شەھەرى ماچىندىن زەلىلى تەلبە ئەيلەپدۇر سەفەر،
ئەردەۋىل ئىلە كۇچارۇ سەير تۇرپاندۇر تەمەئ».

— زەلىلى.

**ئەرراس** عراس (ئە) ھاڭراش، ھۆركىرەش (يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ۋارقىرىشى).
**ئەرراس ئىزھار قىلماق** — ھاڭرىماق.

**ئەرراف** عراف (ئە) 1› پالچى، رەممال، يۇلتۇزغا قاراپ پال باققۇچى، مۇنەججىم؛ 2› داخان، باخشى، پىرخۇن؛ 3› سەنئەتكار، سەنئەت ئەھلى.

**ئەررە** اره 1› ھەرە (ياغاچ كېسىشتە ئىشلىتىلىدىغان سايمان)؛ 2› لەھەڭ بېلىقىنىڭ ئارقا قانىتىنىڭ چىشلىرى.

«باشىغە قويۇپ ئول زەمان ئەررەئى،
دەمىن ئاسۋادى، چىقمادى زەررەئى».

— ئا. نىزارى.

**ئەررەفىقۇ** الرفيق (ئە)
**ئەررەفىقۇ سۇممەتتەرىيق** — «ئاۋۋال يولداش تاللا، ئاندىن سەپەرگە چىق» مەنىسىدىكى ئەرەبچە ئىبارە (ماقال).

**ئەرز I** ارض (ئە) يەر، زېمىن، يەر يۈزى.

«ئاسمانۇ ئەرزۇ ئەبرۇ ئافتاب،
ئافەرىنىش بەھرىدىن گويا ھۇباب».

— زەلىلى.

**ئەرزسەتھى** — يەر يۈزى؛ يەر ئۈستى؛
**ئەرزۇ سەما** — يەر ۋە ئاسمان:

«ئىشق بىر ئوتدۇركى ئۆچمەس تۈنۈ كۈن سوزانەدۇر،
ئوچقۇنى تۈشمەس ساڭا ئەرزۇ سەمادا ئىستەگىل».
—گۇمنام.

**ئەرزى ساكىن** — جىمجىت تۇرغان يەر، بەر قارار تۇرغان يەر؛
**ئەرزى ۋەسىئ** — كەڭ يەر، دۇنيا؛
**ئەرزىي كۇتۇب** — يەر كىتابلىرى، دۇنياۋى كىتابلار.

**ئەرز I** عرض (ئە) بىرەر نەرسىنىڭ ئىنى، كەڭلىكى.

**ئەرز I** عرض (ئە) 1 › بايان، مەلۇمات؛ ئىزهار،مۇراجىئەت، ئىستەك؛ ئىلتىماس؛ شىكايەت؛ 2 › كۆرسىتىش، نامايىش قىلىش؛ هاۋالە-قىلىش.
**ئەرز ئەتەمەك** — 1 › بايان قىلماق، (مەقسىتىنى) ئىزهار قىلماق؛ 2 › كۆرسەتمەك، نامايىش قىلماق، قوبۇل قىلىشقا هاۋالە قىلماق؛
**ئەرز ئەيلەمەك** — ئەرز قىلماق، بايان قىلماق؛ ئىزهار قىلماق؛
**ئەرز قىلماق** — «**ئەرز ئەيلەمەك**» كە قاراڭ؛
**ئەرزگە يەتكۈرمەك** — بايان ئەتمەك؛
**ئەرز ئولماق** — بىلدۇررۇلمەك؛ مەلۇم قىلىنماق؛
**ئەرزى پەيام** — خەۋەر يەتكۈزۈش، دېرەك بېرىش؛
**ئەرزى تەزەللۇم** — زۇلۇم كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىش؛
**ئەرزى دۇئا ئەيلەمەك** — دۇئايى سالام ئېيتماق، بىلدۇرمەك؛
**ئەرزى رۇخسار** — يۈز كۆرسىتىش، بەت ئېچىش؛
**ئەرزى فەساھەت** — پاساھەت مەيدانى، بابى، ساھەسى؛
**ئەرزى كەرامەت ئەيلەمەك** — مۆجىزە كۆرسەتمەك؛
**ئەرزى كەرەم قىلماق** — سېخىيلىق كۆرسەتمەك؛
**ئەرزى مۇسىقىي** — مۇزىكا ئاڭلىتىش؛
**ئەرزى نىياز** — 1 › سالام، دۇئا؛ 2 › زارلىنىش، يالۋۇرۇش؛
«كۆڭۈل مۇددەئاسىنى راز ئەيلەبان،
كى قۇللۇغدا ئەرزى نىياز ئەيلەبان».
— ئا. نىزارى.
**ئەرزى نىياز ئەتمەك** — «**ئەرزى نىياز ئەيلەمەك**» كە قاراڭ؛
**ئەرزى نىياز ئەيلەمەك** — 1 › موهتاجلىق دەردىنى بايان قىلماق، هاجەتمەنلىكىنى بىلدۇرمەك؛ 2 › دۇئايى سالام ئېيتماق؛ هاجەت-مەقسىتىنى بىلدۇرمەك؛
**ئەرزى نىياز قىلماق** — «**ئەرزى نىياز ئەيلەمەك**» كە قاراڭ؛
**ئەرزى نىياز ئولماق** — زارلانماق، يالۋۇرماق، ئىلتىجا قىلماق؛
**ئەرزى نىياز ئىزهارى بولماق** — موهتاجلىقىنى ئىزهار قىلماق؛

**ئەرزى هال** ــ هال - ئەهۋال بايانى؛
**ئەرزى هال ئەيلەمەك** ــ (مەقسىتىنى) ئىزهار قىلماق؛
**ئەرزى هۇنەر** ــ هۇنەر كۆرسىتىش؛
**ئەرزى ئىخلاس ئەيلەمەك** ــ ئىخلاس، سەمىمىي دوستلۇق كۆرسەتمەك، ئىزهار قىلماق؛
**ئەرزى ئىمان ئەتمەك** ــ ئىمانغا دەۋەت قىلماق، مۇسۇلمانلىققا دەۋەت قىلماق.

**ئەرزاق** ارزاق (ئە) [بىرلىكى: رىزق] رىزقلار، ئوزۇقلار.

**ئەرزال** ارذال (ئە) [بىرلىكى: رەزىل]. 1› پەسكەشلەر؛ رەزىللەر؛ پەس ئادەملەر؛ تۆۋەن؛ قەبىھ، پەس؛ 2› تۆۋەن تەبىقە، تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى، ئاۋام خەلق.
**ئەرزال تەمەللۇقى** ــ پەس كىشىلەرنىڭ خۇشامىتى؛
**ئەرزالۇ ئەشراب** ــ تۆۋەن ۋە يۇقىرى تەبىقىلەر؛
**ئەرزالۇ دۇرد ئاشام** ــ مەي ساقىنىدىسىنى ئىچكۈچى تۆۋەن كىشىلەر.

**ئەرزانىي** ارزانى (پ) بېرىش، بېغىشلاش؛ لايىق كۆرۈش؛ سازاۋەر؛ مۇيەسسەر؛ لايىق، مۇۋاپىق.
**ئەرزانىي ئەتمەك** ــ «ئەرزانىي ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**ئەرزانىي ئەيلەمەك** ــ لايىق كۆرمەك، بېغىشلىماق؛
**ئەرزانىي تۇتماق** ــ مۇيەسسەر قىلماق.

**ئەرزە** عرضه (ئە) ئەرز؛ ئىلتىماس؛ ئىزهار؛ شىكايەت.
**ئەرزە قىلماق** ــ بايان قىلماق، بىلدۈرمەك.

**ئەرزە داشت** عرضه داشت (ئە + پ) ئەرز قىلىش، ئەرز تۇتۇش؛ ئۆز ئەهۋالىنى بايان قىلىش؛ ئىستەك، مەقسىتىنى خەت ئارقىلىق بىلدۈرۈش.
**ئەرزە داشت قىلماق** ــ ئەرز قىلماق، بايان قىلماق، مەقسىتىنى ئېيتماق.

**ئەرزەندە** ارزنده (پ) 1› ئەرزىيدىغان، لايىق، مۇناسىپ؛ 2› ئەركە، سۆيۈملۈك.

«بېگىملەرگە يەتتى چۇ ئەرزەندەلىك،
ماڭا چۇن يېتىپ ئەسرۇ شەرمەندەلىك».
ــ ئا. نىزارى.

**ئەرسە** عرصه (ئە) [كۆپلۈكى: **ئەرەسات**] 1› مەيدان، سەهنە، بىنا قۇرۇلىدىغان كەڭ مەيدان؛ كەڭلىك؛ 2› شاخمات تاختىسى؛ 3› ئالەم، دۇنيا.

«بولدى چۇن زەررىن لەۋا سۇبھ ئاقلىغىدىن نۇرى بار،
قىلدى ئالەم ئەرسەسىدىن قارا تۇن فەۋجى فىرار».
ــ تەجەللىي.

**ئەرسەئى ئاسمان** ـــ ئاسمان بوشلۇقى، يۈزى؛
**ئەرسەئى ئافاق** ـــ ئۇپۇقلار كەڭلىكى؛ كۆك، ئاسمان؛

«شورىشى جۇنۇنۇڭدىن تولدى ئەرسەئى ئافاق،
رەقس قىل زەلىلى سەن تابەكەي فەراموشى».
ـــ زەلىلى.

**ئەرسەئى ئالەم** ـــ ئالەم بوشلۇقى، يەر يۈزى؛
**ئەرسەئى بارگەھ** ـــ پادىشاھ زىياپەتخانىسىنىڭ سەھنىسى؛
**ئەرسەئى بەزم** ـــ بەزم مەيدانى، سەھنىسى؛
**ئەرسەئى خاك** ـــ كۆچمە م: دۇنيا، يەر يۈزى، يەر مەيدانى؛
**ئەرسەئى شەترەنج** ـــ شاخمات تاختىسى؛
**ئەرسەئى مەھشەر** ـــ قىيامەتتە بارچە ئىنسانلار توپلىنىدىغان مەيدان، قىيامەت مەيدانى.

**ئەرش** عرش (ئە) 1 › ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرىسى، يۇقىرى قەۋىتى؛ 2 › ئەڭ يۇقىرى جاي، يۈكسەك جاي؛ 3 › تەخت.
**ئەرش بۇرجى** ـــ ئاسماننىڭ يۇقىرى چوققىسى؛
**ئەرش جەناب** ـــ ئەڭ يۇقىرى ئورۇن؛
**ئەرش سۇتۇنى** ـــ ئاسمان تۈۋرۈكى، دۇنيا تايانچى؛
**ئەرش قەندىلى** ـــ كۆچمە م: قۇياش ياكى ئاي؛
**ئەرشى ئەئزەم** ـــ ئەڭ ئۇلۇغ ئەرش؛ ئۇلۇغۋار؛
**ئەرشى ئەئلا** ـــ ئەڭ يۈكسەك ئەرش؛

«كى شەھزادە كەۋنەين ئارا شەھسەۋار،
بۇلار ئەرشى ئەئلاغەدۇر گۇشۋار».
ـــ ئا. نىزارى.

**ئەرشى بەرىن** ـــ يۇقىرى، يۈكسەك ئاسمان؛
**ئەرشى سەرىر** ـــ (ئاسمان) تەختىگە كۆتۈرۈلگەن، يۇقىرىلىغان؛ يۈكسەلگەن،
**ئەرشى مۇئەللا** ـــ ئەرشىئەلا.

**ئەرش ئاسا** عرش آسا ئاسمانغا ئوخشاش يۈكسەك؛ ئاسمانغا يەتكەن؛ باغرى كەڭ.

**ئەرشايىن** عرشايين (ئە) ئەرشىئەلا دەرىجىسىدىكى، ئەرشىئەلاغا ئوخشاش ئىش يۈرگۈزگۈچى، ئىشنىڭ يۈرۈشىشى.

**ئەرشەد** ارشد (ئە) ئەڭ يېتۈك، دانا.

**ئەرش پەرۋاز** عرش پرواز (ئە + پ) يۈكسەك، يۇقىرى پەرۋاز، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگۈچى.

**ئەرشسا (ي)** عرش سادى، (ئە + پ) ئاسمانغا ئوخشاش يۈكسەك؛ ئاسمانغا

يەتكەن، ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغا تەڭ، ئەرشكە ئوخ-
شاش.

**ئەرش فەرسا** عرش فرسا (ئە + پ) ئەرشكە ئوخشاش يۈكسەك، **ئۆلچىماندەك** ئېگىز.

**ئەرشى ئەئزەم ئېلى** عرش اعظم ايلى (ئە) كۆچمە م: پەرىشتىلەر.

**ئەرغە دال** ارغادال «**ئەرۇغدال**» غا قاراڭ.

«باز نىيادىن قىلىبان ئىنتىقال،
قۇمغە كىرىپ يۈردۈك ئاشىپ ئەرغەدال».
— زەلىلى،

**ئەرغەدەماق** ارغاداماق ئالدىماق، ھىلە بىلەن يەڭمەك.

**ئەرغەنۇن** ارغنون (يۇنانچە) بىر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابى.

«نە ھاجەت نالەئى نەي، يا رەبابۇ بەربەتۇ قانۇن،
سۇرۇدى ئەرغەنۇندىن شورىشى پەيمانەدۇر پەيدا».
— زەلىلى.

**ئەرغەۋان** ارغوان (پ) باھاردا ئېچىلىدىغان قىزىل گۈللۈك دەرەخ، قىزىل گۈل، قىزىل.
**ئەرغەۋان بولماق** — قىزارماق؛
**ئەرغەۋانى مەي** — قىزىل مەي.

**ئەرغەۋان خەد** ارغوان خد (پ) قىزىل يۈزلۈك، گۈزەل مەڭىزلىك.

**ئەرغەۋان رىز** ارغوان ريز (پ) قان-ياش تۆككۈچى، قاتتىق يىغلىغۇچى.

**ئەرغەۋان گۈن** ارغوان كون (پ) كۆچمە. م: قىزىل، قىزىل تۈسلۈك.

**ئەرغەۋانىي** ارغوانى (پ) قىزىل رەڭلىك، توق قىزىل.
**ئەرغەۋانىي تون** — قىزىل تون.

**ئەرغۇشتەك** ارغوشتك مۇزىكىلىق بىر ئۇسۇل، ئويۇن.

**ئەرغۇۋان** ارغوان «**ئەرغەۋان**» غا قاراڭ.

«بولۇپ چېھرەسى زەئفىدىن ئەرغۇۋان،
نەدۇر ئەرغۇۋان ئول، دېگىل زەئفەران».
— ئا. نىزارى.

**ئەرفەئ** ارفع (ئە) ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ يۈكسەك، يۈكسەكرەك، ئېگىز-رەك.
**ئەرفەئى دەرەجات** — دەرىجىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى.

**ئەرقام** ارقام (ئە) [بىرلىكى: رەقەم] 1› رەقەملەر، سانلار؛ 2› يېزىقلار.

**ئەرقەم** ارقم (ئە) 1› ئالىچىپار؛ 2› ئالىچىپار يىلان.

**ئەرك** ارك ساراي، قەسىر، ئېگىز قورغان، ئىچكى قەلئە؛ پادىشاھنىڭ

شەھەر ئىچىدىكى قورغان ـ سارىيى.

**ئەركان** اركان (ئە) [بىرلىكى: رۇكن] 1) تۈۋرۈكلەر، تايانچلار؛ 2) تەركىبىي قىسىملار، ئاساسلار؛ 3) بۇرجەكلەر؛ 4) رۇكنلار (ئارۇزدا).

**ئەركانى دەۋلەت** ـــ دۆلەت تايانچىلىرى، دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىرى؛ ئەمەلدارلار، ئەربابلار.

**ئەرلات** ارلات تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى.

**ئەرمەنۋار** ارمن وار (پ) ئەرمەنچە.

**ئەرمەنى** ارمنى (پ) ئەرمەنىستانلىق.

**ئەرمەنىي ساز** امنيِ ساز (پ) ئەرمەنچە، ئەرمەنىستانلىقلار ئىشلىگەن.

**شەرابى ئەرمەنىي ساز** ـــ ئەرمەنچە شاراب، ئەرمەن مېيى، شارابى.

**ئەرمۇغان** ارموغان تارتۇق، ھەدىيە.

**ئەرنەب** ارنب (ئە) توشقان.

**ئەرۇز** عروض (ئە) 1) شېئىر ۋەزىنلىرى ھەققىدىكى پەن، شەرق پوئېزىيىسىدىكى شېئىرى ئۆلچەم؛ 2) ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر، ئەسەر؛ 3) ئەرەبىستاندىكى بىر ۋادىنىڭ نامى.

**ئەرۇز ئەھلى** ـــ ئارۇز ئىلمىگە ئائىت تۈرلۈك ئەسەرلەر يازغان ئالىملار.

**ئەرۇز فەنى** ـــ شېئىر ۋەزىنلىرى، ئۆلچەملىرى ھەققىدىكى پەن.

**ئەرۇس** عروس (ئە) [كۆپلۈكى: ئەرائىس] 1) كېلىن، كېلىنچەك؛ 2) باھار چېچەكلىرى.

«ھەر تەرەپى چىقتى سەدائى خۇرۇس،
جىلۋە بېرىپ گۈلشەن ئىچىندە ئەرۇس».
ـــ زەلىلى.

**ئەرۇسى پەردەنىشىن** ـــ پەردە ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئىپپەتلىك كېلىنچەك؛

**ئەرۇسى چەرخ** ـــ «ئەرۇسى گەردۇن» غا قاراڭ؛

**ئەرۇسى دەھر** ـــ دۇنيا كېلىنى؛ ئالەم قۇياشى؛

**ئەرۇسى گەردۇن** ـــ ئاسمان كېلىنى؛ كۆچمە م: ئاي؛

**ئەرۇسى مەستۇرە** ـــ ئىپپەتلىك كېلىنچەكلەر؛

**ئەرۇسى مېھر** ـــ قۇياش.

**ئەرۇسانە** عروسانه (ئە + پ) كېلىنلەرچە؛ كېلىنلەرگە خاس؛ گۈزەل.

**ئەرۇسەك** عروسک (ئە + پ) ئويۇنچۇق، قورچاق.

**ئەرۇغدال** اروغدال تۆپىلىك، تاغ ئېتەكلىرىدىكى پاكا تۆپىلىكلەر؛ پەستىرما.

**ئەرۋاھ** ارواح (ئە) [بىرلىكى: رۇھ] روھلار.

**ئەرۋاھى قۇدسىي** — مۇقەددەس روھلار (پەرىشتەلەر).

**ئەرى** ارى 1)، ھەرە، ھەسەل ھەرىسى:

«لەب ئارا ئاغزىڭ چۇچۇك تىل بىرلە گويا ئاڭلاسام،
شەھدلىغ نىشى بىلە گۇل بەرگىنى تەشمىش ئەرى».
— نەۋائى.

2) تازا، ساپ، پاك.

**ئەرىتماق** اريتماق 1) تازىلىماق، پاكلىماق؛ 2) كۆتۈرمەك، بىر تەرەپ قىلماق.

**ئەرىز** عريض (ئە) ئەنلىك، كەڭ.

**ئەرىغ** اريغ 1) پاكىزە، ساپ، تازا، تىنىق؛ 2) يېڭى؛ 3) ياخشى، دۇرۇس؛ 4) ئۇزاق؛ 5) مەھرۇم؛ 6) پايدىسىز؛ 7) ئېرىق (سۇ ئاقىدىغان)؛ 8) كۆز يېشىنىڭ ئېقىشى؛ «ئارىغ» قا قاراڭ.

«گۇرۇھى ئېردى دەردۇ داغ ئىچىندە،
ئەرىغ قازماقىدە شاغىل تاغ ئىچىندە».
— نەۋائى.

**ئەرىغلىغ** اريغليغ 1) پاكىزىلىق؛ تىنىقلىق؛ پاكلىق؛ 2) ئېرىقتا ئاقىدىغان، ئېرىقتىكى.

**ئەرىق** اريق 1) «ئەرىغ» گە قاراڭ؛ 2) باشقىچە؛ ساپ.

**ئەرىلماق** اريلماق پاكلانماق؛ تارقالماق.

**ئەرىماق** اريماق تازىلانماق، پاك بولماق؛ («ئارىماق» قا قاراڭ.

**ئەرىن** عرين (ئە) ئورمان، توقاي، جاڭگاللىق؛ يىرتقۇچلار، ھايۋانلار؛ يىرتقۇچ ھايۋان ياشايدىغان توقاي، جاڭگال.

**ئەز** از (پ) سۆز ئالدى قوشۇمچە؛ ئۇيغۇر تىلىدا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «ـ دىن، ـ تىن» رولىدا كېلىدۇ.

**ئەزتەھى دىل** — ئەستايىدىل، چىن كۆڭۈلدىن؛

**ئەزروىي لۇتف** — ياخشىلىق يۈزىسىدىن، ياخشىلىقتىن.

**ئەزا** عزا (ئە) 1) ماتەم، مۇسىبەت؛ 2) داد پەرياد، ۋارقىراش.

**ئەزا تۇتماق** — ماتەم تۇتماق، يىغلىماق؛

**ئەزا سور (ە) ماق** — كۆڭۈل سورىماق، تەسەللى بەرمەك، تەزىيە بىلدۈرمەك.

**ئەزاب** عذاب (ئە) مۇشەققەت، ئازار، دەرد، ئەلەم.

**ئەزاب ئايەتلەرى** — ئازاب توغرىسىدىكى (قۇرئان) ئايەتلىرى (جۈملىلىرى)، ئازاب ئالامەتلىرى؛

**ئەزاب ئەتمەك** — ئازاب بەرمەك، قىينىماق.

**ئەزاب ئەيلەمەك** ــ قىينىماق، ئازار بەرمەك، رەنجىتمەك؛
**ئەزابى ئەلىم** ــ تاقەتسىزلىك ئازابى؛
**ئەزاب يەتكۈزمەك** ــ ئازابلىماق، ئازاب بەرمەك، قىينىماق.

**ئەزازىل** عزازل (ئە) 1) شەيتاننىڭ ئەسلى ئىسمى؛ 2) كۆچمە. م: ئەسكى، يامان؛ نەيرەڭۋاز.

**ئەزامەت** عزامت (ئە) شۇملۇق؛ غەرەز، خۇسۇمەت؛ يامانلىق.

**ئەزەب** عزب (ئە) بويتاق، ئۆيلەنمىگەن.

**ئەزەل** ازل (ئە) ئەڭ ئاۋۋال، باشلىنىش، باشلىنىشى نامەلۇم بولغان قەدىمى زامان.

**ئەز ئەزەل** ــ ئەزەلدىن، قەدىمدىن؛
**ئەزەل خەتتى** ــ تەغدىر، ئەزەلدە پۈتۈلگەن (يازمىش)؛
**ئەزەل دىۋانى** ــ قىسمەت، تەغدىر، پىشانىسىگە پۈتۈلگەن تەلەي؛
**ئەزەلدىن تائەبەد** ــ ئەڭ ئاۋۋالدىن ئەڭ ئاخىرغىچە؛ پۈتۈن بارلىق داۋامىدا؛ باشتىن ئاياغ؛
**ئەزەل ساقىيسى** ــ كۆچمە م: تەقدىر پۈتكۈچى؛ تەڭرى، خۇدا؛
**ئەزەل سۇبھى** ــ ئەزەل تېڭى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تېڭى؛
**ئەزەل قەسسامى** ــ قىسمەت پۈتكۈچى، ياراتقۇچى، خۇدا؛
**ئەزەل قىسمەتى** ــ ئەڭ ئاۋۋالقى نېسىۋە، تەغدىر، تەقسىمات؛
**ئەزەل نەققاشى** ــ 1) تەغدىر سۈرەتچىسى؛ 2) كۆچمە. م: ياراتقۇچى، تەڭرى، خۇدا؛
**رۇزى ئەزەل** ــ ئەزەل كۈنى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كۈنى.

**ئەزەل** ازل (ئە) ئارۇز ۋەزنى زىھافلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**ئەزەلىي** ازلى (ئە) ئەزەلگە تەۋە، ئەزەلىي، دائىمىي.

**ئەزەمەت** عظمت (ئە) 1) ئۇلۇغۋارلىق، ئۇلۇغلۇق؛ بۈيۈكلۈك؛ 2) سەلتەنەت، ھۆكۈمرانلىق، ئەمەلدارلىق.

**ئەزەمەت كۆرگۈزمەك** ــ چوڭچىلىق قىلماق، كېرىلمەك.

**ئەزبەر** ازبر (پ) ياددىن، ياددىكى، يادلانغان.

**ئەزبەر ئەيلەمەك** ــ يادلىماق؛ ئېسىدە تۇتماق؛
**ئەزبەر قىلماق** ــ «ئەزبەر ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**ئەزبەر ئوقۇماق** ــ يادقا ئوقۇماق.

**ئەزبەس** ازبس (پ) چۈنكى، شۇنىڭ ئۈچۈن.

**ئەزبەسكى** ازبسكە (پ) «ئەزبەس» كە قاراڭ.

«ۋادەئى ھەيرەتدە ئەزبەسكى ھەرارەت چەكمىشىم،
سايە بەخش ئولغال مېنىڭ باشىمغە گوياكى ھۇما»
ــ زەلىلى.

**ئەزداد** اضداد (ئە) [بىرلىكى: زىد] زىتلار، مۇخالىپلار، زىددىيەتلەر،

قاردەۇ ـقارشى.

**ئەزرا** عذرا (ئە) 1 › پاك قىز؛ 2 › ۋامىق ئاشىق بولغان قىز («ئۇز-را» غا قاراڭ).

**ساقىئى ئەزرا ئۇزارى** ــ نەپىس كىيىم كىيگەن گۈزەل ساقىي.

**ئەزرائىل** عزرائيل (ئە) ئۆلۈم پەرىشتىسى، جان ئالغۇچى پەرىشتە، ئەزرائىل.

**ئەزرەق** ازرق (ئە) 1 › كۆك، كۆك تۈس، يېشىل؛ ھاۋارەڭ؛ 2 › كۆچمە م: ئاسمان.

**سىپپىھرى ئەزرەق** ــكۆك ئاسمان.

**ئەززەشەئنۇھ (ۋ)،** عزشانه (ئە) ئاللا ئىبزىزدۇر؛ ئۇلۇغ، شانلىق.

**ئەززەمەن قەنەئ** عزمن قنع (ئە) قانائەت قىلغان (قانائەتچان) كىشى ئىززەتلىك بولىدۇ؛ قانائەتلىك كىشى ئىبزىزدۇر.

**ئەزفەر** اذفر (ئە) ئۆتكۈر ھىد؛ ئۆتكۈر ھىدلىق؛ تازا؛ خالىس.

**مۇشكى ئەزفەر** ــئىنتايىن خۇشبۇي ئىپار.

**ئەزكىيا** ازكيا (ئە) [بىرلىكى: **زەكىي**]

زىدرەكلەر، زەكىيلەر.

**ئەزل** عذل (ئە) بوشىتىش، چەتلىتىش، ئۇزاقلاشتۇرۇش؛ مەنسەپتىن چۈشۈرۈش.

**ئەزل ئەتمەك** ــبوشاتماق، ۋەزىپىدىن چۈشۈرمەك؛ھەيدىمەك؛ ئۇزاقلاشتۇرماق، يوقاتماق؛

**ئەزل قىلماق** ــ 1 › يىراقلاشتۇرماق، سۈرگۈن قىلماق؛ ئەمەلدىن بوشاتماق؛ 2 › رەت قىلماق؛ ئىستېپا بەرمەك؛

**ئەزلۇ فەۋت**ــچەتلىتىش ۋە يوقىتىش.

**ئەزمI** عزم (ئە) 1 › بىرەر ئىشقا قەسد، نىيەت قىلىش، ئىنتىلىش، يۈرۈش، مېڭىش:

«گويدەك بولدى ئەتائى ھەر تەرەف سەرگەشتە ھال،
ئول سەنەملەر شەھسەۋارى ئەزمى چەۋگان قىلغالى»
ــ ئەتائى

2 › ئىرادە، قەتئىي قارار:

«ۋەلې ئەمدى ئەزمىم بۇ دۇركىم خۇداي،
ئەگەر بولسە ئۆمرۈمگە مۇھلەت فىزاي»
ــ نەۋائى

**ئەزم ئەتمەك** ــ بىرەر ئىشقا قەسد، نىيەت قىلىش؛ ئاتلىنىش؛ كېتىش، جۈنەش:

«دېدى: شەھر ئىچىنى سەرەنجام ئېتىپ،
چىرىك بىرلە جامغا يۇرۇك ئەزم ئېتىپ»
ــ مۇللا شاكىر.

**ئەزم ئەيلەمەك** ــ«ئەزم ئەتمەك» كە قاراڭ؛

**ئەزم قىلماق** ــ«ئەزم ئەتمەك» كە قاراڭ؛

**ئەزم كوسىن ئۇرماق** ــ جۈنەش، يولغا چىقىش ناغرىسىنى چالىماق، سەپەرگە تەييارلانماق؛

**ئەزمى ئەسەر** ــ زور تەسىر؛ ھەددىدىن ئارتۇق تەسىر؛

**ئەزمى بىداد ئەيلەمەك** ــ زۇلۇمنى مەقسەد قىلماق؛ ياۋۇز نىيەت بىلەن ئاتلانماق؛

**ئەزمى تەسبىھۇمۇس، الا قىلماق** ــ تەسۋى ۋە جەينىمازغا ئىنتىلمەك؛ تەسۋى ۋەجەينىمازنى قولىغا ئالماق؛ ناماز ئوقۇپ، تىلاۋەت قىلىشقا كىرىشمەك؛

**ئەزمى تەۋاف قىلماق** ــ زىيارەتكە بېرىشنى نىيەت قىلماق؛

**ئەزمى جەۋلان ئەيلەمەك** ــ كەزمەك؛ قەسد، نىيەت قىلماق؛

**ئەزمى خىلۋەت قىلماق** ــ خىلۋەتكە كىرمەك، يوشۇرۇنماق؛

**ئەزمى دەير قىلماق** ــ بۇتخانا تەرەپكە بارماق؛ ئاتلانماق؛

**ئەزمى راھ** ــ يولغا چىقىش؛

**ئەزمى زۇننار ئەيلەمەك** ــ باشقا دىنغا ئۆتمەك؛ بۇتپەرەس بولماق، بۇتقا چوقۇنماق؛

**ئەزمى سەفەر ئەيلەمەك** ــ سەپەرگە ئاتلانماق؛ نىيەت قىلماق؛

**ئەزمى سەما** ــ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈش؛

**ئەزمى سەما ئەتمەك** ــ ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەك؛

**ئەزمى سەيد** ــ ئوۋغا چىقىش؛

**ئەزمى ھەرەم قىلماق** ــ ھەجگە بارماق؛ ئىختىيار قىلماق؛ كەئبە يولىغا قەدەم قويماق؛

**ئەزم ۋەتەن** ــ ۋەتەنگە يول ئېلىش، ۋەتەنگە يۈزلىنىش؛

**ئەزم ۋىسال ئەيلەمەك** ــ ۋىسالغا ئىنتىلمەك، بارماق، ۋىسالغا يەتمەك؛ مەقسەتكە يېتىشكە ئىنتىلمەك.

**ئەزمI** عظم (ئە) سۆڭەك، ئۇستىخان.

**ئەزمى رەمىم** ــ چىرىگەن سۆڭەك، ئىسكى سۆڭەك.

**ئەزم ساز** عزم ساز (ئە + پ) تەييارلىق كۆرگۈچى؛ بىرئىشنى يولغا قويۇش.

**ئەزھا** اضحى (ئە) قۇربانلار.

**ئەزھا ئېيدى** ــ قۇربان ھېيتى.

**ئەزھار** ازهار چېچەكلەر، گۈللەر؛ گۈزەللىك؛ زىننەتلىك.

**ھەدايىقى نامۇتەناھىي ئەزھارى** — پايانسىز باغلارنىڭ گۈللىرى؛
بىرەر ئەسەر تىلىنىڭ سۆز بايلىقى؛ رەڭمۇ - رەڭلىكى.

**ئەزھارۇمىنەششەمس** ازهار من‌الشمس (ئە) قۇياشتىن يورۇقراق، روشەنرەك؛ ناھايىتى ئېنىق؛ مەلۇم؛ ئەڭ مەشھۇر.

**ئەزھان** اذهان (ئە) [بىرلىكى: **زىھن**] زىھنلەر، پەم-پاراسەتلەر.

**ئەزھەر** اظهر (ئە) ناھايىتى ئوچۇق، ئەڭ پارلاق، ياخشى كۆرۈنەرلىك.

**ئەزۇبەت** عذوبت (ئە) شىرىنلىك، تاتلىقلىق؛ يېقىملىق.

**ئەزۋاج** ازواج (ئە) [بىرلىكى: **زەۋج/زەۋجە**] زەۋجلەر (خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرى)؛ زەۋجلەر [نىكاھ بىلەن باغلانغان ئەر-خوتۇنلار، ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرى).

**ئەزۋاق** اذواق [بىرلىكى: **زەۋق**] زوقلار، سۆيۈنۈشلەر.

**ئەزىتماق** ازيتماق «**ئازىتماق**» قا قاراڭ.

**ئەزىز** عزيز (ئە) 1› تېپىلماس؛ 2› ئۇلۇغ، قەدىر-قىممەتلىك، مۆھتەرەم، مۆئتەبەر؛ 3› سۆيۈملۈك؛ 4› تەڭدىشى ئاز،تەڭداشسىز؛ ئۇلۇغۋار؛ 5› شاھ؛ كاتتا ئەمەلدار؛ ئۇلۇغ زات؛ 6› قەدىر (قىممىتى) يۇقىرى، تەۋەررۈك.

**ئەزىز بىلمەك** — ئەزىزلىمەك، قەدىرلىمەك؛

**ئەزىز تۇتماق** — ئەزىزلىمەك، ھۆرمەتلىمەك، قەدىرلىمەك.

**ئەزىقماق** ازيقماق «**ئازىقماق**» قا قاراڭ.

**ئەزىم** عظيم (ئە) 1› ئۇلۇغ، كاتتا، بۈيۈك، زور؛ 2› مۇھىم؛ 3› ئېغىر، قىيىن؛ 4› ئىنتايىن كۆپ، ھېساپسىز؛ 5› باي، مەرتىۋىلىك.

**ئەزىم شانى**— ئۇلۇغ، شانلىق، مەرتىۋىلىك؛

**ئەزىمۇجۇسسە** — گەۋدىسى زور؛

**ئەزىمۇششەئن** — بۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئېتىبارلىق، ھۆرمەتلىك.

**ئەزىمە** عزيمه «**ئەزىمەت**» كە قاراڭ.

**ئەزىمەت** عزيمت (ئە) 1› كاتتا؛ 2› قەسد، نىيەت، جەزم؛ ئىنتىلىش 3› يۆنىلىش؛ سەپەرگە مېڭىش:

«تۇت ئەي ساقى ئىچمەك ئەزىمەت قىلاي،
چۇ شامى تىرىكلىك غەنىمەت قىلاي»
— ئانىسزارى.

**ئەزىمەت ئەتمەك**— سەپەرگە ماڭماق، كەتمەك؛

**ئەزىمەت بولماق** —يېتىپ بارماق؛ يوللانماق؛

**ئەزىمەت قىلماق**— 1› قارار، ئەھد قىلماق، بىرەر يەرگە بېرىشقا ئاتلانماق، كەتمەك؛ سەپەرگە ماڭماق؛ 2› ئىنتىلمەك؛ يول ئال-

ماق؛ 3› قوشۇن تارتىپ بارماق؛ يۈرۈش قىلماق؛ جۆنىمەك؛ 4›ۋا-
پات قىلماق، ئۆلمەك؛ يوللانماق؛ ئۆتمەك.

**ئەزىمۇششان** عظيم الشان (ئە) ئۇلۇغ دەرىجىلىك، كاتتا دەرىجىلىك، يۇقى-
رى مەرتىۋىلىك؛ ئەتىۋارلىق، ھۆرمەتلىك.

**ئەزىيەت** ازيت (ئە) ئازار، ئازاب، ئوقۇبەت.

**ئەژدەر** اژدر (پ) ھەيۋەتلىك چوڭ يىلان، ئەپسانىۋى يىلان، ئەجدىھا.

**ئەژدەرئاسا** اژدر آسا ئەجدىھادەك، ئەجدىھاغا ئوخشاش.

**ئەژدەرمار** اژدرمار (پ) بوغما يىلان، چوڭ يىلان.

**ئەژدەرھا** اژدرها (پ) «ئەژدەھا» غا قاراڭ.

**ئەژدەرۋەش** اژدروش ئەجدىھاغا ئوخشاش، ئەجدىھادەك؛ قورقۇنۇچ-
لۇق، ھەيۋەتلىك.

**ئەژدەھا** اژدها 1› ئەجدىھا؛ ئاغزىدىن ئوت پۈركۈگۈچى ۋە كىشىگە ھەيۋە
قىلغۇچى، دەم تارتقۇچى ئەپسانىۋي ۋەھشى مەخلۇق؛ 2› قەست
قىلغۇچى، ھالاك قىلغۇچى؛ بالا، ئاپەت، دۈشمەن؛ 3› قورقۇچى،
كۈچلۈك كۆزەتچى.

**ئەژدەھاسىنى مورئەيلەمەك** — 1› ئەجدىھاسىنى **چوڭۇلە** قىلىۋەتمەك؛
2› كۆچمە. م: زوراۋانلىققا زەربە بەرمەك، كۈچسىزلەندۈرمەك؛

**ئەژدەھا ئۆيى** — ئەجدىھا ماكانى.

**ئەژدەھا كۈش** اژدهاكش (پ) ئەجدىھا ئۆلتۈرگۈچى. قورقماس، باتۇر؛
«قەتلىم ئەتمەسلەر غەمۇ دەردىڭ ۋەلى تەھقىرىدىن
مور قەتلىن ئەژدەھا كۈشلار قاچان ئەيلەر پىسەند».
—نەۋائى.

**ئەژدەھالىق** اژدهاليق زوراۋانلىق.

**ئەژدەھالىق قىلماق** — زوراۋانلىق قىلماق.

**ئەژدەھاۋەش** اژدهاوش (ئە)
ئەجدىھا سۈپەت، ئەجدىھاسىمان، ئەجدىھاغا ئوخشاش؛ غەم-ئەن-
دىشە يەتكۈزگۈچى.

**ئەژىر** اژير (پ) ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق.

**ئەسا** عصا (ئە) ھاسا، تاياق.
«ناگەھانى زاھىر ئولدى مۇستەفا،
بەردىلەر بۇ يەتتە تەنگە بىر ئەسا».
— زەلىلى.

**ئەسا تۇتماق** — ھاسا تايانماق.

**ئەسايى كەلىم** — مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تايىقى، ھاسىسى.

**ئەساپقـۇر** اساپقور «ئەسەپقۇر» غا قاراڭ.

**ئەسـاتىر** اساطير (ئە) ئەپسانىلەر، ئويدۇرمىلار.

**ئەسارەت** اسارت (ئە) ئىسىرلىق، تۇتقـۇنلۇق.

**ئەساس** اساس (ئە) 1› تايانچ، هۇل؛ 2› ئاساس؛ زېمىن؛ 3› تەر-تىپ، تۈزۈم؛ 4› كۆركەملىك، يېتۈكلۈك؛ 5› قۇرۇلما مۇستەهكەم بىنا؛ 6› سەۋەب، نېگىز؛ باهانە.

«چۇ شەۋكەتدە گەردۇر ئىساس ئېردى ئول،
كى تەخت ئۆزرە زەرردىن لىباس ئېردى ئول».
—ئا. نىزارى.

**ئەساس تۈزمەك** —«ئەساس سالماق» قا قاراڭ.

**ئەساس سالماق**— بىرەر نەرسىنى ئورناتماق؛ مەيدانغا كەلتۈرمەك؛ مۇستەهكەملىمەك؛ ئىش باشلىماق، قول سالماق؛

**ئەساسى كەلىسا** —خرىستىئانلار ئىبادەتخانىسى؛ مەنزىلى هۇلى؛

**ئەساسى ئىختىلال**— پەرىشانلىق سەۋەبى.

**ئەساغىر** اصاغر (ئە) [بىرلىكى: **ئەسغەر**] كىچىكلەر، ئەڭ كىچىكلەر، نارىسىدىلەر.

**ئەكـابىردىن ئەساغىرغە** —كاتتىلاردىن كىچىكلەرگىچە.

**ئەسافىل** اسافل [بىرلىكى: **ئەسفەل**] پەسلەر، تـۆۋەن تەبەقىدىكى كىشىلەر؛ نادانلار.

**ئەساكەش** عصاكش (ئە + پ) هاسىغا تايانغۇچى، هاسىلىق.

**ئەساكىر** عساكر (ئە) [بىرلىكى: **ئەسكەر**] ئەسكەرلـەر.

**ئەساكىرى مەنسۇرە**— غالىب ئەسكەرلەر، يېڭىلمەس قوشۇن.

**ئەسالەت** اصالت (ئە) ئېسىللىق، ئېسىلزادىلىك، ئۇلۇغلۇق، زاتى (نەس-لى) پاكلىق.

**ئەسالىق** عصاليق هاسىـلىق؛ تاياقـلىق.

**ئەسالىق قىلماق** —هاسا، ياراق ۋەزىپىسـىنى ئۆتىمەك.

**ئەسامىي** اسامى (ئە) [بىرلىكى: **ئىسىم**] ئىسىملار، نامlar، ئاتالمىلار.

**ئـەسامىي كۇتۇب** —كىتاب نامىلىرى.

**ئەسەب** (ئە) [كۆپلـۈكى: ئەئساب] 1› نېرۋا جىددىيلىكى؛ 2› قىيىن، قىيىنچىـ-لىق، دىشۋارچىـلىق.

**ئەسئەب** اصعب (ئە) ناهايىتى قىيىن، ئىنتايىن مۈشكۈل، كۆپ مۇشەقـ-قەتلىك؛ قىيىنچىلىق، مۈشكۈللۈك؛ قىيىـن؛ قىـيىنراق، قاتـتىقراق،

**ئەسەپقۇر** اساپقور قوينىڭ يەلكە سۆڭىكى؛ ئۇچـىسى.

**ئەسەد** اسد (ئـە) 1› شىر، ئارسـلان؛ 2› شەمسىيـە يىلـىنىڭ بەشىنـچى ئېيى.

**ئەسەد بۇرجى** — 1 › ئەسەد ئېيى؛ 2 › كۆچمە م: پادىشاھ دەرگاھى، ئوردىسى، تەختى؛ 3 › غەلىبە؛
**ئەسەد بېشەسى** — ئەسەد بۇرجى (نۇقتىسى: قەدىمكى ئاسترونومىيە ئىلمىدا قۇياشنىڭ يىللىق ھەرىكەت دائىرىسى ئون ئىككى نۇقتىدا بويىچە ھېسابلىنىدۇ)؛
**ئەسەد كىردارلىق** — شىردەك، شىر قىلىقلىق؛ زوراۋانلىق.

**ئەسەدۇللاھ** اسدالله (ئە) خۇدانىڭ شىرى. (ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا بېرىلگەن نام).

**ئەسەر** اثر (ئە) 1 › ئالامەت، نىشان؛ ئىز، بەلگە؛ نىشانە؛ 2 › كىتابلار، داستانلار، ئىجادىيەتلەر؛ 3 › تەسىر:

«ئاگا كىم، ئىشق ھالى بولدى غالىب،
ئەسەر قىلماس نەسىھەتگوي پەندى».
— ئاتائىي.

**ئەسەر ئەتمەك** — تەسىر يەتكۈزمەك؛
**ئەسەر ئەيلەمەك** — تەسىر قىلماق؛
**ئەسەر قىلماق** — «ئەسەر ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
**ئەسەر ئولماق** — مەۋجۇت بولماق؛ تەسىر تاپماق؛
**ئەسەر يەتكۈزمەك** — 1 › تەسىر قىلماق؛ 2 › خەۋەر كەلتۈرمەك؛ نىشانە كۆرسەتمەك.

**ئەسەرلىق** اثرليق تەسىرچان، جەلىپ قىلارلىق.

**ئەسەس** اساس (ئە) مىرشەپ؛ كېچە قاراۋۇلى، پاسىبان، ساقچى:

«قورقۇبان خاجە ئەسەسدىن قاچتىلار،
مەسجىدى ئۇچرادى، ئىشكىن ئاچتىلار».
— زەلىلى.

**ئەسئەسە** عصعصه (ئە) داغدۇغا.

**ئەسەف** اسف (ئە) ئەپسۇسلانماق، قايغۇ.

**ئەسەفا** اسفا (ئە) ئەپسۇس، ئېچىنىش؛ نادامەت.

**ئەسەم** اصم (ئە) قۇلىقى ئاڭلىماس، گاس، پاڭ؛ گاراڭ.

**ئەسەن** اسن (ئە) يېشى چوڭ، ئەڭ قېرى.

**ئەسەھ** اصح (ئە) ئەڭ توغرا؛ توغرىراق، دۇرۇسراق.

**ئەسب** اسب (ئە) ئات.

«ئاتا ئوغلىغە بەرمەدى ئىختىيار،
كى بىر ياخشى ئەسبغە ئەيلەپ سەۋار».
— نىزارى.

**ئەسبى ئەرەب** — ئەرەب ئېتى؛
**ئەسبى رەۋان** — يۈگۈرۈك ئات؛

«بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر ئەسبى رەۋان،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گاۋى دۇۋان».
— خەراباتى.

**ئەسبى سىياھ** — قارا ئات.

**ئەسباب** اسباب (ئە) [بىرلىكى: **سەبەب**] 1) سەۋەبلەر، باھانىلار؛ كېرەكلىك نەرسىلەر، ياراقلار؛ ۋاسىتىلەر؛
2) ئەسباب، ئۇسكۇنە جاھازلار؛ كېرەكلىك ياراقلار؛ 3) مال ـ دۇنيا، قىممەتباھا نەرسىلەر، بېزەك بۇيۇملىرى؛ 4) داستىخان، نازۇ ـ نېمەتلەر؛ 5) ئېلاج؛ 6) كىشەنلەر، بەند قىلىش ۋاسىتىلىرى؛ 7) ئەمەك، سۆيۈنۈش؛ 8) قابىلىيەت؛ بەرداش، تاقەت.
«ياساپ خۇسرەۋانە چۇ ئەسبابى بەزم،
قىلىپ مۇندا بارچە كېرەكلىكنى جەزم».
— نىزارى.

**ئەسبابى ئالەت** — قورال ـ سايمانلار؛

**ئەسبابى ئەيش** — ئەيش ـ ئىشرەت، كۆڭۈل ئېچىشقا كېرەكلىك زۆرۈرىي نەرسىلەر؛

**ئەسبابى تەرەب** — خۇشاللىق سەۋەبلىرى، شاتلىق سەۋەبى؛ بەزم ئەسۋابلىرى؛

**ئەسبابى سەئادەت** — بەختلىك بولۇش ۋاسىتىلىرى، يوللىرى؛

**ئەسبابى سۇۋارىي** — باشقا سەۋەبلەر؛ دۇنياۋى مەشغۇلاتلار؛

**ئەسبابى مۇراد** — كۆڭۈل تارتقان (خالىغان) بۇيۇملار؛

**ئەسبابى نەجات** — قۇتۇلۇش ۋاسىتىسى، نىجاتلىق يوللىرى؛

**ئەسبابى نەغمات** — مۇزىكا سايمانلىرى؛

**ئەسبابى ھەرب** — ھەربى قوراللار، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى.

**ئەسباق** اسباق (ئە) [بىرلىكى: **سەباق**] ساۋاقلار، دەرسلەر، تەلىملەر؛ تەجرىبىلەر.

**ئەسباھ** اصباح (ئە) سۇبھىلەر، ئەتىگەنلەر، چۈشتىن بۇرۇن.

**ئەسبەكبازلىغ** اسبكبازليغ سەتەڭلىك.

**ئەستار** استار (ئە) [بىرلىكى: **سەتر**] پەردىلەر.

**ئەستەغفىرۇللاھ** استغفرالله (ئە) خۇدادىن ياخشىلىق، كەچۈرۈم سورايمەن («تۆۋە! خۇدا، ئۆزەڭ كەچۈر! خۇدا ساقلىسۇن!» غا ئوخشاش مەنە ئىپادىلەيدىغان ئۈندەش سۆز.)

**ئەسر** عصر (ئە) 1) دەۋر، زامان، ئەسىر؛ 2) كۈن پېتىشقا يېقىن

ۋاقت؛ پېشىن ۋە شام نامازلىرى ئارىلىقىدىكى ۋاقت.
**ئەسر قىيامى** — ئەسىر نامىزىغا تۇرۇش.

**ئەسرار** اسرار (ئە) [بىرلىكى: سىر] سىرلار، يوشۇرۇش نەرسىلەر:

«گۈلشەندە خىرام ئەيلەپ ئىدى ئول قەدى قامەت،
ئەي دوست بەيەكبار،
ئالەم ئېلىغە تۈشتى چۇ ئاشۇبى قىيامەت،
فاش بولدى بۇ ئەسرار».
— زەلىلى.

**ئەسرارى تاب** — كۈچ، قۇۋۋەت، چىدام سىرلىرى؛
**ئەسرارى شگەرف** — ئاجايىپ سىرلار؛
**ئەسرارى قۇدس** — ئىلاھى سىرلار؛
**ئەسرارى ھەقايىق** — ھەقىقەت سىرلىرى.
**ئەسرارى ھەقىقەت** — ھەقىقەت سىرلىرى، ئىلاھى سىرلار؛
**ئەسرارى ۋەھدەت** — تەنھالىق، بىرلىك، يېگانىلىق سىرلىرى؛
**ئەسرارى ئىرفان** — بىلىم سىرلىرى؛
**ئەسرارى ئىشق** — ئىشىق سىرلىرى؛

«نىھان ئېردى كۆڭلدە ئەسرارى ئىشىق،
كى شۆئلە ئۇرۇپ ئاغزىدىن نارى ئىشىق».
— ئا. نىزارى.

**ئەسرارى ئىلاھى** — تەسەۋۋۇپقا ئائىت دىنىي سىرلار؛
**ساھىب ئەسرار** — سىرداش.

**ئەسرەئ** اسرع (ئە) سۈرئەتى تېز، ئەڭ تېز يۈرۈشلۈك.

**ئەسرۇ** اسرو 1) ناھايىتى كۆپ، ھەددىن زىيادە، غايەت، تالاي، ھېسابسىز؛ 2) تېز؛ 3) قاتتىق.

«بادەئى ھۇسنۇڭ بىلە مەغرۇر بولما ئەسرۇكىم،
ئاقىبەت غەم شەربەتىن ئىچرۇر فەلەك پەيمانەسى».
— ئەتائى.

**ئەسسار** عصار (ئە) جۇۋازچى، ياغچى.
**ئەسسار ئۆيى** — جۇۋازچى ھوكىزى (ئۆي، كالا).

**ئەسغەر** اصغر (ئە) كىچىكرەك؛ ناھايىتى كىچىك، ئەڭ كىچىك.

**ئەسفار** اسفار (ئە) [بىرلىكى: سىفر/سەفەر] 1) كىتابلار؛ مەكتۇبلار.
**ئەسفارى سەما** — كۆكتىن چۈشكەن كىتابلار؛ ئاسمان سەپەرلىرى؛
**ئەسفارى سەماۋي** — «ئەسفارى سەما» غا قاراڭ.

**ئەسفەر** اصفر (ئە) سېرىق، ساپسېرىق، ناھايىتى سېرىق.

**ئەسفەل** اسفل (ئە) ئەڭ پەس، ئەڭ تۆۋەن؛ پەس، تۆۋەن؛ پەسرەك.
**جانىبى ئەسفەل** — تۆۋەن تەرەپ، پەس تەرەپ.

**ئەسفەلنىشىن** اسفل نشين (ئە + پ) پەستە، تۆۋەندە ئولتۇرىدىغان، پەس ئورۇن- لۇق؛ پەس، تۆۋەن مەرتىۋىلىك.

**ئەسفەندان** اسفندان (پ) قىچا.

**ئەسفىيا** اصفيا (ئە) [بىرلىكى: سەفىي] پاكلار، تاللانغانلار.

**ئەسقال** اثقال (ئە) ئېغىرلىقلار، يۈكلەر؛ ئېغىر يۈكلەر، نەرسىلەر.
«كېلىپ ئەسمەئى كۆردى ئەھۋالنى،
بولۇپدۇر نەدامەت ۋە ئەسقالنى».
— ئا. نىزارى.

**ئەسكى** اسكى كونا، قەدىمكى.
«كى ئەسكىرگەن ئېردى دەرەختى ھەيات،
ئاڭا بولدى لازىم لىباسى مەمات».
— ئا. نىزارى.
**ئەسكى رەبات** — كونا لەڭگەر (كونا دۇنيا).

**ئەسلا** اصلا (ئە) ھېچ، ھېچ ۋاقىت، ھېچقاچان؛ مۇتلەق.

**ئەسلاف** اسلاف (ئە) [بىرلىكى: سەلەف] ئالدىنقىلار، ئاتا-بوۋىلار.

**ئەسلەم** اسلم (ئە) ئارۇز ۋەزىنلىرىدىن بىرى.

**ئەسلەن** اصلا (ئە) ئەسلىدە، ھەقىقەتەن، تۈپ ماھىتى بىلەن.

**ئەسلەھە** اسلحه (ئە) [بىرلىكى: سەلاھ]
قوراللار، قورال-ياراقلار؛ ھەربىي ھازىرلىقلار.

**ئەسما** اسما (ئە) [بىرلىكى: ئىسىم] 1) ئىسىملار، ئاتلار، ناملار؛ 2) ئاتاش، نام قويۇش.

**ئەسمار** اثمار (ئە) [بىرلىكى: سەمەر/سەمەرە] 1) مېۋىلەر؛ 2) كۆچمە. م: نەتىجىلەر.
«بۇ ئاقشام ئانىڭ بىرلە ئەمدى ياتاي،
كى بۇ نەخلى ئەسماردىن بىر تاتاي».
— ئا. نىزارى.

**ئەسمائ** اسماع (ئە) ئىشتكەن، ئاڭلىغان.
**ئەسمائ ئەتمەك** — ئىشىتمەك، ئاڭلىماق.

**ئەسنا** اثنا (ئە) زامان؛ پەيت، چاغ، ۋاقىت؛ ئارا، ئوتتۇرا؛ ھالەت.
**ئەسناسىدە** — ۋاقتىدا، پەيتىدە؛ ئارىسىدا، ئوتتۇرىسىدا.

**ئەسناف** اصناف (ئە) [بىرلىكى: سىنىپ] سىنىپلار، تۈرلەر، خىللار، ژانىرلار.

**ئەسنام** اصنام (ئە) 【بىرلىكى: **سەنەم**】 بۇتلار، سەنەملەر.

**ئەسهاب** اصحاب (ئە) 【بىرلىكى: **ساهىب**】 سۆهبەتداشلار، ئۈلپەتلەر، دوستلار؛ ئاغىنىلەر؛ مەجلىس، زىياپەت ئەهلى:

«كى تەسلىم ئېتەر يار - ئەهبابلار،
يىغىلغان بۇ مەجمەئدە ئەسابلار»

— غەرىبى.

**ئەسهابى جاۋىدانىي** — دائىمىي، ئەبەدىي سۆهبەتداشلار، دوستلار؛

**ئەسهابى دىن** — دىندارلار، دىن ئەهلىلىرى؛

**ئەسهابى رىسالەت** — دوستلۇق ئەلچىلىرى، رىسالە ئىگىلىرى؛

**ئەسهابى رىسالەت ئايىن** — پەيغەمبەر ھەمسۆهبەتلىرى؛

**ئەسهابى كەنئۇجۇم** — مېنىڭ سۆهبەتداشلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشاشتۇر؛

**ئەسهابى كەهف** — يەتتە ئەسهاب (قىسسىسى)؛ غار دوستلىرى؛

«ئەي زەلىلى، سەن سەگى ئەسهابى كەهف ئولدۇڭ بۇ كۈن،
جەننەرى تەييار ئىشكى بولدى غارى ئاشىقان».

— زەلىلى.

**ئەسهابى هۈنەر** — هۈنەر ئىگىلىرى، سەنئەتكارلار؛

«تەۋەققۇئ ئولدۇر ئەسهابى هۈنەردىن،
كى چۈن فەيز ئالسالار بۇ مۇختەمەردىن»

— لۇتفى.

**ئەسهابى يەمەن** — ئىشەنچلىك سۆهبەتداشلار؛

**ئالۇ ئەسهاب** — بىر ئائىلە كىشىلىرى ۋە سۆهبەتداشلار.

**ئەسهەل** اسهل (ئە) ئەڭ ئاسان، قۇلاي، ئاسانراق.

**ئەسهەل قىلماق** — ئاسان قىلماق.

**ئەسۋاب** اثواب (ئە) 【بىرلىكى: **سەۋب**】 كىيىملەر، كىيىم - كېچەك؛ تونلار.

**ئەسۋات** اصوات (ئە) 【بىرلىكى: **سەۋت**】 تىۋىشلەر، ئاۋازلار، سادالار.

**ئەسۋەد** اسود (ئە) قارا.

**ئەسۋىلە** اسوله (ئە) 【بىرلىكى: **سەۋال**】 سوئاللار، سوراقلار.

**ئەسىر I** اسير (ئە) 1〉 تۇتقۇن، ئەسىر، بەند؛ 2〉 مۇپتىلا، ئىختىيارسىز ئاشىق؛ 3〉 موهتاج، قاراشلىق، تەۋە.

**ئەسىر ئەتمەك** — ئۆزىگە قاراتماق؛ مەهلىيا، رام قىلىۋالماق؛

**ئەسىر ئەيلەمەك** — 1〉 بەند قىلماق، مۇپتىلا قىلماق؛ ئەپسىنى يەڭمەك، غالىب كەلمەك؛ 3〉 مەجبۇر قىلماق، مەجبۇرلىماق؛

**ئەسىر بولماق** — 1› قولغا چۈشمەك، تۇتقۇن بولماق؛ قارام بولماق؛ 2› مۇپتىلا بولماق، ئىختىيارسىز ئاشىق بولماق، يولۇقماق، گىرىپتار بولماق؛ 3› غەرق بولماق، پاتماق؛

**ئەسىر قىلماق** — 1› تۇتماق، قولغا چۈشۈرمەك، بەند قىلماق؛ 2› ئۆلتۈرمەك، هالاك قىلماق؛

**ئەسىرى ئەندۇھ** — دەرد، غەمگە مۇپتىلا بولغان؛

**ئەسىرى فىراق** — جۇدالىقتا قالغان؛ پىراق ئەسىرى؛ ئايرىلغان، هىجران (ئايرىلىش) تۇتقۇنى؛

**ئەسىرى كۇفر** — مەپتۇن بولغان؛ ئىشىق يولىدا هەرقانداق نەرسىنى تەرك قىلغان؛ مۇهەببەتكە بېرىلگەن؛

**ئەسىرى مېهەن** — مۇشۇققەتلەرگە دۇچار بولغان؛

**ئەسىرى ئىزتىراب** — ئازاب، قايغۇ، ئەلەمگە يولۇققان.

**ئەسىر I** اثیر (ئە) ئالىي، يۇقىرى، ئېگىز؛ ئاسمان، پەلەك.

**چەرخى ئەسىر** — ئېگىز ئاسمان؛ ئاسماننىڭ يۈكسەك قەۋىتى؛

**سىپپېهرى ئەسىر** — «**چەرخى ئەسىر**»گە قاراڭ.

**ئەسىرانە** اسیرانه (ئە + پ) ئەسىرلەرچە، تۇتقۇنغا ئوخشاش.

**ئەسىرلىك** اسیرلیک مەهبۇسلۇق، بەندىلىك، تۇتقۇنلۇق.

**ئەسىغ** اسیغ پايدا، بەهرە، نەپ.

**ئەسىغ قاتماق** اسیغ **قاتماق** ئەسقاتماق، مەنپەئەت يەتكۈزمەك، نەپ يەتمەك.

**ئەسىل** اصل (ئە) هەقىقىي؛ نەسلى پاك؛ شەرەپلىك.

**ئەش** اش شېرىك؛ دوست، ئۇلپەت، جۈپ.

**ئەشئار** اشعار (ئە) 【بىرلىكى: **شېئىر**】شېئىرلار، غەزەللەر.

«جۇ مايىل بولۇپ تەبئى ئەشئارغە،
تىزار ئېردى سۆز جەۋهەرىن تارغە».
— ئا. نىزارى.

**ئەشەد(د)** اشد (ئە) ئەڭ قاتتىق؛ قاتتىقراق.

**ئەشەرات** عشرات (ئە) 【بىرلىكى: **ئەشەرە**】 ئونلار.

**ئەشەرە** عشره (ئە) ئون، ئون دانە.

**ئەشەرەئى كامىلە** — كامالەتكە يەتكەن ئون قىز.

**ئەشئەرىيە** اشعریه (ئە) كەلام (ئېئتىقادات) ئىلمىدە بىر ئېقىم.

**ئەشباھ I** اشباه (ئە) 【بىرلىكى: **شىبىھ/شەبىھ**】ئوخشاشلىقلار.

**ئەشباھ II** اشباح (ئە) 1› ئۇزاقتىن كۆرۈنگەن بىرەر شەكىلنىڭ قارىسى

شەپە؛ 2› گەۋدىلەر.

**ئەشبەھ** اشبه (ئە) ناھايىتى ئوخشاش؛ ئوخشاشراق.

**ئەشتۇر** اشطر (ئە) ]بىرلىكى: **شەتر**] 1› يېرىم؛ بىر قىسىم؛ 2› شېئىرنىڭ يېرىم مىسراسى؛ 3› يۆنىلىش.

**ئەشجار** اشجار (ئە) [بىرلىكى: **شەجەر**] دەرەخلەر.

«تېرىپ ئۆندۈرۈپ نەچچە ئەشجارنى،
كى پەيدا قىلىپ بەلكى ئەنھارنى.»

— غەرىبى.

**ئەشجار تەربىيەتى** —دەرەخلەر پەرۋىشى؛

**ئەشجارۇ ۋەرد** —گۈل، ئەتىرگۈل كۆچەتلىرى.

**ئەشرار** اشرار (ئە) يامان ئادەملەر، بۇزۇقلار.

**ئەشراف** اشراف (ئە) [بىرلىكى: **شەرىف**] شەرەپلىك ۋە ئەتىۋارلىق كىشىلەر، شەرەپ ئىگىلىرى، ئالىي تەبىقە، ئالىي زاتلار.

**ئەشراف ئىنبىساتى** —ئۇلۇغلار سۆھبىتى، شاتلىقى، خۇش چاقچاقلىقى.

**ئەشرەف** اشرف (ئە) 1› شەرەپلىكرەك، ئەڭ شەرەپلىك؛ ئۇلۇغ، ئىززەت- لىك، ئالىي زات؛ 2› كىشى ئىسمى.

«تۆشۈپ بارگاھىغە قىلدى خىيال،
كى ئەشرەفلەرىغە دېدى ئەرزھال».

— ئا. نىزارى.

**ئەشرەفى ئەۋساف** —ئەڭ ئالىي، شەرەپلىك سۈپەت، خۇسۇسىيەت؛

**ئەشرەفى خەلق** —يارىتىلغان مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ ئىززەتلىكى، ئەڭ ئۇلۇغى.

**ئەشرەفي** اشرفى (ئە) ئاقچا نامى (قەدىمكى ئىران تىللاسىنىڭ نادى).

**ئەشرىبە** اشربه (ئە) ئىچىلىدىغان نەرسىلەر، ئىچىملىك، ئىچىملىكلەر.

**ئەشغال** اشغال (ئە) [بىرلىكى: **شۇغل**] مەشغۇلاتلار، ئىشلار:

«گۈلىستان ئارا كەلدى ئەتغاللار،
قىلىپ چۇن سەياھەتكە ئەشغاللار».

— ئا. نىزارى.

«دېدى: ئەي بۇرادەر نېچۇك ھالدۇر،
ۋۇقۇئ ئەيلەگەن تۇرفە ئەشغالدۇر»

— ئا. نىزارى.

**ئەشغال كەسرەتى** —ئىش (مەشغۇلات) نىڭ كۆپلۈكى.

**ئەشقىيا** اشقيا (ئە) [بىرلىكى: **شەقي**] 1› يارىماس؛ ياۋۇز كىشىلەر،

زالىملار، ياۋۇزلار؛ 2〉 بەختسىزلەر:
«كۆڭۈلدىن چىقار بەئزى ئۇجب رىيا،
داغـى قىلماغىل زۇمرەئى ئەشقىيا».
— ئا. نىزارى.

**ئەشك** اشک (پ) 1〉 كۆزيېشى؛ 2〉 **نۇر** زەررىچىلىرى؛ 3〉 كۆز.
**ئەشك ئارىتماق** — يېشىنى ئېرتماق؛
**ئەشك ئاقماق** — يېشى ئاقماق؛
**ئەشك ئەختەرى** — ياش تامچىلىرى؛
**ئەشك ئەفشان** — ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى؛
**ئەشك بەھرى** — كۆز يېشى دېڭىزى، ياش دېڭىزى؛
**ئەشك تۇخمى** — كۆز يېشى؛ **ياش** تامچىسى؛ يىغا سەۋەبلىرى، ۋاسىتىلىرى؛
**ئەشك جۇيبارى** — كۆزدىن ئاققان ياشلار؛
**ئەشك خۇنابى** — قانلىق كۆز يېشى؛
**ئەشك دانەسى** — ياش تامچىسى؛
**ئەشك دەرياسى** — كۆزيېشى دەرياسى؛
**ئەشك دۇرلەرى** — «**ئەشك ئەختەرى**» گە قاراڭ؛
**ئەشكدىن ئەنجۇم تۆكمەك** — ناھايىتى ئەلەملىك يىغلاش؛
**ئەشك ژالەسى** — ياش مۆلدۈرلىرى؛ شەبنەملىرى؛
**ئەشك ساچماق** — ياش تۆكمەك؛
**ئەشك سەيلى** — كۆز يېشى سېلى؛ تىنىمسىز كۆز يېشى، قاتتىق يىغا؛
**ئەشك سۇۋى** — كۆز يېشى؛
**ئەشك سۇيى** — «**ئەشك سۇۋى**» غا قاراڭ؛
**ئەشك سېلابى** — «**ئەشك سەيلى**» گە قاراڭ؛
**ئەشك سېلى** — «**ئەشك سەيلى**» گە قاراڭ؛
**ئەشك سىمابى** — كۆز يېشىنىڭ يىرىڭلىنىشى (يىرىڭلىق كۆز يېشى)؛
**ئەشك فشان** — «**ئەشك ئەفشان**» غا قاراڭ؛
**ئەشك قانى** — قانلىق كۆز ياش؛
**ئەشك قانىن ئاقىزماق** — ياش ئاققۇزماق، قان يىغلىماق؛
**ئەشك كەسرەتى** — كۆز يېشىنىڭ كۆپلۈكى؛
**ئەشك گەۋھەرى** — كۆزيېشى دانىلىرى، تامچىلىرى؛ كۆز گۆھىرى؛
**ئەشك مەۋجى** — كۆزيېشى دولقۇنى؛
**ئەشكنى رەۋانە ئەيلەمەك** — ياش ئاققۇزماق؛
**ئەشك ئېۋۇرۇلماق** — كۆزدىگە ياش كەلمەك؛
**ئەشكى ئاب** — كۆز يېشى:

«تولا ناله ئەيلەپ ئۇرۇپ پىچۇتاب،
تۆكۈپ ئاندا شەبنەم كەبى ئەشكى ئاب»
—ئا. نىزارى

**ئەشكى ئەنجۇمرىز** — تامچە - تامچە ياش تۆكۈش؛
**ئەشكى تەھەسسۇر** — ئەپسۇس، ھەسرەت يىغىسى؛
**ئەشكى جىگەرگۇن** — جىگەررەڭ كۆز يېشى؛
**ئەشكى رەۋان** — ئېقىۋاتقان كۆز يېشى؛
**ئەشكى رىيازەت** — ئىبادەت يىغىسى؛
**ئەشكى سىيم ئەندۇد** — ئاقساقالغا تامچىلىغان كۆز يېشى؛
**ئەشكى سىيمىن** — **«ئەشكى سىيم ئەندۇد»** غا قاراڭ؛
**ئەشكى شەفەقگۇن** — شەپەق رەڭگىدىكى قىپقىزىل كۆز يېشى؛
**ئەشكى غەلتان** — تامچىلاپ ئاققۇچى كۆز يېشى؛ توختاۋسىز كۆز يېشى؛
**ئەشكى گۇلرەڭ** — گۇلرەڭ كۆز يېشى؛
**ئەشكى گۇلگۇن** — تاقەتسىز يىغا نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان كۆز يېشى، قانلىق ياش؛
**ئەشكى گۇلنار** — قانلىق ياش؛ قان يىغلاش؛
**ئەشكى لەئلىگۇن** — لەئلى رەڭلىك قانلىق كۆز يېشى؛
**ئەشكى نەدامەت** — پۇشايمانلىق كۆزيېشى؛
**ئەشكى نىشات** — خۇرسەنلىك يېشى، خۇشاللىق يىغىسى؛
**ئەشكى نىياز** — ئۈمىتۋارلىق نەتىجىسىدە، يالۋۇرۇپ يىغلىغاندا تۆكۈلىدىغان كۆز ياشلىرى؛
**ئەشكى نىياز ئەيلەمەك** — ياش تۆكۈپ يالۋۇرماق؛
**ئەشكى نىياز تۇفانى** — موھتاجلىقتا، زارلىنىپ يىغلىغاندا تۆكۈلىدىغان مول كۆز يېشى؛ موھتاجلىق كۆز يېشى؛ ئۈمىتۋارلىق كۆز يېشى؛
**ئەشكى ھەسرەت** — ئەپسۇسلىنىش، ھەسرەت يېشى؛ نادامەت يىغىسى؛
**ئەشك ياغدۇرماق** — يىغلىماق، ياش ئاققۇزماق؛
**ئەشك ياغماق** — ياش تۆكمەك، ياش ئاقماق؛
**ئەشك يامغۇرى** — ناھايىتى كۆپ ئاققان كۆز يېشى تامچىلىرى؛
**ئەشك يولىن تۇتماق** — يىغىنى توختاتماق، يېشىنى توختاتماق.

**ئەشكال** اشكال (ئە) 【بىرلىكى: **شەكل**】 1› شەكىللەر، تۇرلەر، جىنسلار، خىللار؛ 2› گېئومېترىك شەكىللەر، سۇرەتلەر؛ 3› قىياپەت، كۆرۈنۈش؛ 4› مۇشكۇللۇكلەر چىگىشلىكلەر؛ 5› ئاسمان جىسىملىرىنىڭ

مەلۇم بىر پەيتتە ھاسىل قىلىنغان ئالاھىدە گېئومېترىك شەكلى.

**ئەشكالى سىپىھر** — ئاسمان شەكىللىرى.

**ئەشكانىي** اشكانى (پ) قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىنىڭ بىر سۇلالىسى.

**ئەشكەستە** اشكسته (پ) شىكەستە، سۇنۇق.

**ئەشكەستەلىغ** اشكسته ليغ شىكەستىلىك، سۇنۇقلۇق.

**ئەشكبار** اشكبار (پ) ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى؛ كۆپ يىغلىغۇچى.

**ئەشكبار ئەتمەك** — يىغلاتماق؛

**ئەشكبار ئەيلەمەك** — «ئەشكبار قىلماق» قا قاراڭ؛

**ئەشكبار قىلماق** — يىغلىماق، ياش تۆكمەك.

**ئەشكپاش** اشك پاش كۆپ يىغلىغۇچى.

**ئەشكرىز** اشكريز (پ) ياش تۆككۈچى، يىغلىغۇچى، يىغلاپ تۇرغۇچى.

**ئەشكرىز بولماق** — يىغلىماق، ياش تۆكمەك، يىغلاڭغۇ بولماق.

**ئەشكرىزان** اشك ريزان (پ) «ئەشكرىز» غا قاراڭ.

**ئەشكرىزان ئولمان** — ياش تۆكمەك، يىغلىماق.

**ئەشكرىزلىغ** اشك ريزليغ ياش تۆكمەكلىك، يىغلىماقلىق.

**ئەشكفىشان** اشك فشان (پ) كۆز يېشىنى چاچقۇچى، يىغلىغۇچى.

**ئەشكناك** اشكناك (پ) ياش ئاققۇزغۇچى (تۆككۈچى)، ياشلىق، يىغلىق.

**ئەشكناك ئەيلەمە** — كۆزىدىن ياش ئاققۇزماق، كۆزىگە ياش ئالماق، يىغلىماق.

**ئەشمە** اشمه 1› قول بىلەن ئىشلىگەن، ئاغامچا؛ 2› ئورۇن ئىسمى:

«ئۇشبۇ سۆز ئۈستىندە يېتىپ ئەشمەگە،
دەلۋەرەسەن بىرلە سالىپ چەشمەگە».

— زەلىلى.

**ئەشھەب** اشهب (ئە) 1› ئېقىمتۇل، كۈلرەڭ ۋە شۇ خىل رەڭدىكى ئات؛ 2› بوزئات؛ ئاق، ئېقىش بوزئات.

**ئەشھەبىنىڭ تۇياغى** — ئاتنىڭ تۇيىقى.

**ئەشھەر** اشهر (ئە) ئەڭ مەشھۇر.

**ئەشئە** اشعه (ئە) [بىرلىكى: **شۇئائ**] شولىلار، نۇرلار؛ 2› ئابدۇراھمان جامى ئەسىرىنىڭ نامى.

«... مۇلك شەبىستانى بەر دەۋلەتى مەشئەلى
بىرلە رەۋشەن بولدى، ئۇچقۇنى ئەشئەسىدىن
بەدرى مۇنىر سۇھادەك ياشۇرىندى»

— قىدىرى.

**ئەشئەئى** زات — نۇرانە زات؛ تەڭرى نۇرى؛
**ئەشئەئى** لەمەئات — پارقىرىغان نۇرلار؛
**ئەشئەئى** مىھر — مېھر نۇرلىرى.

**ئەشىر** عشر (ئە) ئونىدىن بىر.
**ئۇشرى** ئەشىر — يۈزدىن بىر.

**ئەشيا** اشيا (ئە) [بىرلىكى: **شەيئە**] 1) دوستلار توپى؛ 2) نەرسەلەر، بويۇملار، مەۋجۇدات (جانسىز).

**ئەغراز** اغراض (ئە) [بىرلىكى: غەرەز] غەرەزلەر، مەقسەدلەر، مۇددىئالار.

**ئەغزىيە** اغذيە (ئە) [بىرلىكى: غىزا] غىزا، يېمەكلىك؛ ئوقەتلەر، تائاملار.

**ئەغلات** اغلاط (ئە) [بىرلىكى: **غەلەت**] سەۋەنلىكلەر، خاتالىقلار، يېڭىلىشلار.
**ئەغلاتى** ئاممە — خەلق ئاممىسىنىڭ خاتالاشتۇرۇشى.

«...شۇنىڭدىن بويان ئول يۇرت ئاقسۇن ئاتالدى،
كېيىن ئەغلاتى ئاممە بىرلە ئاقسۇ ئاتالىپ قالدى.
ئەسلىدە بۇ شەھەرنى ئەردەۋىل دەر ئېردىلەر».
— موللا مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى.

**ئەغلال** اغلال (ئە) [بىرلىكى: **غول**]
بويۇنتۇرۇقلار، زەنجىرلەر، كىشەنلەر:
«چۇبىدىلنى كەلتۈردى خۇسرەۋغە پات،
سالىپ بەند ئەغلالنى قاتمۇ ـ قات».
— ئا. نىزارى.

**ئەغلالۇ** سەلاسىل — زەنجىر ۋە كىشەنلەر.

**ئەغلەب** اغلب (ئە) كۆپ؛ كۆپچىلىك؛ كۆپراق.

**ئەغلەز** اغلظ (ئە) ئەڭ كەپسىز، ئەڭ قوپال.

**ئەغنەماق** اغنماق ئېغىنىماق، يەردە يېتىپ دۇمۇلىماق.

**ئەغنىيا** اغنيا (ئە) [بىرلىكى: **غەنى**]
بايلار، دۆلەتمەنلەر:
«بۇ كەشمىردىن بىر ئۇلۇغ سوداگەر،
ئۆزى ئەغنىيا ئېردى مالى گۆھەر»
— موللا شاكىر.

**ئەغيار** اغيار (ئە) [بىرلىكى: **غەير**]
بېگانىلار، ياتلار، باشقىلار، غەيرىلەر؛ رەقىبلەر، دۈشمەنلەر:
«ۋۇجۇدىغە دۈشمەن ئوقى كار ئەمەس،
خۇدا يار ئىدى، ئەسلە ئەغيار ئەمەس».
— ئا. نىزارى.

**ئەفئا** افعا (ئە) «ئەفئى» گە قاراڭ.

«كى ئىشرەت قۇرۇپ، مەي ئىچەي دەمبە ـ دەم،
چىكەردىن بۇرۇن ئۆمر ئەفئاسى دەم»
ــ ئا. نىزارى.

**ئەفازىل** افاضل (ئە) [بىرلىكى: ئەفزەل] پەزىلەتلەر؛ پەزىلەت ئىگىلىرى، كامالەت ئىگىلىرى؛ ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىلەر.
**ئەفازىلى دەۋران** ـ زامان ئۇلۇغلىرى.

**ئەفئال** افعال (ئە) [بىرلىكى: فىئىل] 1) ئىش ـ ھەرىكەتلەر؛ ئىشلار، قىلىقلار؛ قىلمىشلار؛ 2) ئادەت، ئەخلاق:

«كۆرۈپ شەيخ سەئدى بۇلار ھالىنى،
بۇ بىگانەلەر فىئىل ـ ئەفئالىنى»
ــ ئا. نىزارى.

**ئەفئالى تەبەئ** ـ بويسۇنۇش، قارىغۇلارچە ئەگىشىش يۇسۇنى، ئادىتى.

**ئەفائىل** افاعل (ئە) ئارۇز ۋەزنى رۇكنلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**ئەفەن** عفن (ئە) ئەڭ بەدبۇي، سېسىق پۇراقلىق.

**ئەفتادە** افتاده (پ) 1) يىقىلغان، دەرمانسىز، زەئىپ، تاشلاندۇق؛ ئېزىلگەن، قىينالغان؛ 2) كەمتەرلىك يۈزىسىدىن «مەن» ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

«كەرەم قىل خۇداۋەند مەن زارغە،
كى ئەفتادەئى ئەسرۇ بىمارغە»
ــ ئا. نىزارى.

**ئەفتادە ئەتمەك** ـ قىينىماق، ئازابلىماق؛
**ئەفتادە بولماق** ـ ئېزىلمەك، قىينالماق؛
**ئەفتادەئى ئىشق** ـ ئىشق قۇربانى؛ ئىشققا مۇپتىلا بولغان؛ ئىشقتا (يولىدا) ئېزىلگەن.

**ئەفتادەلىغ** افتادەليغ ئاجىزلىق، بىچارىلىك، زەئىپلىك، مەيۈسلۈك، چۈشكۈنلۈك.
**ئەفتادەلىغ ئەييامى** ـ قىيىنچىلىق، خار ـ زارلىق پەيتلىرى.

**ئەفتادەۋەش** افتادەوش (پ) دەرمانسىزلارچە، زەئىپلەرچە؛ ئاشىق سۈپەت؛ بىچارە ھال؛ كەمبەغەلگە ئوخشاش، غېرىبانە.

**ئەفتانۇ خېزان** افتانو خيزان (پ) يىقىلا ـ قوپا، يىقىلىپ ـ تۇرۇپ.

**ئەفراد** افراد (ئە) [بىرلىكى: فەرد] كىشىلەر، شەخسلەر.
**ئەفراد بىلمەك** ـ قاتارغا كىرگۈزمەك، سەپداش بولماق.

**ئەفراز** افراز (پ) كۆتۇرۇش، يۇكسەلدۇرۇش.

**ئەفراشتە** افراشته (پ) «ئەفراز» غا قاراڭ.

«دېدى: ‹ئەيلەگىنز بەزم ئاراستە،
مۇزەييەن بىساتىنى ئەفراشتە›»
— ئا. نىزارى.

**ئەفرەنج** افرانج (ئە) پەرەڭ، ياۋروپا.

**ئەفرۇختە** افروخته (پ) لاۋۇلداپ تۇرغان، يالتىراق، پارلاق، يارلىغان، قىزدىرىپ يانغان؛ ياندۇرۇلغان؛ ئوت ياققان.

**ئەفرۇز** افروز (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ: «كۆيدۇرگۈچى، ياندۇرغۇچى. يورۇتقۇچى، روشەن قىلغۇچى، ئايدىڭلاشتۇرغۇچى» قاتارلىق مەنىلەر- نى بىلدۇرىدۇ:

«ئەدل نۇرى تۇرۇر جەھان ئەفرۇز،
پەرتەۋى مۇلك ئىچىدە زۇلمەت سوز»
— موللا مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشى.

**ئەفرىدۇن** افريدون (پ) قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى.

**ئەفزا** افزا (پ) كۆپۈنچە سۆزگە قوشۇلۇپ «ئاشۇرغۇچى، كۆپەيتكۈچى» گە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ:

«ئىشق ئەسرارىن ئىشىتمەك ئىستەمەڭ ئەي ئەھلى دەرد،
نۇكتەئىدۇر ھەيرەت ئەفزا قىسسەئى تۇفان خۇرۇش»
— سەبۇرى.

دەۋلەت ئەفزا — بايلىق كۆپەيتكۈچى؛
راھەتئەفزا — راھەتنى ئاشۇرغۇچى، كۆپەيتكۈچى؛
رۇھ ئەفزا — روھلاندۇرغۇچى.

**ئەفزار** افزار (پ) ئەسۋاب، ئىش قورالى.

**ئەفزاي** افزای (پ) «ئەفزا» غا قاراڭ.

«ۋەزىرى ئانىڭ مۇلكئارايى چىن،
ئانىڭ ئەقلىدە زىيبە ئەفزايى چىن»
— ئا. نىزارى.

**ئەفزايىش** افزايش (پ) زورايتىش، كۆپەيتىش؛ ئارتتۇرۇش.

**ئەفزۇد** افزود (پ) كۆپەيىش، ئارتىش، ئۇلغىيىش.

**ئەفزۇن** افزون (پ) 1) ئارتۇق، زىيادە، كۆپ؛ كۆپراق؛ 2) ئەۋزەل؛ يۇقىرى، ئۈستۈن.

«غەمزەلەرىم بارچەدىن ئەفزۇن ئېرۇر،
لەيلى مېنىڭ غەمزەمە مەجنۇن ئېرۇر»
— ئەھمەدى.

ئەدەددىن ئەفزۇن ـ سانسىز، ساناقسىز، ھېسابسىز؛
ئەفزۇن ئەتمەك ـ ئاشۇرماق، كۆچەيتمەك؛
ئەفزۇن ئەيلەمەك ـ ئارتتۇرماق؛ كۆپەيتمەك؛ كۆپەيتۇرمەك؛
ئەفزۇن بولماق ـ ئارتماق، زىيادە بولماق؛ ئارتۇقراق بولماق؛
ئەفزۇن قىلماق ـ ئارتتۇرماق، كۆپەيتۇرمەك؛
ئەفزۇن ئولماق ـ كۆپەيمەك، ئارتماق.

**ئەفزۇنلۇغ** افزون لوغ «ئەفزۇنلىغ» قا قاراڭ.

**ئەفزۇنلىغ** افزون ليغ ئارتۇقلۇق، زىيادىلىك، كۆپلۈك.

**ئەفسار** افسار (پ) نوختا، ئىزگىن.
ئەفسار ئۇرماق ـ نوختا سالماق؛ ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلماق.

**ئەفسانە** افسانه (پ) 1) ھېكايە، نەقىل، داستان؛ رىۋايەت؛ 2) يالغان، ئويدۇرما، بىمەنە سۆز؛ 3) مەشھۇر، ھەممىگە تونۇلغان؛ 4) ماختىماق؛ داۋراڭ.

«ۋۇجۇدۇم خىرمەنىدىن ھاسىلىم بىر دانەدۇر پەيدا،
ۋەلې ئول دانەدىن ئالەمدە يۈز ئەفسانەدۇر پەيدا»
— زەلىلى.

ئەفسانە ئەيلەمەك ـ ھېكايە قىلماق، چۆچەك سۆزلىمەك؛ نەقىل كەلتۈرمەك؛
ئەفسانە بولماق ـ كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چۈشمەك، تۈرلۈك رىۋايەتلەرگە سەۋەب بولماق؛
ئەفسانە سەنج ـ 1) ئەفسانە ئېيتقۇچى، ھېكايە قىلغۇچى؛ 2) سۆزگە نەزەر سالغۇچى.
تەنقىدىي نەزەر بىلەن ئاڭلىغۇچى؛
ئەفسانە قىلماق ـ رىۋايەتلەر توقۇماق؛
ئەفسانەئى دەرد ـ دەردلىك ئەپسانە، غەم ـ غۇسسە بىلەن تولغان ھېكايە؛
ئەفسانەئى ئىشق ـ ئىشق ـ مۇھەببەت ھەققىدىكى گەپلەر.

**ئەفسانە پەرداز** افسانه فرداز ھېكايە توقۇغۇچى، ھېكايىنى (چىرايلىق قىلىپ) ئېيتقۇچى.

**ئەفسانە سەراي** افسانه سرای نەقىل قىلغۇچى، ھېكايىچى.

**ئەفسانە گۇزار** افسانه كزار ھېكايە ئېيتقۇچى، سەرگۈزەشتىلەر سۆزلىگۈچى.

**ئەفسانەلىغ** افسانه ليغ مەشھۇرلۇق؛ ئەپسانىلىق؛ كۆپ سۆزلىمەكلىك.

**ئەفسانەۋەش** افسانهوش ئەپسانىۋىي؛ ناتوغرا؛ يالغان.

**ئەفسەر** افسر (پ) پادىشاھلىق تاجى، جىغا؛ تاج؛ تەخت؛ بىرەر نەرسىنىڭ بېشى، ئۇچى.

ئەفسەررۇم ــ رۇم شاھلىقى، پادىشاھلىقى؛
ئەفسەر نىگار ــ تاج نەقش بىلەن بىزىتىلگەن؛
ئەفسەرى رىفئەت ــ يۈكسەكلىك، مەرتىۋىلىك تاجى؛
ئەفسەرى گەردۇندىن ئۆتمەك ــ شاھلىق مەرتىۋىسى يۇقىرى چوققىغا كۆتۈرۈلمەك.

**ئەفسەھ** افصح (ئە) ئەڭ گۈزەل (فەسىھ) سۆزلىگۈچى، سۆزگە چېچەن (ئۇستا).
ئەفسەھۇلكەلام ــ 1) ئەڭ گۈزەل، فەسىھ سۆز ئىگىسى، سۆزگە چېچەن (ئۇستا)، ناتىق؛ 2) ماھىر يازغۇچى، روشەن بايان قىلغۇچى.

**ئەفسۇردە** افسرده (پ) روھسىزلانغان، سولغان، سولغۇن؛ چۈشكۈن، بوشاشقان؛ غەملىك.

«ۋىلايەت بولۇپ ئېردى پەژمۇردەئى،
ئەدۇ خەيلى زەربىدىن ئەفسۇردەئى»
ــ ئا نىزارى.

ئەفسۇردە دىل ــ كۆڭلى سۇنۇق، چۈشكۈن.

**ئەفسۇس** افسوس (ئە) پۇشايمان، ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش، ئەپسۇس.

**ئەفسۇن** افسون (پ) 1) سېھىر، نەيرەڭ، ھىيلە، مىكر؛ 2) جادۇ، نەيرەڭ دۇئاسى؛ جادۇگەرلەرنىڭ سېھىرى؛ 3) ئەپسانە، ھېكايە؛ نەيرەڭ.
ئەفسۇن ئەيلەمەك ــ ئالدىماق، ھىيلە ــ نەيرەڭ ئىشلەتمەك؛ سېھىرلىمەك؛
ئەفسۇن تىراز ــ سېھىرلىك؛ سېھىرچى؛
ئەفسۇنى سەۋدا ــ قارا جادۇ، ئىشق سەۋداسىغا سالىدىغان تۇمار؛
ئەفسۇنى كەشمىر ــ كەشمىر جادۇسى.

**ئەفسۇنساز** افسون ساز (پ) 1) سېھىرلىگۈچى؛ سېھىر بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلغۇچى، ھەيران قالدۇرغۇچى؛ 2) ماھىر ھېكايىچى، ئاجايىپ داستانچى.

**ئەفسۇنگەر** افسونگر (پ) سېھىرچى، سېھىرگەر، جادۇگەر.

**ئەفشان** افشان (پ) 1) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «چاچقۇچى؛ تارقاتقۇچى؛ چېچىش؛ چېچىلغان» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ؛ 2) كىتاب بېتىگە چېچىلغان زەر؛ نەقىشلىك بىزەك؛ يېزىق؛ تەۋسىپ.

«ئاھ ئۇرارمەن ھەر زەمان ئالەمگە مۇشك ئەفشان تولۇر،
چۈنكى زۇلفۇڭ بۇيىدىن كۆڭلۈم بولۇپدۇر مۇشكدار»
ــ گۇمنام.

زەرۋەرەق ئەفشان قىلماق ــ ئالتۇن زەررىسىنى چاچماق (كىتاب ۋاراقلىرىغا)؛
مۇشك ئەفشان بولماق ــ مۇشك (ئىپار) چاچماق، خۇشپۇراق تارقاتماق.

**ئەفغان** افغان (پ) 1) قايغۇ ـ ئەلەمدىن نالە قىلىش، پەرياد قىلىش، ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاش؛ ئاۋاز، سادا؛ 2) پىغانلار، پەريادلار، ناللەر.

ئەفغان ئەتمەك ـ «ئەفغان قىلماق» قا قاراڭ؛

ئەفغان ئەيلەمەك ـ يىغلىماق، داد ـ پەرياد قىلماق؛

ئەفغان تارتماق ـ نالە ـ پەرياد قىلماق؛

ئەفغان تۈزمەك ـ داد ـ ۋاي سالماق، پەرياد، نالە قىلماق؛

ئەفغان چەكمەك ـ پەرياد، پىغان چەكمەك، نالە قىلماق؛

ئەفغان قىلماق ـ پىغان چەكمەك، نالە قىلماق؛

ئەفغان ئوتى ـ ئاھۇ پەرياد ئوتى؛ ئىشق ئوتى.

**ئەفغانلىق** افغان لىق ئاھۇ پەرياد چېكىۋاتقان، پەغانلىق.

**ئەفقەر** افقر (ئە) يوقسۇلراق؛ ئەڭ يوقسۇل، ئەڭ كەمبەغەل.

**ئەفكار** أفكار (پ) «ئەفگار» غا قاراڭ.

**ئەفكەن** افكن (پ) «ئەفگەن» گە قاراڭ.

**ئەفكەندە** افكنده (پ) «ئەفگەندە» گە قاراڭ.

«ئارەزىڭ ئۈستىدە قاشلار كۆك ئانىڭ ئەفكەندەسى،
ئاي يۈكۈنۈپ، كۈن ساغىنىپ سەجدە ئەيلەر بەندەسى»
ـ ئەرشى.

**ئەفكەندەلىغ** افكندەليغ «ئەفگەندەلىك» كە قاراڭ.

**ئەفگار** افكار (پ) 1) يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن، مەجرۇھ؛ 2) ئۆرتەنگەن؛ ئېزىلگەن؛ ناچار؛ غەملىك.

ئەفگار ئەتمەك ـ يارىلاندۇرماق، جاراھەتلەندۈرمەك؛

ئەفگار ئەيلەمەك ـ جاراھەتلەندۈرمەك، ياردار قىلماق، قىينىماق، ئازابلىماق؛

ئەفگار قىلماق ـ «ئەفگار ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

ئەفگار كۆڭۈل ـ دەردلىك يۈرەك؛

ئەفگار ئولماق ـ جاراھەتلەنمەك، ئېزىلمەك؛

ئەفگار ئىستەمەك ـ قىينىماق، جەۋرى ـ جاپا قىلماق.

**ئەفگارلىغ** افكارليغ ئاجىزلىق، جاراھەتلىك، مەجرۇھلۇق، ياردارلىق.

**ئەفگەن** افكن (پ) كۆپىنچە باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «تاشلىغۇچى، ئاتقۇچى، يىقىتقۇچى؛ چۈشۈرگۈچى؛ سالغۇچى؛ تاراتقۇچى، چاچقۇچى؛ ياغدۇرغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

خەدەڭ ئەفگەن ـ ئوق ئاتقۇچى؛

زۇلمەت ئەفگەن ـ قاراڭغۇلۇق سالغۇچى؛

شەمئى نۇر ئەفگەن ـ نۇر تاراتقۇچى، چاچقۇچى شام؛

لۇئبەت ئەفگەن ـ ھەيلىگەر.

**ئەفگەندە** افكنده (پ) 1) تۆۋەن، پەست، تاشلانـدۇق؛ يىقىلـغان؛ بەختسىز، بىچارە، ئاجىز، مۇھتاج؛ 2) تەۋە، قارام.
ئەفگەندەئى بىئېتىبار — نەزەردىن قالغان كىشى، لاياقەتسىز كىشى؛
بەندەئى ئەفگەندە — تاشلاندۇق بەندە (يېزىقتا كەمتەرلىك يۈزىسىدىن «مەن» ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ).

**ئەفگەندەلىك** افكنده ليك چۈشكۈنلۈك، زارلىق، پېقىرلىق، مۇھتاجلىق، بىچارىلىك؛ زەئىپلىك.

**ئەفلاك** افلاك (ئە) [بىرلىكى: فەلەك] پەلەكلەر، ئاسمان؛ ئاسمان قەۋەتلىرى:
«يەتتە ئەفلاك ئۆزرەكىم مېئراج ئۈچۈن قويدۇڭ قەدەم،
گەردى نەئلىيىڭنى قىلمىشلەر مەلائىك تۇتىيا»
—زەلىلى

ئەفلاك جامى — ئاسمان گۈمبىزى؛ بەخت - سائادەت بەھرىمەنلىكى؛
ئەفلاك جىرمى — كۆكتىكى يۇلتۇزلار؛
ئەفلاك سەيرى — ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى؛
ئەفلاك سىفەت — ئالى سۈپەت؛
ئەفلاك شاھى — شاھلار شاھى؛ قوياش؛
ئەفلاك شەھرىستانى — بېزەكلىك پەلەكلەر؛
ئەفلاكۇ ئەنجۇم — ئاسمان ۋە يۇلتۇزلار؛
ئەفلاك ئېلى — پەلەكلەر يۇرتى، ئېلى؛ پەلەك ھەرىكىتى، يۆرۈشى؛
ئەفلاكى ئالىي — ئەڭ يۇقىرى ئاسمان؛
ئەفلاكى بەلا — بالا ئاسمىنى، بەختسىزلىك ئاسمىنى؛
ئەفلاكى كەجرەفتار — ئەگرى، تەتۇر ئايلانغۇچى پەلەك؛
ئەفلاكى مەشئەل ئەفرۇزى — يورۇقلۇق بەرگۈچى ئاسمان قەۋەتلىرى؛
پەردەئى ئەفلاك — ئاسمان پەردىسى؛
يەتتى ئەفلاك — يەتتە قات ئاسمان.

**ئەفلاكچە** افلاكچه ئالىي، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك، ئاسماندەك يۈكسەك.

**ئەفلاك رەۋ** افلاك رو (ئە + پ) ئاسمان كېزەر.

**ئەفلاك سوز** افلاك سوز (ئە + پ) كۆكنى كۆيدۈرگۈچى، ئۆرتىگۈچى.

**ئەفلەج** افلج (ئە) پالەچ كېسىلىگە يولۇققان كىشى.

**ئەفن** عفن (ئە) «ئەفەن» گە قاراڭ.

**ئەفۋ** افو (ئە) كېچۈرۈش، گۇناھىدىن ئۆتۈش؛ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش.
ئەفۋ ئەتمەك — «ئەفۋ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
ئەفۋ ئەيلەمەك — گۇناھىدىن كەچمەك، كېچۈرمەك؛
ئەفۋ قىلماق — «ئەفۋ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
ئەفۋ كۆرگۈزمەك — ئىلتىپات قىلماق، كېچۈرمەك.

**ئەفۋاج** افواج (ئە) [بىرلىكى: فەۋج] گۇرۇھلار، توپلار.

**ئەفۋاھ** افواه (ئە) ئېغىزلار.

**ئەفۋەللاھ** افوالله (ئە) تەڭرى ئەپۇ قىلسۇن؛ خۇدا ساقلىسۇن!

**ئەفئى** افعى (ئە) 1) يىلان، كاتتا يىلان، زەھەرلىك يىلان؛ 2) كۆچمە.م: چاچ، سۆيگىنىنىڭ چېچى؛ چاچ ئۆرىمى:

«مەلامەت ئاتەشىگە باقماغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن،
چۇ مارى ئەفئى يەڭلىغ چاقماغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن»
— زەلىلى.

**ئەفئى مۇئەنبەر** — خۇشبۇي قارا يىلان؛ كۆچمە.م: سۆيگىنىنىڭ قارا، خۇشبۇي چېچى؛

**ئەفئى مۇشكىن** — 1) قارا يىلان؛ 2) كۆچمە.م: قارا، خۇشبۇي چاچ.

**ئەفىف** عفيف (ئە) ئىپپەتلىك (نومۇسلۇق)، پاك، پاكىزە، تازا؛ يارامسىزلىقلاردىن خالى.

**ئەفيۇن** افيون (پ) كۆكنار، ئەپيۇن؛ قارا دورا.

**ئەفيۇن كەسرەتى** — قارا دورىنىڭ كۆپلۈكى، موللىقى.

**ئەفيۇنىي** افيونى (پ) قارا دورىخور؛ قارا دورىنى ئىستىمال قىلغۇچى ئادەم.

**ئەقاسىي** اقاصى (ئە) ئۇزاقلار.

**ئەقاقىر** عقاقر (ئە) بىرخىل دورىنىڭ نامى (ئۆسۈملۈكيىلتىزى).

**ئەقالىم** اقاليم (ئە) [بىرلىكى: ئىقلىم] ئىقلىملار، مەملىكەتلەر، قىتئەلەر، ئۆلكىلەر.

**ئەقالىمى جەھان** — پۈتۈن دۇنيا، دۇنيا مەملىكەتلىرى؛

**ئەقالىمى سەبئە** — يەتتە ئىقلىم، پۈتۈن يەر يۈزى؛ بارچە قىتئەلەر.

**ئەقەبە** عقبه (ئە) [كۆپلۈكى: ئەقەبات] 1) قىيىنچىلىق، مۇشەققەت؛ توساق؛ مۇشەققەتلىك، خەتەرلىك يوللار، تاغ يوللىرى؛ 2) كاتتا ۋە ئېغىر ئىش.

**ئەقەلل** اقل (ئە) ئەڭ ئاز.

**ئەقبە** عقبا (ئە) «ئەقەبە» گە قاراڭ.

**ئەقبەھ** اقبح (ئە) [بىرلىكى: قەبىھ] ئەڭ يامان، ئەڭ خۇنۇك.

**ئەقتاب** اقطاب (ئە) 1) قۇتبىلار؛ 2) پېشىۋالار، ئەزلىيالار؛ 3) كۆچمە.م: بىرەر گۇرۇھ ياكى قەۋمنىڭ يېتەكچىلىرى (باشلىقلىرى):

«ئاندا باردۇر قىرىق مەردانى خۇدا،
قۇتبۇلئەقتابى جەھانى ئەۋلىيا»
— زەلىلى.

**ئەقتابى زەمان** — زامانە ئۇلۇغلىرى.

**ئەقتار** اقطار (ئە) [بىرلىكى: قۇتر] 1) چەت - ئەتراپلار؛ 2) ئايلانىلار، دائىرەلەر.

**ئەقتائ** اقطاع (ئە) پارچە - پارچە نەرسىلەر، نان بۆلەكلىرى، پارچىلىرى.

**ئەقد** عقد (ئە) 1) باغلاش؛ تۈگۈن، بەند؛ 2) نىكاھ، جۈپلىشىش؛ 3) تاللاش، ئىختىيار قىلىش.

**ئەقد ئەتمەك** — «ئەقد ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

**ئەقد ئەمرى** — نىكاھقا دائىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار؛

**ئەقد ئەيلەمەك** — نىكاھ قىلماق؛ نىكاھقا ئالماق؛ تاللىماق؛ ئىگىلىمەك، قولغا ئالماق؛

**ئەقد بەزمى** — نىكاھ تويى؛

**ئەقد تەزۋىج** — نىكاھلاش؛

**ئەقد سىلكى** — باغلاش يىپى؛

**ئەقد قىلماق** — «ئەقد ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

**ئەقد مىساھى** — نىكاھ شەرتلىرى؛

**ئەقدۇ كابىن** — نىكاھ ۋە تويلۇق.

**ئەقدام** اقدام (ئە) [بىرلىكى: قەدەم] قەدەملەر؛ ھەرىكەت؛ ئەگىشىش.

«چۇ لەيلى ئىشكىغەچە گام ئۇرۇپ،
زەمان تىنمايىن يەرگە ئەقدام ئۇرۇپ»
— ئا. نىزارى.

**ئەقدام ئۇرماق** — قەدەم باسماق؛ ھەرىكەت قىلماق؛ يول يۈرمەك.

**ئەقداھ** اقداح (ئە) [بىرلىكى: قەدەھ] قەدەھلەر، كاسىلار، مەي پىيالىلىرى.

**ئەقدەس** اقدس (ئە) ئەڭ مۇقەددەس؛ پاكىراق.

**ئەقدەم** عقدم (ئە) ئەڭ ئىلگىرى، ئەڭ مۇقەددەم؛ ئىلگىرىراق، ئالدىنراق؛ يۇقىرى، ئالىي.

**ئەقدەم كۆرمەك** — يۇقىرى بىلمەك.

**ئەقران** اقران (ئە) [بىرلىكى: قەرىن] تەڭتۇشلار، تەڭ ياشتىكىلەر؛ يېقىنلار.

(داۋامى كېيىنكى سانىدا)

**مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە:** بابا رەھىم مەشرەب. رەسسام پ. ۋورونكىن. 1979 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «مەشرەب شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

**2 - بېتىدە:** ①، ② «دىۋانى ئەرشى» نىڭ قولىيازما نۇسخىسىدىن ئېلىندى. ③ موللا سالىھنىڭ خوتەندىن تېپىلغان قولىيازما نۇسخىسىدىن ئېلىندى. ④ «دىۋانى قەلەندەر» نىڭ يېڭى تېپىلغان قولىيازما نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

**3 - بېتىدە:** ئاتلىق شىرىننى كۆتەرگەن پەرھاد. XV ئەسىر ئاخىرىدا «چاھار دىۋان»غا ئىشلەنگەن سۈرەت. 1982 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن رەسىملەر» توپلىمىدىن ئېلىندى.

**4 - بېتىدە:** XVII ئەسىردىكى كىمخاپ. 1956 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ھىندىستان بەدىئىي سەنئەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.




بۇلاق (ئومۇمي 21 ـ سان)

源泉（维吾尔文，丛刊，总第21期）

شنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شنجاڭ شنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/16
1987 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

(ئۈرۈمچى شەھەرى جىەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شنجاڭ شنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
باسما تاۋىقى: 14.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1988 ـ يىل 2 ـ ئاي بېسىلىشى

ISBN7-288-00244-X/I·87

تىراژى: 1—2.500 باھاسى: 1.77 يۈەن

